ۋېي لياڭتاۋ

# يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كىرىش سۆز ............ 1

1. خانلىقنىڭ نامى ............ 3

2. ئاساسلىق تارىخي ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇش............ 9

ئىككىنچى باب تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى ــــ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر ... 51

1. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى ............ 51

2. قەمەرىددىننىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى ۋە خۇدايىداتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ............ 54

3. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋاللار ............ 58

ئۈچىنچى باب يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى............ 63

1. سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پائالىيەتلىرى ............ 63

(1) خەۋپ - خەتەرلەر ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر ...... 63

(2) پەرغانىنى ئىشغال قىلىش ............ 69

2. قەشقەرنىڭ ئېلىنىشى ھەمدە يەكەن خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ............ 73

(1) ئىستراتېگىيىنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەر رايونىغا ئەسكەر تارتىش ............ 73

(2) يەكەننىڭ پەتھە قىلىنىشى ۋە خانلىقنىڭ

قۇرۇلۇشى ........ 78

3. سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەپ، خاننىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ........ 81

(1) سەئىدخاننىڭ تاكتىكىسى ........ 81

(2) موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ........ 89

(3) جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش ........ 94

## تۆتىنچى باب خانلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ........ 105

1. مۇنارخىيىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۆسۈشى ۋە خانلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ........ 105

(1) سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشى ........ 105

(2) موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشى ........ 110

(3) ئابدۇكېرىمخاننىڭ مۇلكىي ھۆكۈمرانلىقى ........ 115

(4) مۇھەممەدخاننىڭ مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشى ۋە خانلىقنىڭ قۇدرەت تېپىشى ........ 120

2. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قوشۇۋېلىش ........ 124

(1) شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەھۋاللار ........ 124

(2) شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قوشۇۋېلىنىشى ........ 125

3. خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى ........ 128

(1) شەرقىي تەرىپى جايۇيگۇەنگىچە بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى زېمىنىغا تۇتاشقان ........ 128

(2) جەنۇبىي تەرىپى كۇئېنلۇن، ئالتۇنتاغنى

پاسىل قىلىپ، تىبەت، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاشقان ........................ 132

(3) غەربىي جەنۇبىي تەرىپى قاراقۇرۇم تېغىنى پاسىل قىلىپ، تىبەتتىكى لاداق، بولۇر بىلەن تۇتاشقان ........................................ 134

(4) غەربىي تەرىپى پۈتكۈل پامىر، خىۋە ۋە ۋاخان رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە جايلار بىلەن قوشنا بولغان، ئۆزبېكلەر بىلەن ئالاي تېغىنى پاسىل قىلغان...... 137

(5) شىمالىي تەرىپى تىيانشان تىزمىسىنى پاسىل قىلىپ، قازاقلارنىڭ، قىرغىزلارنىڭ، ئويراتلارنىڭ زېمىنى بىلەن قوشنا بولغان ................................ 141


## بەشىنچى باب خانلىقنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە ھالاكىتى


ۋە ھالاكىتى ........................................ 158

1. خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى........................ 158

(1) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى ........................................................ 158

(2) نەقشىبەندىيە مەزھىپى .......................... 160

(3) خوجىلار جەمەتىنىڭ كۈچىيىشى ................ 164

(4) خوجا ئىسھاقنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى پائالىيەتلىرى ................................................ 166

(5) قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەتكە قول تىقىشى...................................................... 169

2. خانلىق ھوقۇقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە خانلىقتىكى ماجىرالار .............................................. 171

(1) سۇلتان ئەھمەدخان دەۋرىدىكى سۇلتان ۋە ئەمىرلەر توپىلىڭى ........................ 171
(2) ئابدۇلېتىپخان دەۋرىدە قاراتاغلىق خوجىلار تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى ........................ 181
(3) سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان دەۋرلىرىدە مەركەزدىكى خان ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى ........................ 188
3. ئابدۇللاخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەكەن خانلىقى ........................ 192
(1) ئابدۇللاخاننىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى ........................ 192
(2) ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى ۋە جازا يۈرۈشى ... 196
(3) ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش ........................ 201
(4) مانجۇلار، قىرغىزلار ۋە ئويراتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ........................ 203
(5) ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە يولۋاسخاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىشى ........................ 208
(6) ئىسمائىلخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ........................ 217
(7) خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى 219
(8) يەكەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ........................ 221
(9) ئاخىرقى سۆز ........................ 222
ئالتىنچى باب خانلىق تۈزۈلمىسى ۋە ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ........................ 240
1. خانلىق تۈزۈلمىسى ........................ 240

(1) قۇرۇلتاي ۋە تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ......... 241
(2) سۈيۇرغال بېرىش تۈزۈمى ۋە نائىب (ۋالىي) نىڭ
هوقۇقى ......................................... 243
2. خانلىقنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ................... 245
(1) ھەربىي ئەمەلدارلار .............................. 246
(2) ئوردا ئەمەلدارلىرى................................ 250
(3) مەركەز ئەمەلدارلىرى.............................. 252
(4) دىنىي زاتلاردىن قويۇلغان مەخسۇس
ئەمەلدارلار ...................................... 255
(5) يەرلىك ئەمەلدارلار تۈزۈمى ...................... 258
يەتتىنچى باب ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادى ۋە
مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان........... 264
1. ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئومۇمىي ئەھۋالى.............. 264
(1) ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى................ 264
(2) يەر تۈزۈمى ۋە يېزىلارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالى...... 268
(3) دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقى .................. 276
(4) سودا ـ سانائەت ئەھۋالى ........................... 281
(5) نوپۇس ئەھۋالى ................................... 285
2. قىسقىچە مەدەنىيەت ئەھۋالى........................... 289
قوشۇمچە( I )شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
نەسەبنامىسى........................................ 298
قوشۇمچە( II )شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى ........................... 299
قوشۇمچە ( III ) يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
نەسەبنامىسى....................................... 300
قوشۇمچە (IV ) يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەختتە
ئولتۇرغان يىللىرى................................ 301
قوشۇمچە ( V ) چوڭ ئىشلار خاتىرىسى............... 302

# بىرىنچى باب

## كىرىش سۆز

يەكەن خانلىقى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى، تېخىمۇ توغرىراقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى سەئىدخان تەرىپىدىن 1514 - يىلى قۇرۇلغان دۆلەت. بۇ خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئۇنىڭغا چېگرىداش بەزى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ پايتەختى ياركەنت(بۈگۈنكى يەكەن) ئىدى. 1680 - يىلى جۇڭغارىيە خانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە، يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى ئۇلارنىڭ زېمىن دائىرىسىگە قوشۇۋېلىنغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە، خانلىقتىكى ھۆكۈمران مىللەت — موڭغۇللار ئۇيغۇرلىشىش ۋە ئىسلاملىشىش جەريانىنى تاماملاپ، ئاخىر ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتتى. يەنە دەل مۇشۇ دەۋردە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا شەكىللەنگەن ئىككى مەدەنىيەت - سىياسىي رايونى، يەنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى - سىياسىي رايونى بىلەن تۇرپاننى مەركەز قىلغان بۇددا مەدەنىيىتى - سىياسىي رايونى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىسلاملىشىش جەريانى تاماملاندى. مەدەنىيەت، سىياسىي جەھەتتىكى بۇنداق بىرلىككە كېلىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزىگە قوشۇپ، ئۆزىنى يېڭى قان بىلەن تولۇقلاپ، قەدىمىي بىر مىللەتتىن ئۆزىنى كۆپەيتىش، زورايتىش ئارقىلىق يېقىنقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى. يەنە دەل مۇشۇ دەۋردە، قەدىمىي تارىخىي مەنبەگە ئىگە قازاق، قىرغىز، تاجىك مىللەتلىرىمۇ ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى؛ ئويرات موڭغۇللىرى ۋە خۇيزۇلارمۇ

ئۈزلۈكسىز ئاۋۇپ، زورىيىپ، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئايلاندى.

يەكەن خانلىقى دەۋرى شىنجاڭ تارىخىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت قايتا گۈللەنگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. غەربىي لياۋ (قارا خىتاي) ئىمپېرىيىسى ھالاك بولۇپ، موڭغۇل چەۋەندازلىرى بۇ رايونغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ھەر يىلى ئۇرۇش، بۇلاڭ - تالاڭ داۋاملاشتى، جەمئىيەت داۋالغۇپ، نوپۇس ئازايدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى چاغاتاي خانلىقىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار بىلەن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىش تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئىدىيەۋى خاھىشتىكىلەرنىڭ، سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرىشى نەتىجىسىدە كېيىنكى سىياسىي كۈچنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە نىسپىي تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت بارلىققا كەلگەچكە، ئىگىلىك ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى ھەمدە ئاستا - ئاستا روناق تاپتى. مەدەنىيەتمۇ ئىقتىسادقا ئەگىشىپ ئەسلىگە كېلىپ يۈكسەلگەچكە، بەزى مۇئەللىپلەر ۋە داڭلىق ئەسەرلەر، ئالايلۇق، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات يازغان «تارىخى رەشىدى» ، شاھ مەھمۇد جوراس يازغان«سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ( «تارىخى رەشىدى. زەيلى» ) قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. مۇزىكا، ئۇسسۇل ئىشلىرىمۇ مىسلىسىز گۈللەندى، ئاتاقلىق «12مۇقام» يەكەن خانلىقى دەۋرىدە مۇقىملاشتى.

غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلار مىڭ سۇلالىسى بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان يولنى «ئالتۇن يول» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاشقا تىرىشتى، ئۇرۇش مەزگىللىرىدىمۇ، بۇ يولدا ئولپانچىلارنىڭ، ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مىڭ سۇلالىسى شىمالىي چېگرىدىكى ئاۋارىچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش، شۇنىڭ بىللە ئىقتىسادىي جەھەتتە

غەربىي يۇرتقا بولغان ئېھتىياجىنى، بولۇپمۇ بۇيەردىن چىقىدىغان ئېسىل ئاتلارغا ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يەكەن خانلىقى بىلەن بولغان ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاشقا تىرىشتى. چىڭ سۇلالىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەكەن خانلىقى چىڭ سۇلالىسىگە ئولپان يوللاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياخشى مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلىدى، بۇ كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوننى بىۋاسىتە ئىدارە قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

يەكەن خانلىقى دەۋرى غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد، سىياسىي تۈزۈم، دىن، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا زور ئۆزگىرىش بولغان ھەمدە ئۇ يېقىنقى زامانغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش يېقىنقى زاماندا شىنجاڭدا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە پسىخىكىسى (روھىي ھالىتى) نى چۈشىنىشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

## 1. خانلىقنىڭ نامى

«يەكەن خانلىقى» يېقىنقى زاماندىكىلەر سەئىدخان قۇرغان دۆلەتكە قويغان نامدۇر. XVI - XVII ئەسىرلەردە يەرلىك ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ① بۇ دۆلەتنى موغۇل مەملىكىتى ياكى موغۇلىيە ۋە ياكى موغۇلىستان دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ ناملار «موڭغۇل ئېلى» ② دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى ئالىملار «موغۇل» دېگەن بۇ پارسچە نامنى خەنزۇچىغا «蒙兀儿» ياكى «莫卧尔» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ توغرا ئەمەس. خەن رۇلىن ئەپەندى 1943 - يىلى موغۇل (moghul) — «پارسلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ موڭغۇل (mongghol) دېگەن خەتنى خاتا ئوقۇشى» دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭىنى

تەپسىلىي تەھقىقلەپ، « 蒙兀儿 » دېگەن تەرجىمە نام پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ③ دەپ يەكۈن چىقارغان. يېقىنقى يىللاردا ياڭ جىجيۇ ئەپەندى خەن رۇلىن ئەپەندىنىڭ « 蒙兀儿 » دېگەن بۇ نامىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. 蒙兀 نىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىنى ئالساق، شۇ دەۋردە 兀 خېتىنىڭ ئوقۇلۇشى ئاخىرقىي تاۋۇش R نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، يەنى 蒙 نىڭ ئوقۇلۇشىغا يەنە R تاۋۇشى قوشۇلسا چومنىڭ ئۈستىگە ئېگەر توقۇلغاندەك ئىش بولىدۇ» ④ دېگەن يەكۈننى قايتا تەكىتلىدى. موغۇل سۆزى پارسلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ موڭغۇلچە «موڭغۇل» دېگەن سۆزنى خاتا ئوقۇشى ۋە خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىشى بولغاچقا، موغۇل سۆزىنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلغاندا، ئەسلىي سۆز «موڭغۇل» نىڭ ئەنئەنىۋى تەرجىمە نامى بويىچە ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم. ئېلىمىز ئالىملىرى پارسچە ئىككى داڭلىق ئەسەر — جۇۋەينى يازغان «تارىخى جاھانكۇشاي» بىلەن راشىددىن يازغان «جامىئۇل تاۋارىخ» ⑤ نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا، موغۇلنى « 蒙兀儿 » ياكى « 莫卧尔 » دەپ تەرجىمە قىلماي، « 蒙古 » دەپ تەرجىمە قىلغان ⑥ . دېمەك، نام ئىگىسىگە بويسۇنۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، سەئىدخان قۇرغان بۇ دۆلەتنى «موڭغۇل دۆلىتى» دەپ ئاتاش كېرەك. لېكىن، سەئىدخاننىڭ ئاساسەن بىر دەۋردە ياشىغان بىر نەۋرە جىيەنى بابۇر شىمالىي ھىندىستاندىمۇ يەرلىك ئاپتورلار موغۇل ئىمپېراتورلۇقى دەپ ئاتىغان بىر دۆلەت قۇرغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقىي مەزگىلىدە خرىستىئان مىسسىئونېرى (دىن تارقاتقۇچىسى) ماتېئورىس سىزغان«تاغ - دەريا ۋە زېمىن خەرىتىسى» دە، ئۇ دۆلەتنىڭ نامىنى « 莫卧尔 » دۆلىتى دەپ تەرجىمە قىلغان. 1895- يىلى ئېلىئاس رۇس، ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان «تارىخى رەشىدى» نى نەشر قىلدۇرغاندا، ئۇ كىتابنىڭ «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات يازغان تارىخى رەشىدى» دېگەن باش ماۋزۇسىغا «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى » دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇنى قوشۇپ، بۇنى كىتابنىڭ نامى قىلغان. 1898 - يىلى بۇ كىتاب قايتا بېسىلغاندا، ئۇ يەنە باش ماۋزۇ بىلەن قوشۇمچە ماۋزۇنى تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئېلىئاس «قايتا نەشرىگە كىرىش

سۆز» دە: «‹موغۇل تارىخى توغرىسىدا›، دېگەن بۇ ئاددىي ماۋزۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ بەك جەلپ قىلىسىمۇ، لېكىن موغۇل دېگەن بۇ نام ئادەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ھىندىستان ھۆكۈمرانلىرىنى كۆرسەتكەچكە، ئۇ كىشىلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار ئەمەلىيەتتە ئۇلار قۇرغان خانلىقتا ناھايىتى ئاز چېتىلىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇ كىشىلەرنى خاتا چۈشەنچىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، موغۇللار دېگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئوتتۇرا ئاسىيادا دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى قوشۇپ، ئۇنى كىتاب نامى قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىشمۇ كىشىلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالالمىغان، چۈنكى بابۇر قۇرغان دۆلەت دەسلەپكى مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دائىرىسىدە ئىدى ⑦ ، XVIII ئەسىرگە كەلگەندە بۇ دۆلەتنىڭ زېمىن دائىرىسى ئاندىن ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەركىزى يەنىلا شىمالدا ئىدى. «تارىخى رەشىدى» نى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ھىندىستاندىكى « 莫卧尔 » لاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىتاب نامىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرى تارىخى» « 中亚蒙兀儿史 » ⑧ دەپ تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى « 蒙兀儿 » بىلەن « 莫卧尔 » موغۇل سۆزىنىڭ ھەر خىل خەنزۇچە تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ياكى ياۋروپالىقلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدىكى «موغۇل» دېگەن نامدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ، شۇڭا « 蒙兀儿 » دېگەن نامنىمۇ «پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دېمەي بولمايدۇ. ئۇنداقتا موڭغۇل( 蒙古 ) دەپ تەرجىمە قىلىش ياخشىراقمۇ؟ بۇ كىشىلەردە تېخىمۇ ئاسان خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى، سەئىدخان بىلەن ئىمپېراتور بابۇر قۇرغان دۆلەت موڭغۇل دۆلىتى( 蒙古国 ) دەپ ئاتىلىپلا قالماي، چىڭگىزخان قۇرغان دۆلەتمۇ موڭغۇل دۆلىتى دەپ ئاتالغان. شۇڭا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى يۇدىن: سەئىدخان قۇرغان دۆلەتنى موغۇلىيە دەپ ئاتىغان ياخشى ⑨ دېدى. روشەنكى، بۇ بىر ئىلمىي ئاتالغۇ كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ سىرلىق ۋە ناتونۇش بولغاچقا،

ئۇنىڭ بۇ مۇراجىئىتىگە 20 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئاۋاز قوشمىدى.

1978 - يىلى تۇنجى نەشر قىلىنغان، 2 - يىلى يەنە قايتا نەشر قىلىنىپ دۇنيادا خېلى زور تەسىر قوزغىغان «تايمىس دۇنيا ئاتلىسى» ۋە بۇ ئاتلاسنىڭ خەنزۇچە نەشرىدە ⑩ سەئىدخان قۇرغان دۆلەت «قەشقەر خانلىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئېھتىمال «تارىخى رەشىدى» دە تىلغا ئېلىنغان «قەشقەر خانلىقى» (قەشقەرىيە) دېگەن نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ⑪ ، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ نامنى بىر نەچچە قېتىم قوللانغان: بىرىنچى قېتىمدا، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرى ئىچىدە توقۇنۇش يۈز بېرىپ، مىرزا ئابابەكرى يۇنۇسخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن مۇھەممەد ھەيدەرنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ جەمەتنىڭ بارلىق مىراس - زېمىنىنى كونترول قىلغان، «بۇ چاغدا، مىرزا ئابابەكرى پۈتكۈل قەشقەرىيە (قەشقەر خانلىقى) نى تەلتۆكۈس كونترول قىلدى» ⑫ دېيىلگەن؛ ئىككىنچى قېتىمدا، سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەنجانغا قىلغان ھۇجۇمىنى تارمارقىلغاندىن كېيىن، سەئىد مۇھەممەد دوغلات: بۇ غەلىبە «پۈتكۈل قەشقەرىيىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى بولدى» ⑬ دېگەن؛ ئۈچىنچى قېتىمدا، بۇ كىتابنىڭ بىر ماۋزۇسىغا «يېڭىسارنى ئىشغال قىلىش — قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان⑭ ، تۆتىنچى قېتىمدا، سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرى جەمەتىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىغا ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن «بۇ خان ھىجرىيە 920 - يىلى رەجەپ ئېيى (7 - ئاي) دا قەشقەرىيىنى ئۆتكۈزۋالدى» ⑮ دېيىلگەن. يۇقىرىقى تۆت مىسالدىن بىز «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا بېيئەت قىلمىغان دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرى جەمەتىنىڭ مىراس - زېمىنىنى، تېخىمۇ توغرىراقى مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنىنى «قەشقەرىيە» دەپ ئاتىغانلىقىنى ھەمدە سەئىدخان قۇرغان يېڭى دۆلەتنى «قەشقەرىيە» دەپ

ئاتىمىغانلىقىنى، بۇ «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى «كاشغەر» سۆزىنى دائىم قوللانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. لېكىن، ئېلئاس «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىغا يازغان كىرىش سۆزىدە: «بۇ كىتابتا قەيت قىلىنغان ‹قەشقەر› دېگەن نام مۇقىملاشتۇرۇلمىغان ئۇقۇم، كىشىلەر دائىم دېگۇدەك بۇ نامنىڭ يا ‹قەشقەر› شەھىرىنى ۋە شۇ نام بىلەن ئاتالغان رايوننى ۋە ياكى پۈتكۈل ئالتەشەھەر رايونى — غەربىي يۇرتنىڭ ئالتەشەھەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالىدۇ» [16] دەپ كۆرسەتتى. ئەگەر رايونغا بېرىلگەن نام بويىچە ئالغاندا، سۇلتان سەئىدخان قۇرغان بۇ دۆلەتكە تەۋە ئاساسلىق رايون ئەينى چاغدا «ماڭلاي سۈيەر» («ئاپتاپقا باققان زېمىن») دەپ ئاتالغان، نام ئىگىسىگە بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە، ئۇ «ئاپتاپقا باققان ئەل» ياكى «ئاپتاپقا باققان خانلىق» دەپ ئاتالغان بولسا توغرا بولاتتى. ئەگەر پايتەختنىڭ نامى بويىچە ئالغاندا، بۇ دۆلەت قەشقەرنى زادىلا پايتەخت قىلمىغان، شۇنداق ئىكەن، بۇ دۆلەتنى «قەشقەر خانلىقى» دەپ ئاتىسا مۇۋاپىق بولمايدۇ.

هازىر ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئادەتتە سۇلتان سەئىدخان قۇرغان دۆلەتنى «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، بۇ تەزكىرىنىڭ 4 - جىلدىدا: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرتتىكى جايلار بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، بۇ جايلار ئىچىدە يەكەن ھەممىدىن چوڭ جاي ئىدى» دېيىلگەن. «يەكەن خانلىقى» دېگەن ناممۇ تارىخىي ئادەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇ خانلىق بىلەن ئاساسەن بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ پايتەختىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقى يازما يادىكارلىقلاردا قەيت قىلىنغان، بۇنىڭغا «بۇخارا خانلىقى»، «قوقەن خانلىقى»، «خىۋە خانلىقى» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، يېقىندا بەزى ئالىملار سۇلتان سەئىدخان قۇرغان دۆلەتنى «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئېھتىمال

سەئىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى، يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن يېڭى خانلىققا ئۆزگەرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. لېكىن بۇ ئىككىسى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ھاكىمىيەتتۇر، ناۋادا، چوقۇم «چاغاتاي» سۆزى ئارقىلىق «خانلىق نەسەبى» نى ئىپادىلەش زۆرۈر بولسا، «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دېگەندىن كۆرە، «جەنۇبىي چاغاتاي خانلىقى» دېگەن تۈزۈك. چۈنكى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئەسلىدىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي يېرىم قىسمىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى«موغۇلىستان» ئىدى، شۇڭا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا، ئۇ«بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار ئەتراپلىرى-ت) ئېلى» دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ پايتەختى ئىلبالىققا يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنە «ئىلبالىق ئېلى» دەپ ئاتالغانىدى، ھالبۇكى، سەئىدخان ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزىي قىسمى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى «ئاپتاپقا باققان زېمىن» ئىدى. يەنە بەزى ئالىملار سەئىدخان قۇرغان ھاكىمىيەتنى «سەئىدىيە خاندانلىقى» ياكى «سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلىدۇ، دەرۋەقە، تارىختا«چاغاتاي خاندانلىقى» ، «تېمۇرىلەر خانلىقى» دېگەنگە ئوخشاش مىساللار بولسىمۇ، لېكىن ھازىر بۇنداق ناملار ناھايىتى ئاز قوللىنىلىدۇ.

مەملىكەت ئىچىدىكى ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئالىملىرىنىڭ «يەكەن خانلىقى » دېگەن نامنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىۋاتقانلىقىنى ھەمدە بۇ نام خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تەن چىشياڭ ئەپەندى باش تە مۇھەررىر بولغان، ئىلىم ساھەسىدە خېلى داڭلىق «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» دىمۇ «يەكەن» دېگەن نامنى سەئىدخان قۇرغان دۆلەتنىڭ نامى قىلغان [17] . بىز قوللىنىۋاتقان نام بويىچە بۇ دۆلەتنىڭ نامىنى «يەكەن خانلىقى» دەپ ئاتىشىمىز كېرەك. بۇ «قاراخانىيلار سۇلالىسى» دېگەنگە ئوخشاش يېقىنقى زاماندىكىلەر قويغان نام بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنىپ، ھەممە ئېتىراپ

قىلىدىغان خانلىق نامىغا ئايلىنىدۇ.

## 2. ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇش

### (1)

1. «تارىخى رەشىدى». بۇ يەكەن خانلىقىغا دائىر مۇھىم تارىخىي كىتاب. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات (1499 — 1551) دوغلات جەمەتىدىن چىققان. ئۇنىڭ بوۋىسى چاغاتاي خانلىقىدا ھەربىي ئاقسۆڭەك ئىدى، XIV ئەسىردىن كېيىن دوغلات جەمەتىنىڭ كۈچى تېز قۇدرەت تاپقاچقا، بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ كۆپ قىسمى بۇ جەمەتنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىغا ئايلانغان. مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزا يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمىرى — ئۇلۇسبېگى بولغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەرمۇ بۇ خانلىقتا مۇھىم ئەمەل تۇتقان بولۇپ، سەئىدخاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى ئىدى، شۇڭا ئۇ ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى مۇھىم ئىشلارنى بىلىپ تۇراتتى ھەمدە كۆپ قېتىم قوشۇن باشلاپ ھەربىي يۈرۈش قىلغانىدى. لېكىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، خانلىق ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە دوغلات جەمەتىگە قاتتىق زەربە بەرگەچكە، مۇھەممەد ھەيدەر ھىندىستانغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان، ئۇ كېيىن كەشمىرگە بېرىپ، يەرلىك ھۆكۈمران بولغان. ئۇ شۇ يەردە «تارىخى رەشىدى» ناملىق تارىخىي كىتابنى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە، بۇ كىتابنى ۋەتىنىمىزنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بېغىشلاپ يازدىم، دېگەن.

«تارىخى رەشىدى» ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان، بىرىنچى قىسمى، يەنى رەسمىي تارىخ قىسمىدا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ سالنامىسى، 1347 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ 1533 - يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاپتورنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەدنى ئۆلتۈرگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدىكى بۇرۇنراق ۋاقىتلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار، ئاساسلىقى بەزى رىۋايەتلەر ۋە شەرەفىدىن يەزدى يازغان «زەفەرنامە» («تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھەربىي تۆھپىلىرى») دىن كەلگەن، كېيىنرەك ۋاقىتلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ئۆزىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان. ئاپتور بۇ قىسىمنى 1544 - يىلى يېزىشقا كىرىشىپ 1547- يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن. 2 - قىسىمدا ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۆزى ياشىغان دەۋرىنىڭ تارىخى، ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان يىلى (1499- يىلى) دىن باشلاپ، ئۇ 2 - قېتىم كەشمىرگە بارغان يىلى (1541- يىلى) غىچە بولغان ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. ئاپتور 2 - قىسمىنى 1541- يىلى يېزىشقا كىرىشىپ، 1544 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن. 2 - قىسمى 1 - قىسىم ئۈچۈن ماتېرىيال تەييارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى 1 - قىسىمدىن بىر ھەسسە كۆپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسىي كۈرەش، ھەربىي پائالىيەتلەرگە دائىر نۇرغۇن جانلىق كارتىنىلار ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭغا يەنە خان - پادىشاھلارنىڭ قىلمىش مىزانى كىرگۈزۈلگەن.

«تارىخى رەشىدى»گە تارىختىن بۇيان يۇقىرى باھا بېرىلىپ كەلدى ⑱ . ئاپتور خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىدى، ئەسلى كىتاب پارسچە يېزىلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا خېلى كەڭ تارالغان بولۇپ، خېلى كۆپ كۆچۈرمە نۇسخىسى قېپقالغان. «تارىخى رەشىدى» نى رۇس، ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان، ئېلىئاس ئۇنى تەھرىرلىگەن ۋە ئىزاھلىغان ھەمدە ئۇنىڭغا تەتقىقات خاراكتېرلىك ئۇزۇن كىرىش سۆز يازغان، بۇ كىتابنىڭ ئاشۇ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1895 - يىلى

نەشر قىلىنغان؛ 1898 - يىلى 3 - قېتىم نەشر قىلىنغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى بۇ كىتابنى ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، ۋاڭ جىلەي ئۇنى سېلىشتۇرۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھ بەرگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 -، 1986 - يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخى رەشىدى» دېگەن نام بىلەن ئىككى قىسىم كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان.

2. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار». بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مەخسۇس كىتابتۇر. ئۇ كىتاب كېيىنرەك (1915- يىلى) تېپىلغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىرلا كۆچۈرمە نۇسخىسى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن (يازما يادىكارلىقلاردا خوتەن رايونىدا ئۇنىڭ يەنە بىر كۆچۈرمە نۇسخىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، هازىرغىچە تېپىلمىدى)، هالبۇكى، بۇ بىردىنبىر كۆچۈرمە نۇسخىمۇ كۆپ يىللاردىن بېرى يوقاپ كېتىپ، 1945- يىلغا كەلگەندە موسكۋادىكى لېنىن كۇتۇپخانىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ كۆچۈرمە نۇسخىنىڭ رەسىمگە ئېلىنغان نۇسخىسىمۇ بار، بۇنى بارتولد سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسىيا مۇزېيىدا سۇرەتكە تارتقۇزغان. بارتولد هايات چېغىدا بۇ كىتابنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان.

«سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ ئاپتورى شاھ مەھمۇد ئىبنى مىرزا فازىل جوراسنىڭ بوۋىسىمۇ سەئىدخانغا ئەگىشىپ قەشقەرگە هەربىي يۈرۈش قىلىپ كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان. مۇھەممەدخان (1592 — 1609) ۋە ئەھمەدخان (1609 — 1618) هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە جوراس جەمەتىنىڭ ئورنى ئۆسكەن، ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى كەسكىنلەشكەن، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەن دەۋردە ياشىغان، توققۇز خاننىڭ ئالمىشىشىنى، جۇڭغارىيە قوشۇنلىرىنىڭ بېسىپ

كىرىشىنى ۋە خانلىقنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق، ئۇ تەخمىنەن XVII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا تۇغۇلۇپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، 70 ـ 80 ياشلاردا ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن.

«سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» تەخمىنەن 1672-، 1676 - يىللاردا «تارىخى رەشىدى» نىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىلغان. ئاپتور بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا «تارىخى رەشىدى» نىڭ مەزمۇنىنى كىرگۈزگەن، كېيىنكى قىسمىنى ئۆزى يازغان، بۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىققان ۋاقىت (1533- يىلى) دىن باشلاپ ئاپتور كىتاب يازغان ۋاقىت، يەنى ئىسمائىلخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن خانلىقنىڭ ھالاك بولۇشىغىچە بولغان بىرنەچچە يىل ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ كېيىنكى قىسمى، يەنى ئۆزى بايان قىلغان قىسمى، ئاساسلىقى ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىياللار — ئاپتورنىڭ جەمەتىدىكىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مەلۇمات ۋە رىۋايەتلەردۇر، ئۇ كېيىنكى قىسمىنى بەزى ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلغانلاردىن ئاڭلىغانلىرى ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان. شۇڭا بۇ قىسىم ئاساسەن 1 - قول ماتېرىياللار بولۇپ ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» پارسچە يېزىلغان، بارتولدنىڭ بۇ كىتابقا بەرگەن باھاسى ئانچە مۇۋاپىق بولمىغان ⑲ ، ئاكمۇشكىن بۇ كىتابنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ئەنئەنىۋى ئوردا تارىخنامىلىرىنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدۇ، «ئۇ كىتاب ئەڭ ئاددىي تىل بىلەن يېزىلغان، ئۇنىڭدا كىشىنى گاڭگىرىتىدىغان ماقال - تەمسىللەر، ئارتۇقچە ۋە دەبدەبىلىك سۆزلەرمۇ، ئاجايىپ - غارايىپ جۈملىلەرمۇ يوق دەپ قارىغانىدى، لېكىن ئۇ يەنە ئاپتورنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلماقچى بولۇپ، ئىمكانقەدەر ئەرەبچە ئىبارە ۋە سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، پۈتكۈل ئەسەرنىڭ تىلىنى ياخشى ماسلاشتۇرالماي كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمىدى

⑳ . بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ بىر تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ، ئۇنىڭدا توغرا ۋاقىت قارىشى كەمچىل، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنىڭ يىل - دەۋرى ۋە ئاي، كۈنى يوق، شۇڭا باشقا تارىخىي كىتابلارغا ئاساسلىنىپ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى بېكىتىش زۆرۈر.

ئاكىمۇشكىن «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ ئاپتورى ئۆزى يازغان قىسمىنى، يەنى كېيىنكى قىسمىنى سىلىشتۇرۇپ بېكىتتى، ئىزاھلىدى ھەمدە ئۇنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1976 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلدۇردى. رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاكىمۇشكىن 123 بەتلىك تەتقىقات خاراكتېرلىك كىرىش سۆز يازدى، بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىغا سىلىشتۇرۇپ چىقىلغان پارسچە ئەسلى تېكىست قوشۇمچە قىلىندى، شۇڭا ئۇ كىتابنى ئىلمىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئەسەرنىڭ رۇسچە ئىزاھلىرىدا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، ھالبۇكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ كۆپى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا، ئۇلار تاھازىرغىچە ئاشكارا ئېلان قىلىنمىدى، لېكىن ئۇلار يەكەن خانلىقىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ*.

3 . «ئەنىس ئەل تالىبىن» ( «ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى» ) . بۇ شاھ مەھمۇد جوراس قالدۇرۇپ كەتكەن يەنە بىر ئەسەردۇر، ئۇ تەخمىنەن 1669 - يىلى «تارىخى رەشىدى» دىن 20 يىل كېيىن پارسچە يېزىلغان. «ئەنىس ئەل - تالىبىن» نىڭ پارسچە يېزىلغان بىرلا كۆچۈرمە نۇسخىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھازىر ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا N0 . 45 نومۇردا ساقلانماقتا. بۇ بىر ئەنبىيالار تەزكىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يەكەن خانلىقىدا ئۆتكەن بەزى[①]

ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە قاراتاغلىقلار بىلەن ئاقتاغلىقلارنىڭ كۈرەشلىرىگە دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. بۇ

---

① * بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1988 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى — تەھرىردىن.

تەزكىرىدىكى «ئەنبىيالار» دۇنيا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭدا شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر ئەھۋاللار بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لېكىن ئاپتور قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ سادىق مۇرىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى، دىنىي مەزھەپ كۆرەشلىرىگە دائىر مەسىلىلەرنى رېئال ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ كىتابنىڭ ئىسھاق ۋەلىنىڭ دىنىي پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ مۇھەممەدخان بىلەن بولغان ئالاقىسىگە دائىر مەزمۇنلىرى ئاساسەن ئۆزى يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دىن كۆچۈرۈلگەن.

بۇ ئەسەرنى كېيىن ئەبۇ مەنسۇر«رافى چال - تالىبىن» (يەنىلا «ھەقىقەن ئىزدىگۈچىلەر دوستى» دېگەن مەنىدە) دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئاتاقلىق ئەمىر دۆلەتشاھبېك ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوسمانشاھبېككە تەقدىم قىلغان. ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ دائىم نەقىل ئېلىنىدىغان قولىيازما نۇسخىسى 1855 - يىلى ئاقسۇدا كۆچۈرۈلگەن. كىشىلەر بۇ قولىيازما نۇسخىسىنى پارسچە ئەسلى تېكىستكە سېلىشتۇرۇپ، تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى بايقىغان. بۇ ئۇيغۇرچە قولىيازما نۇسخا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە B771 نومۇردا ساقلانماقتا. 1973- يىلى م. ئا. سالاھىدىنۇۋا ئۇنى قىسقارتىپ رۇسچىغا تەرجىمە قىلدى، بۇ تەرجىمە «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ 1 - سانىغا كىرگۈزۈلدى.

4. «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى»). بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مەھمۇد ئىبن ۋەلى بەلختە ياشىغان. ئۇ ئۆزبېك ھۆكۈمرانى قادىر مۇھەممەدنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشىپ، تەخمىنەن 1641 - يىلى تاماملىغان. ئۇ پارسچە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، ئۇ جەمئىي يەتتە جىلد، ھەر بىر جىلد ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ، پالچىلىق، جۇغراپىيە ۋە ئومۇمىي تارىختىن ئىبارەت تۆت قىسىمنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تېپىلغان ئۈچ قولىيازما نۇسخىسىنىڭ ھېچقايسىسى تولۇق ئەمەس. ئۇنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن 6 - جىلدى تۆۋەندىكى تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان: 1. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە پېرسىيىدىكى ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى؛ 2. چاغاتاي ئەۋلادلىرى (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى) تارىخى؛ 3. جۇجى ئەۋلادلىرىنىڭ — ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى؛ 4. ئاستىراخان خانلىقىنىڭ تارىخى. بۇ كىتابنىڭ يەكەن خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللىرى، ئاساسلىقى، يەكەن خانلىقىدا نەزەردىن چۈشۈپ قالغاچقا، يەكەندىن بەلخكە قېچىپ بارغان بەزى ئەمەلدار - تۆرىلەردىن كەلگەن، ئۇنىڭدىكى بەزى تارىخىي ماتېرىياللار، ئالايلۇق، تۇرپان ھاكىمىيىتى بىلەن يەكەن ھاكىمىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە باشقا تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن.

بۇ كىتابنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئۈچ قولىيازما نۇسخىسى بار: 1. جورابېك قولىيازما نۇسخىسى، ئۇنىڭدا 6 - جىلدنىڭ ئالدىنقى ئۈچ بابىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ جورابېك جەمەتىنىڭ ئىلكىدە تۇرغان، ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ئاشۇ قولىيازما نۇسخىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى N0.82 نومۇردا ساقلانماقتا؛ 2. بۇ كىتابنىڭ لوندوندىكى ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدا 6 - جىلدنىڭ تۆت بابىلا بار، ئۇنىڭغا بۇرۇن N0.1496، ھازىر N0.575 نومۇر قويۇلغان؛ 3. تاشكەنتتە يېڭى تېپىلغان نۇسخا، ئۇنىڭدا پۈتۈن كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمى ۋە 3 -، 4 - بابىلا بار، ئۇنىڭغا N0.2372 نومۇر قويۇلغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ قولىيازما نۇسخىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاشكارا ئېلان قىلىنمىدى، خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان غەرب تىل - يېزىقلىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنمىدى، مەملىكىتىمىزدىكىلەر بەزى تەتقىقات ئەسەرلىرىدىكى نەقىللەر ۋە تونۇشتۇرۇشلاردىن ئۇ كىتاب ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولدى، مەن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدىن بۇ كۆچۈرمە نۇسخىلارنىڭ سۈرەتكە ئېلىپ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى مەملىكىتىمىزگە ئېلىپ كىرىشنى ئۆتۈنىمەن.

5. «تارىخى ھەيدەر». ئاپتورى پېرسىيىلىك تارىخچى ھەيدەر ئىبن ئەلى ھۈسىيىن رازى. ئۇ 1611 ـ يىلى بۇ تارىخىي ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ، 1619 ـ يىلى 35 يېشىدا يېزىپ تاماملىغان. ئاپتور بۇ ئەسەرگە نام قويمىغان ھەمدە ئۇنى ھېچقانداق ھۆكۈمەت ياكى ئېسىلزادە ـ تۆرىگە تەقدىم قىلمىغان، كېيىنكىلەر بۇ كىتابنى «تارىخى ھەيدەر» دەپ ئاتىغان.

بۇ تارىخىي كىتاب مەمۇرىي رايونلار بويىچە بەش بابقا بۆلۈنگەن: 1. ئەرەب دۇنياسى؛ 2. پارسلار دۇنياسى؛ 3. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا؛ 4. مەغرىب (غەرب تەرەپ)؛ 5. ھىندىستان. ھەر بىر بابتىكى مەزمۇنلار ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ 3 ـ بابىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار خېلى كۆپ نەقىل ئېلىنىۋاتىدۇ. لېكىن ئاكموۋشكىن: «ئۇنىڭدىن پايدىلانغاندا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش كېرەك، چۈنكى ئاپتور تارىخىي ماتېرىياللارنى دەلىللەپ كۆرمەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە دائىم دېگۈدەك ئۆزى نەقىل ئالغان مەلۇماتلارنى ‹تۈزىتىش› ۋە ‹سېلىشتۇرۇپ توغرىلاش›، ئارقىلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى بۇرمىلىۋەتكەن» ㉑ دەپ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بۇ تارىخىي ئەسەرنىڭ بىر نەچچە قولىيازما نۇسخىسى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ھەممىشە ئۇنىڭ لوندوندىكى برىتانىيە مۇزېيىدا 4508 .r0 نومۇردا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما نۇسخىسىنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن بۇ كۆچۈرمە نۇسخىنىڭ ئاپتورى نامەلۇم، ئۇنىڭغا «جامىئۇتتاۋارىخ» («تارىخى ئومۇمىيە» دېگەن مەنىدە) دەپ نام قويۇلغان. بارتولد بۇ كىتاب نامى مەزكۇر قولىيازما نۇسخىنىڭ بىرىنچى ھەقدارى توغرىسىدىكى مەسىلىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە سېچېفېر تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان «تارىخى نەرشەخى» («نەرشەخ تارىخى») غا قوشۇمچە قىلىنغان ئاپتورى نامەلۇم ئۈچ بابتىكى تارىخىي ماتېرىياللار ئاشۇ قولىيازما نۇسخىدىن ئېلىنغان ㉒ ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر كۆچۈرمە نۇسخىسى سابىق لېنىنگراد دۆلەتلىك ئاممىۋى كۇتۇپخانىدا 230 CHП ـ نومۇردا ساقلانماقتا.

6. نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى». ئۇ ئۇيغۇرچە يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە تېپىلغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرىغا كىتاب نامى قويۇلمىغان ۋە ئاپتورىنىڭ ئىسمىمۇ يېزىلمىغان. بەزى ئالىملار بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇنى «قەشقەر تارىخى» دەپ ئاتىغان، ئۇنى نىسپىي ھالدا توغرا دېيىشكە بولىدۇ، خالاس. بۇ ئەسەردىمۇ ئادەتتە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان كىرىش سۆز ۋە خاتىمە (ئاخىرقى سۆز) بولمىغاچقا، ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرنى نېمىشقا يازغانلىقى ۋە قاچان يازغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بۇ كىتابتىكى سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن، بەزى ئالىملار بۇ كىتابنىڭ ئاخىرى XVII ياكى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەندە يېزىلغان، دەپ قىياس قىلدى.

«قەشقەر تارىخى» نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە يافەستىن باشلانغان تۈركىي مىللەتلەر رىۋايەتلىرىنىڭ تارىخى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى ھەمدە يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ كىتابنىڭ ئاساسلىق قىسمى، ماتېرىياللىرى، ئاساسلىقى، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابى ۋە شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق ئەسىرى ھەمدە ئاپتورنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. بارتولد ئۇ مۇھىم بىر تارىخىي كىتاب، ئۇ باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنى مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلايدۇ ۋە توغرىلايدۇ، [23] دەپ قارىغان. لېكىن بەزى ئالىملار «قەشقەر تارىخى»غا ئانچە يۇقىرى باھا بەرمەيدۇ، ئۇلار مەزكۇر كىتابتىكى بايانلار ئاساسەن شاھ مەھمۇدنىڭ «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق كىتابىنى كۆپ مىقداردا قىسقارتىپ يېزىلغان، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»نىڭ قىسمەن يېرىنىلا تولۇقلىغان ۋە يىل - دەۋرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغان [24]، دەپ قارايدۇ، لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «قەشقەر تارىخى»دا «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»دا خاتىرىلەنمىگەن نۇرغۇن ئەھۋاللار، بولۇپمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ جۇغراپىيە خانلىقى تەرىپىدىن

قوشۇۋېلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان، بۇ كىتاب تەمىن ئەتكەن نۇرغۇن مەلۇماتلارنى خەنزۇچە تارىخنامىلەردىن دەلىللەش مۇمكىن، ئۇ بىزنى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 20 يىلىدىكى تارىخنىڭ كارتىنىسىنى قايتىدىن چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

«قەشقەر تارىخى» نى روسىيىلىك شەرقشۇناس بارتولد 1902 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرگەندە تاپقان ھەمدە بارتولد ئۇنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ «تۈركىستاندىكى كاماندىروپكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دوكلات» قا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە تۇنجى قېتىم تېلىپ كىرگەن، «قەشقەر تارىخى» نىڭ خېلى كۆپ قولىيازما نۇسخىسى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە ئۇنىڭ C576، C577، C2472 - نومۇر قويۇلغان ئۈچ قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرى رۇسچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا « XV - XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (ئالما - ئاتا، 1969 - يىل) بىلەن «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» غا كىرگۈزۈلدى.

7. «تارىخى ئەمىنىيە» . ئاپتورى موللا مۇسا ئىبنى موللا ئەيسا سايرامى. ئۇ بۇ ئەسەرنى 1903 - يىلى ئۇيغۇرچە يېزىپ چىققان. ئاپتور بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە، ئۆز ئەسىرىگە «تارىخى ئەمىنىيە» دەپ نام قويۇشى، بىرىنچىدىن، بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد ئىمىنبايغا ئاتاپ يازغانلىقى، ئىككىنچىدىن، بۇ كىتاب نامى شۇ چاغدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تىنچ، خاتىرجەم ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنلىكىگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قوش مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

بۇ كىتاب «سۆز بېشى» ، «مۇقەددىمە» ، ئىككى قىسىم «داستان» ۋە «خاتىمە» (ئاخىرقى سۆز) دىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. كىرىش سۆز قىسمىدا نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان تۈرك رىۋايەتلىرىنىڭ تارىخى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ قەشقەرىيە (بۈگۈنكى

كۇچانىڭ غەربى، كۇچانى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى) دىكى ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى، خوجىلارنىڭ تارىخى ۋە قالماقلار (موڭغۇللار) نىڭ تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنغان. رەسمىي تېكىستىنىڭ 1 - قىسمىدا، كۇچادىكى تۇڭگانلار (خۇيزۇلار) قوزغىلىڭى (1864 - يىلى) دىن باشلاپ ياقۇپبەگنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىسىگىچە بولغان تارىخ؛ 2 - قىسمىدا، بەدۆلەت ھۆكۈمرانلىقىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگىچە بولغان تارىخ سۆزلەنگەن. خاتىمىدە قەشقەرىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان، ھەرقايسى شەھەرلەردىكى مۇقەددەس ئورۇنلار تىلغا ئېلىنغان.

«تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدىكى يەكەن خانلىقىغا دائىر بايانلارنىڭ كۆپىنچىسى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» نىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «قەشقەر تارىخى» ۋە باشقا بۇرۇنراق يېزىلغان تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنمىگەن ياكى ئۇلاردىكى مەزمۇنلارغا ئوخشىمايدىغان بەزى مەلۇماتلار بار، لېكىن بارتولد ئۇلارنىڭ كۆپى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، بولۇپمۇ XVIII ئەسىردىكى بەزى ۋەقەلەر ھەققىدىكى بايانلار خېلى چۇۋالچاق، دەپ كۆرسەتكەن، بۇنىڭغا ئاپتورنىڭ ياشىغان دەۋرى كىتابتا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەن دەۋردىن بەك كېيىن بولغانلىقى، كىتاب يېزىشتا تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپ كۆرمەي، دىنىي ئەپسانىۋى تۈس ئالغان رىۋايەتلەرگىلا تايانغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇڭا «تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ يەكەن خانلىقى ۋە XVIII ئەسىردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشتا ئىلمىي قىممىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بىز بۇ يەردە ھازىرغا قەدەر بەزىلەر ئۇ كىتابتىن XV - XVIII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى 1 - قول ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، كىتاب يېزىۋاتقانلىقىنى، ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلىقى، نەتىجىدە خاتا پېتىچە ساقلىنىپ، تارىخىي پاكىت جەھەتتە تېگىشلىك بولمىغان چۇۋالچاقلىق پەيدا قىلىنغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى نۇقتىلىق تونۇشتۇردۇق. دەرۋەقە، «تارىخى ئەمىنىيە» نىڭ XIX ئەسىردىكى شىنجاڭ

تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى 1 - قول ماتېرىيال ئىكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ باشقا بىر گەپ.

«تارىخى ئەمنىيە» يېزىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1905 - يىلى نىكولاي پانتىسوف قازاندا ئۇنى نەشر قىلدۇرغان، بارتولد ماقالە يېزىپ ئۇنىڭغا تەپسىلىي باھا بەرگەن (ئۆزىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 8 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن).

8. «بابۇرنامە». ئاپتورى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇ تارىختا ئىمپېراتور بابۇر دەپ ئاتالغان. بۇ بابۇرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىپ چىققان ئەسلىمىسى، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان كەچۈرمىشلىرى خاتىرىلەنگەن، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ سىياسىي، ھەربىي پائالىيەتلىرى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار شەخسلەر بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەرلىك ئۆرپ - ئادەت، تەبىئىي مەنزىرە ۋە ھايۋانات-ئۆسىملۈك قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىلگەن. بابۇرنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغاچقا، كىتابىدا ئۇلار توغرىسىدىمۇ بەزى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن.

«بابۇرنامە»نى XVI ئەسىردە ئابدۇرېھىم مىرزا پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، بابۇر قۇرغان خاندانلىق تارىختا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى ئۈچۈن، بابۇرنىڭ ئەسلىمىسىمۇ خېلى بۇرۇنلا غەرب دۇنياسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان، شۇڭا ئۇ كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان ھەمدە ئىنگلىز، رۇس، فرانسۇز قاتارلىق كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. 1826 - يىلى لاددون بىلەن ئېرسكىن ئالدى بىلەن پارسچە «بابۇرنامە»گە ئاساسەن ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھ بەردى ۋە كىرىش سۆز يازدى، بۇ تەرجىمە نۇسخا لوندوندا نەشر قىلىندى. 1871 - يىلى پاۋېت دې كۇرتېللېمۇ «بابۇرنامە» نى پارسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسەن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ، پارىژدا نەشر قىلدۇردى. 1857 - يىلى ئىلمىنسكىي قازاندا «بابۇرنامە» نىڭ

چاغاتايچە ئەسلى نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم نەشر قىلدۇردى. 1844- يىلى نىكولاي پانتىسوف بۇ كىتابنىڭ پەرغانىگە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، «روسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» (эNPГO) نىڭ 6 - تومىدا ئېلان قىلدى. 1896 - يىلى فېياتكىن يەنە ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، «سەمەرقەنت ئۆلكىسىگە دائىر قوللانما» (OCKC) نىڭ 4 - سان 4 - بۆلۈمىدە ئېلان قىلدى. 1905- يىلى بېۋېرىدگى ھەيدەرئاباتتا «بابۇرنامە» نىڭ چاغاتايچە قولىيازما نۇسخىسىنى رەسىمگە ئېلىپ، ئۇنى «گىب مەجمۇئەسى» نىڭ بىر خىلى سۈپىتىدە لېيدېن - لوندوندا نەشر قىلدۇردى. 1922 - يىلى بېۋېرىدگې چاغاتايچە ئەسلى تېكىستكە ئاساسلىنىپ ۋە ئۇنى لاددون بىلەن ئېرسكىن 1826 - يىلى تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىغا بىرلەشتۈرۈپ، «بابۇرنامە» نى ئىنگلىزچىگە قايتا تەرجىمە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىزاھ بېرىپ ۋە كىرىش سۆز يازدى، ئۇنى لوندوندا ئىككى كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇردى. «ئىسلام قامۇسى» دا ئۇ ئەڭ ياخشى نۇسخا دەپ قارالدى. 1958 - يىلى تاشكەنتتە «بابۇرنامە» نىڭ سالىئې تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخىسى نەشردىن چىقتى.

9. «جەلسۇل - مۇشتەقىن» («ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى») . ئاپتورى مەۋلانە شاھ مۇھەممەد ئىبن مەۋلانە سالامىدىن، ئۇ مەۋلانە پىرۇي بۇخارىي دېگەن نام بىلەن داڭق چىقارغان. «ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى» سوپىلارنىڭ ئاتاقلىق شەيخى خوجا ئىسھاقنىڭ تەزكىرىسىدۇر. ئاپتور بۇ كىتابنى 1595 - يىلى خوجا ئىسھاق ھايات چاغدا ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن. خوجا ئىسھاق ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1599 - يىلدىن كېيىن يېزىپ پۈتتۈرگەن. بۇ توققۇز بابلىق ئەنبىيالار تەزكىرىسى پارسچە يېزىلغان. خوجا ئىسھاقنىڭ يەكەن خانلىقى بىلەن، بولۇپمۇ يەكەن خانلىقىدىكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتور خوجا ئىسھاقنىڭ مۇرىتى، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان،

شۇڭا ئۇنى 1 ـ قول ماتېرىيال دەپ قاراش كېرەك. دەرۋەقە، بۇ تەزكىرىمۇ ئەنبىيالار تەزكىرىلىرىدە دائىم چېلىقىدىغان خۇراپىيلىقنى تەرغىب قىلىش، ئاڭلىغانلىرىغىلا تايىنىشتەك ئىللەتلەردىن خالىي بولالمىغاچقا، شۇڭا ئۇنىڭدا تارىخىي پاكىتلار بۇرمىلانغان ياكى ئالماشتۇرۇپ قويۇلغان. بۇ كىتابنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن قولىيازما نۇسخىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە ئۇنىڭ A232 ـ نومۇردا بىر قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. ز . ن . ۋوروژېيكىنا ئۇنى رۇسچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ، «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ 1 ـ سانىغا كىرگۈزدى.

10. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» («خوجىلار تەزكىرىسى») . ئاپتور مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ھىجرىيە 1182 ـ يىلى (مىلادى 1768 ـ 1769) بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچە يازغان. بۇ كىتابتا ئاساسلىقى خوجىلار جەمەتىنىڭ تارىخى سۆزلەنگەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى يەكەن خانلىقى تارىخىغىمۇ چېتىلىدۇ. بۇ كىتاب يەكەن خانلىقى ھالاك بولغان ۋاقىتتىن خېلى كېيىن يېزىلغانلىقى، كىتاب ئاپتورىمۇ تەقۋادار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دىنىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىغان. «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تەھرىرى ئېلىئاس ئادىللىق بىلەن: «بۇ تارىخىي ئەسەر ئاپتورىنىڭ يېگىلىشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىستىبداتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تارىخىي بىلىمى كەمچىل ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ» ، دەپ كۆرسەتكەن. ھالبۇكى، «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ قولىيازما نۇسخىسى خېلى كۆپ، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ر . ن . شاۋ ئۇنى قىسقارتىپ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان. ئېلىئاس ئۇنىڭغا ئۇزۇن كىرىش سۆز يازغان ۋە ئىزاھ بەرگەن، ئۇ 1897 ـ يىلى كالكۇتتىدا «بېنگال ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى» نىڭ 66 ـ توم، 1 ـ سانى سۇپىتىدە نەشر قىلىندى. يولداش چېن جۇنمو بىلەن يولداش جۇڭ مېيجۇ بۇ ئىنگلىزچە

تەرجىمە نۇسخىسىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر توپلىمى» نىڭ 1980 - يىللىق 8 - سانىدا ئېلان قىلدى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇنى قوشۇمچە سان ژۇرنال سۈپىتىدە ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ جەمئىيەتكە تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ، نۇرغۇن ئالىملارنىڭ يەكەن خانلىقىنى تەتقىق قىلىشىدىكى ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالدى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، «تەزكىرەئى ئەزىزان» ئەنبىيالار تەزكىرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ دىنىي خۇراپاتلىق تۈسى قويۇق، ئۇ ئەنبىيالارنىڭ «كارامەتلىرى» بىلەن تولغان، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، ئۇلار كۆپ ھاللاردا تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئېلىئاس ئۇنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھ بېرىش داۋامىدا ئۇنى دەلىللىگەن ۋە توغرىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغدا يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر مۇھىم ئىككى تارىخىي كىتاب — شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» بىلەن نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» تېخى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلمىگەچكە، ئۇ بۇلاردىن پايدىلىنالمىغان. شۇڭا ئېلىئاس تەھرىرلەپ - ئىزاھلىغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭمۇ يەكەن خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئەنبىيالار ھەققىدىكى تۈرلۈك تەزكىرىلەرمۇ كۆپەيگەن. ئۇلار ئادەتتە ئەنبىيالارنىڭ قانداشلىق جەھەتتە ئېسىلزادىلەردىن ئىكەنلىكى ۋە تەرىقەت يولىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئەقىدىسىنى خوجا ئىسھاق ياكى ئاپئاق خوجىغا باغلاش ئارقىلىق، قاراتاغلىقلار بىلەن ئاقتاغلىقلارنىڭ نۇرغۇن «كارامەتلىرى» نى دائىم دېگۈدەك يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ. لېكىن ئۇلاردىكى بايانلار ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بۇرۇنراق يېزىلغان ئەۋلىيالار تەزكىرىلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان، ئۇلارغا ئاپتور يەنە بەزى تولۇقلىمىلارنى

قوشقان، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىت سۇرۇلگەنسېرى ئۇنىڭدىكى توقۇلمىلارمۇ كۆپەيگەن. شۇڭا بۇنداق ئەۋلىيالار تەزكىرىلىرىنى ئىلمىي تەتقىقاتتا تارىخىي ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىش ناھايىتى قىيىن.

11. «بېنېدىكتىنىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى». بېنېدىكت گوئېس پورتۇگالىيىلىك، 1561 - يىلى (ياكى 1562 - يىلى) تۇغۇلغان، ئۇ ئەيسا جەمئىيىتىنىڭ مۇرتى، 1594 - يىلى ھىندىستانغا دىن تارقىتىشقا بېرىپ، ئىمپېراتور ئەكبەرنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن. بېنېدىكت ئۇزۇن مۇددەت ھىندىستاندا ياشاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، پارسچىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن، شۇڭا ئەيسا جەمئىيىتى ئۇنى قۇرۇقلۇق يولى بىلەن خىتاي (جۇڭگو) غا ئەۋەتكەن. 1603 - يىلى ئۇ ھىندىستاندىن يولغا چىقىپ، يەكەن خانلىقىغا كەلگەن، ئۇ ئەرمىنىيىلىك سودىگەردەك ياسىنىپ، ئۇزۇن چاپان كىيىپ، «سەللە ئوراپ» كەلگەچكە، «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى مۇھەممەدنىڭ مۇرتى» دېيىشكەن. ئۇ يەكەن خانلىقىدا ئىككى يىل سەيلە - ساياھەت قىلغان، 1605 - يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ سۇجۇ ئايمىقىغا كەلگەن، 1607- يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن.

بېنېدىكت ئۆز سەپىرىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى كۈندىلىك خاتىرە تەرىقىسىدە خاتىرىلىگەن. ئەمما ئەسلى تېكىست ساقلىنىپ قالمىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ماتېئورس ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ قېپقالغان قىسمى ۋە ئۇنىڭ سەپەردىشى ھېسارنىڭ بايانىغا ئاساسەن «بېنېدىكتىنىڭ خىتاي (جۇڭگو) دىكى زىيارەت خاتىرىسى» نى يازغان، كېيىن مىسسىئونېر (دىن تارقاتقۇچى) نىكولاس تىرىگائۇلت يەنە «بېنېدىكتىنىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى» نى ئۆزىنىڭ «ھىندىچىنىدا دىن تارقىتىش خاتىرىسى» گە كىرگۈزگەن. 1866 - يىلى يۇلې ئۇنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «جۇڭگوغا سەپەر» (ياكى «قەدىمكى جۇڭگودا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم») گە كىرگۈزگەن. 1930 - يىلى جاڭ شىڭلاڭ ئەپەندى يۇلېنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان («جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار

توپلىمى» نىڭ 2 - قىسمى، «فۇرىن ئۇنىۋېرسىتېتى مەجمۇئەسىنىڭ 1 - خىلى» غا كىرگۈزۈلگەن) . بۇ كىتابنىڭ ئورىگىنالى بېكىتىلىپ بولغاندا، ئاپتور «بېنېدىكتىننىڭ خىتايدىكى ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ تېخىمۇ ياخشى نۇسخىسى نەشر قىلىنغانلىقىدىن ۋاقىپلانغان بولسىمۇ، ئۇنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان. «بېنېدىكتىننىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى» نىڭ قايتا ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى ۋە ماتېرىياللار توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈشى ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ ساياھەت خاتىرىسىدە ساياھەتچىنىڭ مەدەنىيەت نۇقتىسى — غەرب خرىستىئان دىنى مۇرىتىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىدىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە دىن، مەدەنىيىتى بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر يەرلىك مەدەنىيەت ئاپتورلىرى — ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمان ئاپتورلىرى دائىم دېگۈدەك بايان قىلىش ھاجەتسىز دەپ قارىلىدىغان مەسىلىلەردۇر. لېكىن دەل مۇشۇ مەسىلىلەر ھەمىشە يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە دىن، مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر، بۇنىڭغا خەلقئارا كارۋاننىڭ تەشكىللىنىشى، پادىشاھنىڭ قاشتېشى كېنىنى ئېچىش ھوقۇقىنى ئىجارىگە بېرىشى، ئوردا - قەسىرلەردىكى بەزمە، خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ سودىگەرلەردىن قەرز ئېلىپ ئۇنى پايدىسى بىلەن قايتۇرۇشى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

12. «چوقان ۋەلىخانوف ماقالىلىرى توپلىمى» . چوقان ۋەلىخانوف قازاقلارنىڭ ئوتتۇرا يۇزىدىكى ۋەلىخانوفلارنىڭ نەۋرىسى، ئۇ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلغان. ئاتىسىنىڭ ئىسمى چىڭغىز، تەخەللۇسى چوقان (چوقان چىڭغىز ۋەلىخانوف) ، ئۆزىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد خانافىيە، 1835 - يىلى تۇغۇلغان. چوقان ۋەلىخانوف دەسلەپتە قازاقىستاندا، كېيىن ئومىسكىدىكى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان، 1853 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چارروسىيە قوشۇنىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. 1856 -، 1857 - يىللىرى ئۇ ئالار كۆلى بويىدىن ئىسسىقكۆل بويىغىچە بولغان بېپايان زېمىن (جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە ئىلى دەريا ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى

تەكشۈرگەن. 1858 ـ، 1859 ـ يىللىرى يەنە قەشقەرىيەدىكى تەكشۈرۈشنى تاماملىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىق جەھەتتىكى ياخشى شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد، ھەربىي ۋە دىن، مەدەنىيەتكە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان. چوقان ۋەلىخانوف 1865 ـ يىلى 35 يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى مۇھىم بولغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى 1961 ـ 1972 ـ يىللىرى بەش توملۇق «چوقان ۋەلىخانوف ماقالىلىرى توپلىمى»نى نەشر قىلغان، بۇ كىتابلارنىڭ 1984 ـ، 1985 ـ يىللىرى ئالما ـ ئاتادا نەشر قىلىنغان يېڭى نۇسخىسىغا ئۇنىڭ يەنە 20 نەچچە پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. يەكەن خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار، ئاساسلىقى، «چوقان ۋەلىخانوف ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان 3 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «قەشقەردىكى كۈنلۈك خاتىرە»، «قەشقەردىن ئالاتاۋغا قايتىش سەپىرىمدىن خاتىرە»، «ۋېرنىي (ئالما ـ ئاتا) دىن تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن شەھەرلىرىگە بارىدىغان كارۋان يولىدىكى سەپىرىمدىن خاتىرە»، «تۇرپان شەھىرىدىن قەشقەرگە بارىدىغان يوللار»، «جۇڭگو تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەرنىڭ ئەھۋالى»، «قەشقەردىن يەكەنگىچە»، «ئىسسىقكۆلدىن قەشقەرگە بارىدىغان يوللار»، «قەشقەر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە رايونلار» قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

(2)

يەكەن خانلىقىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆپى قولىيازما نۇسخا، بەزىلىرى بىرلا نۇسخا بولۇپ، ئۇلار تەتقىقات ئورگانلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا، ئۇلارنى كۆرۈش تولىمۇ تەس، شۇڭا «ماتېرىياللاردىن تەرمىلەر توپلىمى» ئەمەلىي ئىشلىتىلىشكە تولىمۇ مۇۋاپىق بولغاچقا، ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. خېلى بۇرۇن تۈزۈلگەن ماتېرىياللاردىن تەرمىلەر توپلىمىنىڭ بىرى — «فرانسىيە

دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى ۋە باشقا كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلاردىن تەرمىلەر» نىڭ 14 ـ تومىغا كاتلىبىر قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان ئەمىن ئەھمەد رازىنىڭ «ھەفتى ئىقلىم» («يەتتە ئىقلىم» ) دېگەن كىتابى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ مەلۇماتلار بەزى تارىخىي پاكىتلارنى دەلىللەيدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا دائىر كۆپ خىل ماتېرىياللاردىن تەرمىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى، ئۇلار ئادەتتە تەتقىقات ئورگانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان، ئەمما ئېلان قىلىنمىغان يېگانە نۇسخىلارنىڭ قىسقارتىلما تەرجىمىسىدۇر، ئۇلار سېلىشتۇرۇلغان ـ ئىزاھلانغان بولغاچقا، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتتى. تۆۋەندە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان يەكەن خانلىقىغا دائىر ئۈچ خىل ماتېرىياللار توپلىمىنى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز.

1. «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ تۈزگەن. ئۇنىڭ 1 ـ سانى 1973 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇ ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان، 1 ـ قىسمىغا X ـ XIII ئەسىرلەردە ئەرەبچە ۋە پارسچە يېزىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى؛ 2 ـ قىسمىغا XIV ـ XVI ئەسىرلەردە يېزىلغان پارسچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى، جۈملىدىن نىزامىددىن شەمئىي يازغان «زەپەرنامە» ، مۆيىدىن يازغان «ئىسكەندەرنامە» ، شەرەفىددىن ئەل يەزدى يازغان «زەپەرنامە» ، ئابدۇرازاق سەمەرقەندى يازغان «ئىككى بەخت يۇلتۇزى كۆتۈرۈلگەن ۋە ئىككى دېڭىز قوشۇلغان جاي» («مەتلەئەس ـ شەئىدەين ۋە مەجمەئەل بەھرەين» ) ، بىرجاندى يازغان «ھەر قايسى ئەللەردىكى ئاجايىپ ئەھۋاللار» («ئەجەيىب ئەل بۇلدان» ) ، مەجىدى يازغان «زىننەت ئەل مەجالىس» ؛ 3 ـ قىسمىغا XVI ـ XIX ئەسەرلەردە يېزىلغان پارسچە،

تاجىكچە ۋە ئۇيغۇرچە تارىخىي كىتابلارنىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى، جۇملىدىن مۇھەممەد ھاۋازى يازغان «زىيائەل قۇلۇب»، مەۋلانە پىروئى بۇخارى يازغان «ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى» («جەلىسۇل - مۇشتەقىن»)، شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى» («ئەنىس ئەل تالىبىن»)، سەيپىدىن ئاخسىكەندى يازغان «جامىئۇتتاۋارىخ» («تارىخى ئومۇمىيە»)، نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» («تارىخى كاشغەر») قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

2. «XV XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» بولۇپ، بۇنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەھرىرلەپ، 1969 - يىلى ئالما - ئاتادا نەشر قىلغان، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى تارىخىي كىتابلار قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنىپ كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ئۇلارغا تەپسىلىي ئىزاھ بېرىلگەن: نامەلۇم ئاپتور يازغان «تاۋارىخى گۈزىدەئى نۇسرەتنامە» («نۇسرەت قۇچقۇش كۆنلىرىنى تاللاش كىتابى»، بۇ كىتابنىڭ نامىنى ئالىملار ھەر خىل ئىزاھلايدۇ، ئۇنىڭ يەنە «تارىخى فەتھنامە» ۋە «تارىخى زەپەرنامە» دېگەن ئىككى تەرجىمە نامى بار، شادى شەيبانىخانغا تەقدىم قىلغان «شادى: تاۋارىخى فەتھنامە»)، كامالىدىن ئەلى بىنائىي ئۇستاد مۇھەممەدخان مىمارخاراۋى يازغان «شەيبانىنامە»، ئابدۇللا ئىبىن مۇھەممەد ئىبىن نەسرۇللا يازغان «زۇبدەتتۇلئەسرار»، مەسئۇد ئىبىن ئوسمان كۇھىستان يازغان «تارىخى ئابۇلخەيرىخانى»، زەينىدىن مۇھەممەد ئىبىن ئابدۇجەلىل ۋەسفى يازغان «بەدىيئەل ۋەقەئى»، ئۇنىڭ يەنە «بەدىيئەتۇل ھەقايىق» دېگەن نامىمۇ بار، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات يازغان «تارىخى رەشىدى»، نامەلۇم ئاپتور يازغان «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شىرىپ»، ھاپىز تانىش ئىبىن مىر مۇھەممەد ئەل بۇخارى يازغان «شەرەپنامەئى شەفى»، بۇنىڭ يەنە «ئابدۇللانامە» دېگەن نامىمۇ بار؛ «زەپەرنامە»- «سەفەرى شەفى» (شاھلار بېتى دېگەن مەنىدە)، شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر

ماتېرىياللار» ، مەھمۇد ئىبن ۋەلى يازغان «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» ، خوجامقۇلى بېك بەلىخى يازغان «تارىخى قىپچاق» ( «قىپچاق تارىخى» ) ، نامەلۇم ئاپتور يازغان «تارىخى قەشقەر» ( «قەشقەر تارىخى» ) ، موللا ئابدۇل ئالىم (تەخەللۇسى شائىر ئاخۇن) يازغان «ئىسلامنامە» ، شىر مۇھەممەد ئىبن ئەمىر ئاۋازمېئى مىراب يازغان «فىردەۋسى ئەل ئىقبال» ، موللا مۇسا سايرامى يازغان «تارىخى ئەمىنىيە» ۋە بارتولد 1902 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاپقان XVII - XIX ئەسىرگە تەئەللۇق تۆت پارچە ھۆكۈمەت ۋەسىقىلىرى.

3. «روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو» ، ئەنگلىيىلىك ئالىم ج. ف. باددېلېي (1854 — 1940) تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن ماتېرىياللار توپلىمى (لوندون، 1919 - يىل) . بۇ كىتابنىڭ 1 - تومى ئاپتورنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا «تارىختىن سۆز» ۋە «جۇغراپىيىدىن سۆز» ھەمدە پايدىلانغان كىتابلارنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ تەپسىلىي كاتالوگى كىرگۈزۈلگەن، ئۇ كىتابنىڭ 2 - تومى ماتېرىياللار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 1676 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا روسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسىگە، موڭغۇلىيىگە (جۇملىدىن جۇڭغارلارغا) ئەۋەتكەن ئەلچى ئۆمەكلىرىنىڭ ئەلچىلىك دوكلاتى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بەزى خەت - چەكلىرى كىرگۈزۈلگەن، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، نۇرغۇن دوكلاتلاردا يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەتراپتىكى قوشنىلىرى بىلەن بولغان سودا ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادىتى تىلغا ئېلىنغان. ئالايلۇق، «سىپافارىنىڭ جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» نىڭ كۈندىلىك خاتىرە قىسمىدا كۆپ قېتىم «بۇخارالىقلار» (غەربلىكلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەرنى ئاتىشى، باددېلېي ئىزاھاتىدا: «كىچىك بۇخارالىقلار - جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئاھالىلەردۇر» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن) نىڭ چىڭ سۇلالىسى زېمىنىغا كېلىپ سودا قىلغانلىقى، بىر قېتىمدا كەلگەنلەر كۆپ بولغاندا 500 كىشىگە يەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان؛ «بايكوفنىڭ جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە: «بۇخارا دېھقانلىرى كېسەك ئۆيلەردە

ئولتۇرىدۇ، تېرىق، بۇغداي، ئارپا ۋە پۇرچاق تېرىيدۇ، يەنە نۇرغۇن تۇرلۇك ئۆي ھايۋانلىرىنى باقىدۇ» دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ماتېرىياللار مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىن تېپىلمايدۇ، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك 1 - قول ماتېرىيال بولۇپ قالدى، «روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو» نى ئېلىمىز ئالىملىرىدىن ۋۇ مجيې، ۋۇ يۇگاڭلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى، خۇ جۇڭدا ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتتى، شاڭۇۋۇ نەشرىياتى 1981 - يىلى ئۇنى ئىككى كىتاب تۆت قىسىم قىلىپ نەشر قىلدى.

## (3)

XVI - XVII ئەسىرلەردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىندا قۇرۇلغان يەكەن خانلىقى تۇرپان ئارقىلىق تارتۇق بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىڭ سۇلالىسى ۋە چىڭ سۇلالىسى بىلەن دائىملىق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ساقلىدى، ئۇلار ئارىسىدا زىددىيەت تۇغۇلغان، توقۇنۇش ھەتتا ئۇرۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن تارتۇق تەقدىم قىلىش زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. يەكەن خانلىقىدىكىلەر مىڭ سۇلالىسى بىلەن باردى - كەلدى قىلىدىغان يولنى «ئالتۇن يول» دەپ قارىدى. شۇڭا، خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە غەربىي يۇرت توغرىسىدا، بولۇپمۇ تۇرپان توغرىسىدا نۇرغۇن ئىشەنچلىك مەلۇمات ساقلىنىپ قالغان، بۇلار ئارقىلىق مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تولۇقلىغىلى، توغرىلىغىلى ۋە سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

1. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» . بۇ ئەسەر مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەر قايسى ئوردا ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تارىخىي يىلنامە بولۇپ، ئاساسلىقى خان پەرمانى، ھەر خىل باياننامىلەر، ئەمەلدارلارنىڭ دوكلاتلىرى، ئارخىپ ماتېرىياللار ۋە توپلانغان تارىخىي مىراسلارغا دائىر قىممەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

مەزكۇر ئەسەر ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ كەڭلىكى، ماتېرىياللار مەزمۇنىنىڭ مول‌لۇقى ھەم ماتېرىياللىرىنىڭ ئاساسەن بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇشى بىلەن مىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم خەزىنىچە تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، شاڭۋۇ نەشرىياتى چىقارغان «مەجمۇئەلەر توپلىمى» نىڭ تۇنجى نەشرىدىكى ماتېرىياللار ۋە «بىلىملەر توپلىمى» دىكى چېن چېڭ يازغان «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ئاساسەن «مىڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 169 - جىلدىدىن كۆچۈرۈلگەن. ئەمما، كۆچۈرۈش جەريانىدا كۆپلىگەن خاتالىقلار ھەم كەمچىلىكلەرگە يول قويۇلغان. «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى «بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ قولىيازمىلار توپلىمى» نىڭ 1 - تومىدىكى «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ كۆچۈرۈلمە فوتو نۇسخىسىغا سېلىشتۇرساق، ئۇنىڭ چېن چېڭنىڭ ئەسلى قولىيازمىسى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇ ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قىسقارتىشى، تۈزىتىشىدىن ئۆتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، شۇڭا ئۇنى «ئەسلى ماتېرىيالغا ئوخشىشىدۇ» دېيىش مۇمكىن. بىرىنچى قول ماتېرىياللار ناھايىتى كەم بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئوردا خاتىرىسى تولىمۇ قىممەتلىك تارىخىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇاڭ جاڭجيەن ئەپەندى ھۆكۈمەت تۈزگەن ئوردا خاتىرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ قىممىتىگە باھا بېرىپ: «دۆلەت تارىخى بەزى كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئارخىپلاردىن ئېلىنغان، ئۇنىڭدىكى يىل، ئاي، كۈنلەر ئادەتتە باشقا كىتابلارنىڭكىدىن ئىشەنچلىك، غەيرىي رەسمىي تارىخلاردىن ئىچكى ئەھۋاللارنى بىلىشتە پايدىلىنىشقا بولسىمۇ، بۇ ئەھۋاللارنىڭ كۆپى ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان، شۇڭا كۆپ ھاللاردا ئۇلار تۇترۇقسىز گەپلەردۇر، ھالبۇكى، ئائىلە تارىخىدا بولسا ئارتۇقچە مۇناسىۋەتسىز ماتېرىياللار كۆپ چىقىدۇ، شۇڭا غەيرىي رەسمىي تارىخ بىلەن ئائىلە تارىخىدىكى نۇقسانلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، يەنىلا ئوردا خاتىرىسىدىكى

ئالاقىدار ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش كېرەك» [25] دېگەن. بۇ باھا ھەقىقەتەنمۇ توغرا. غەربىي يۇرتنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئوردا خاتىرىسىنى تۈزگۈچىلەرنىڭ بۇ رايونغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلار بەزى ئەھۋاللارنى خاتىرىلىگەندە ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت، ئورۇن، شەخس ۋە ۋەقەلەرنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ھەمدە كېيىنكى خان دەۋرى بىلەن ئالدىنقى خان دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىسىنى بىر ئادەم تۈزمىگەنلىكتىن، بەزى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە باھادا پەرق چوڭ. شۇڭا، ئوردا خاتىرىسىدىن پايدىلانغاندا، شارائىتنىڭ يار بېرىشىچە بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى خانلىرى دەۋرىدە ئوردا خاتىرىلىرى تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەسلى نۇسخىسى بىلەن كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىلا ئايرىم - ئايرىم ھالدا خانلىق تارىخ كىتابخانىسى ھەم باش دىۋان مەھكىمىسىدە ساقلىنىپ قالغان. «ۋەنلى يىللىرىدا قىسقارتىپ نەشر قىلىش بۇيرۇقىنىڭ روھى بويىچە، بارلىق كىتابلار قايتىدىن يەنە بىر قېتىم كۆچۈرۈلگەن، بۇ جەرياندا چوڭ ئەمەلدار - تۆرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى شەخسىي كۆچۈرۈۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەتكە يېيىلىپ كەتكەن. نەتىجىدە مۇشۇنداق بىر - بىرىدىن كۆچۈرۈش داۋامىدا ئۇلاردىكى خاتالىق، يېتەرسىزلىكلەر بارغانچە كۆپەيگەن» [26] . 1940 - يىلى لياڭ خۇڭجى جياڭسۇ گۇمانتار پەنلىرى كۇتۇپخانىسىدىكى مەزكۇر كىتابنىڭ ئەسلى فوتو باسمىسىنى جەمئىي 500 قىسىملىق يىپى ئوچۇق تۈپلەنگەن كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان. بۇ نۇسخا ناھايىتى كۆپ تارقالغان. ئەمما، بەزى خاتالىقلاردىن يەنىلا خالىي بولالمىغان. يەنە بىر خىل نۇسخىسى بولسا تەيۋەن مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تۈزىتىپ نەشر قىلغان نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى 1930 - يىلى باشلىنىپ، 1933 - يىلىغا كەلگەندە ئىشقا رەسمىي تۇتۇش قىلىنغان ھەمدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ لى جىنخۇا، ۋاڭ چۇڭۇ، خۇاڭ جاڭجيەن قاتارلىق ئۈچ كىشى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ جاپالىق

مېھنىتى نەتىجىسىدە، 1962 - يىلىغا كەلگەندە كىتاب ئىشى پۈتۈنلەي تاماملىنىپ، تەيۋەندە ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. مەزكۇر نۇسخا 257 جىلدلىق «تەيزۇ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 274 جىلدلىق «تەيزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 10 جىلدلىق «رېنزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 115 جىلدلىق «شۈەنزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 361 جىلدلىق «يىڭزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 293 جىلدلىق «شيەنزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 224 جىلدلىق «شياۋزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 197 جىلدلىق «ۋۇزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 566 جىلدلىق «شىزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 70 جىلدلىق «مۇزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 590 جىلدلىق «شېنزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 8 جىلدلىق «گۇاڭزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 87 جىلدلىق «شىزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» (74 جىلدى ساقلىنىپ قالغان) نى، يەنى جەمئىي 3058 جىلد (3045 جىلدى ساقلىنىپ قالغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئوردا خاتىرىلىرىدە يەنە تۈزىتىش خاتىرىسى، يەنە «مىڭزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» (ئەسلى نۇسخىسى 5 جىلد)، 17 جىلدلىق «چۇڭجېن دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 14 جىلدلىق «مىڭ شىزۇڭنىڭ 7 - يىلى، باش تەپتىش مەھكىمىسى يازغان ئوردا خاتىرىلىرى» (13 جىلدى ساقلىنىپ قالغان)، «چۇڭجېننىڭ ئەسلى نۇسخىلىق ماتېرىياللىرى» (66 جىلدى ساقلىنىپ قالغان)، 40 جىلدلىق «خۇاڭمىڭنىڭ دانا پەندى - نەسىھەتى»، «شېنزۇڭنىڭ دانا پەندى - نەسىھەتى» (12 بېتى ساقلىنىپ قالغان)، «گۇاڭزۇڭنىڭ دانا پەندى - نەسىھەتى» (7 بېتى ساقلىنىپ قالغان)، «شىزۇڭنىڭ دانا پەندى - نەسىھەتى» (53 بېتى ساقلىنىپ قالغان) قاتارلىق قوشۇمچە نۇسخىلارمۇ بار، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» نىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ تۈزىتىلگەن بۇ نۇسخىسى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى خۇڭ گېنىڭ كۆچۈرۈپ يازغان فاكسىمىل نۇسخىسى (ئەسلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئامېرىكىدا

ساقلىنىۋاتىدۇ) نى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ كەم جىلد ۋە بەتلىرىنى باشقا نۇسخىلاردىن تولۇقلىغان. خۇڭ گېنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تۈزۈشتە پايدىلانغان كۆچۈرمە نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا خاتالىق ۋە يېتىشسىزلىكلەرمۇ خېلى كۆپ ھەمدە جيايېتاڭ نۇسخىسى، باۋجىڭلو نۇسخىسى، تيەن يىگې نۇسخىسى، گۇاڭ فاڭيەن نۇسخىسى، مەركىزىي كۇتۇپخانا تۈزگەن نۇسخا، مەركىزىي كۇتۇپخانا تۈزگەن كونا كۆچۈرۈلمە نۇسخا، لى ۋاڭفۇ نۇسخىسى، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى نۇسخىسى، بېيجىڭ گۇمانىتار پەنلىرى تەتقىقات ئورنى نۇسخىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نۇسخىسى، لياڭ خۇڭجىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدىكى مىڭ سۇلالىسى تارىخ سارىيى ھەم باش دىۋان مەھكىمىسى كىتاب ئامبىرىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىلار، شۇنداقلا ئۇنىڭ پارچە - پۇرات بەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ رەتلىگەن، شۇڭا تەيۋەن تارىخ-تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تۈزىتىپ چىققان نۇسخىسى مەيلى نۇسخا، مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سەرپ قىلىنغان مېھنەت جەھەتتىن بولسۇن، نۆۋەتتە ئەڭ سەرخىل نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» نىڭ جىلد - سەھىپىلىرى بەك كېلەڭسىز بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قولايسىز ئىدى. ئەمما، تەيۋەن تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىسمىنى كاتالوگ قىلىپ بەرگەچكە، بۇ ئوردا خاتىرىسىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، كىتابخانىلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

2. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى». مانجۇلار شەنخەيگۇەندىن بېسىپ كىرگەن ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1645 - يىلى) «مىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تۈزۈش يۇرتى» نى تەسىس قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تۈزۈشكە كىرىشكەن. كېيىن كاڭشى، يۇڭجىڭدىن ئىبارەت ئىككى خان دەۋرىدە بۇ خىزمەت داۋاملىق ئىشلەنگەن، چيەنلۇڭنىڭ 4 - يىلى (1739-يىلى) 95 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، جەمئىي 332 جىلد، تۆت جىلدلىق مۇندەرىجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەسەر پۈتۈپ چىققان. «مىڭ

سۇلالىسى تارىخى» دىكى ماتېرىياللار ئاساسەن ئۇردا خاتىرىسىدىكى خاتىرىلەر، ئارخىپلار، بايانناملەر ۋە بەزى ئەسەرلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان ھەمدە ۋاڭ خۇڭشۇنىڭ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىنمۇ خېلى كۆپ پايدىلىنىلغان، ئەمما ۋاڭ خۇڭشۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئەمەلىيەتتە ۋەن سىتۇڭ يېزىپ چىققان. ئەينى دەۋردە ۋەن سىتۇڭمۇ ئاددىي پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نەقىل ئالغان ماتېرىياللىرىنىڭ موللۇقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ياخشىلىقى ھەمدە قەلىمىنىڭ راۋانلىقى بىلەن رەسمىي تارىخلار ئىچىدىكى نىسبەتەن ياخشى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما «ئۇنىڭدا قىسقىچە بايان قىلىنغان ‹ غەربىي يۇرت تەزكىرىسى › كىشىلەرگە خېلى مۇكەممەل چۈشەنچە بېرىدۇ» [27] . شۇڭا، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» يەكەن خانلىقىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان خەزىنىچە مەنبەدۇر. لېكىن، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نى تۈزگۈچىلەر «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇردا خاتىرىسى» نى تۈزگۈچىلەرگە ئوخشاش غەربىي يۇرت بىلەن دېگەندەك تونۇشلۇق بولمىغاچقا، خام ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغان. مەسىلەن: «Qamil» دېگەن نامىنىڭ «哈梅里» ۋە «哈密» دىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىلىشىغا قاراپلا، بۇ يەر نامىنى ئىككى جاينىڭ نامى دەپ ھېسابلىغان ھەمدە ئۇلار توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم تەزكىرە تۈرغۈزغان. ھىراتنىڭ ھۆكۈمرانى شاھرۇھنى يەر نامى دەپ قاراپ، ھىرات ۋە شاھرۇھقا ئايرىم - ئايرىم تەزكىرە تۈرغۈزغان. جاڭ يۈيىنىڭ «چېگرا رايون ئىشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدىكى ئاسۇ شەھىرى (ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى) نىڭ ئورنى سەمەرقەنتنىڭ يېنىدا دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە باشقىلار. . . . . شۇڭا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىن پايدىلانغاندا، ئۇنى چوقۇم «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇردا خاتىرىسى» ۋە بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇش كېرەك.

3. «چېگرا رايون ئىشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» ۋە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى تەزكىرىسى»، بۇ «شەنشىنىڭ چېگرا رايون ئىشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى جاڭ يۈي شەنشىنىڭ باش مۇپەتتىشى بولۇپ، كىتابنىڭ ئۆزى جىياجىڭنىڭ 26 - يىلى (1547 - يىلى) بېسىلىپ تارقىتىلغان. كىتابقا يەنە ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزىمۇ بېرىلگەن. «بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ قوليازمىلار توپلىمى» نىڭ 1 - تومىغا ئاشۇ نۇسخىنىڭ 12 جىلد 6 قىسمىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى كىرگۈزۈلگەن. شى گوجېن ئەپەندى ئۇنىڭ خاتىمە قىسمىدا توختىلىپ: «مىڭ ئوردىسى تەيىنلىگەن باش مۇپەتتىش ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى ھەربىي ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. مەنسەپدار - ئەمەلدارلارنىڭ ئاقىل-ئاقىل ئەمەسلىكىنى تەپتىش قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەر شەكلىگە ئائىت ئەھۋالاتلارنى ئوردىغا مەلۇم قىلاتتى ھەمدە مۇناسىپ كۆرسەتمە ئېلىپ شۇ يوسۇندا ئىش بېجىرەتتى. جاڭ يۈي شەنشىنىڭ باش ئۇگۇتچىسى بولغان مەزگىلدە، چېگرا رايونلار ھەققىدىكى ۋەقەلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆپ ئەجىر بىلەن ئۆز ئەسىرىنى يېزىپ چىققانىدى» دېگەن. مەزكۇر ئەسەرنىڭ 5 - جىلدى «ئۈچ يات ئەل خاتىرىسى» گە، 8 - جىلدى غەربىي يۇرتنىكى ئەللەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزىبىر تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن ئەھۋاللار ئۈستىدىمۇ مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن: «تارىخى رەشىدى» دە مەنسۇرخان تەخمىنەن ھىجرىيە 950 - يىلى، مىلادى 1543 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 1544 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنى جىياجىڭنىڭ 22 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 23 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ۋاپات بولغان دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمما «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا جىياجىڭنىڭ 24 - يىلى ۋاپات بولغان دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئالدىنقى مەلۇماتتىن بىر يىل پەرقلەنگەن. «چېگرا رايون ئىشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» دە بولسا جىياجىڭنىڭ 22 - يىلى 3 - ئايدا ۋاپات بولغان دېيىلىپ، «تارىخى رەشىدى» دىكى مەلۇماتنى ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى

مەنسۇرخاننىڭ ۋاپات بولغان يىلىنى 1543 - يىل 4 - ئاينىڭ 4- كۈندىن 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا دەپ مۇقىملاشتۇرغان. «چىگرا رايون ئىشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق بۇ ئەسەر 1547 - يىلى، يەنى مەنسۇرخان ۋاپات بولۇپ 4 يىلدىن كېيىن يېزىلىپ تاماملانغان. بۇ ئەسەر ئاپتورى چېگرا رايون ئىشلىرىغا رىشتىنى باغلىغان ۋەزىر بولغاچقا، ئەسەردىكى ماتېرىياللارنىڭ خېلى توغرا، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. مەزكۇر ئەسەر خېلى بۇرۇن تارقىتىلغان، ئۇنىڭدىكى بايانالار خېلى سىستېمىلىق بولغاچقا، كېيىن غەربىي يۇرتنىڭ چېگرا رايون ئىشلىرى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلاردا دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭدىن نەقىل ئېلىنغانتى، لېكىن كۆچۈرۈش جەريانىدا يائۇنداق - يابۇنداق كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ئاسۇق شەھىرى» بۇ كىتابتا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «ئاقسۇ شەھىرى» دېيىلگەن (8 - جىلدتا: «كۇچانىڭ شەرقىدىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتا باي دېگەن جاي بار. كۇچانىڭ ئەتراپى دەريالار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. كۇچانىڭ غەربىي شىمالىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتا ئاسۇ شەھىرى بار. ئاسۇق شەھىرى ئۈچ شەھەر بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئەتراپى تاغ - دەريالار بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. ئاسۇنىڭ غەربىدىن 300 چاقىرىم يىراقلىقتا ئايدىل دېگەن شەھەر بار» دەپ خاتىرىلەنگەن) . لېكىن، ۋەنلىنىڭ 15 - يىلى (1587 - يىلى) قايتىدىن تۈزىتىلگەن «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا قامۇسى» دا، «ئاسۇق» باشقا بىر جاينىڭ نامى دەپ قارالغان، ئۇ ئېھتىمال «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى « 阿速 » بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى غەربىي يۇرتقا ئالاقىدار بولغان بارلىق ئەسەرلەر خان ھۆزۈرىدا تۈزۈلگەن يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ بۇ خاتالىقىنى تاكى «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» غىچە ئۆزگەرتمەي قوبۇل قىلغان. مىڭ سۇلالىسى تارىخچىلىرى غەربىي يۇرتنىڭ يەر نامى ھەم كىشى ئىسىملىرىنى خالىغانچە يازغان، بىر خەتنىڭ يېزىلىشىدا بەزىدە ئۇنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردىكى تەلەپپۇزى ئاساس قىلىنسا، بەزىدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىنمىغان، شۇڭا بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاش زۆرۈركى، ئەينى

دەۋردە خەنزۇ تىلى ئوتتۇرا قەدىمكى تاۋۇش (تون) تىن ھازىرقى زامان تاۋۇشىغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى مۇساپىنى تېخى تاماملىيالمىغان. «شۇ ۋەجىدىن خەنلەرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك خاتالىقلار يەنىلا ساقلانغان» [28] . بۇ بىز مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان ۋاقتىمىزدا دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلىدۇر. «چېگرا رايون ئىشلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» ـ شۇ دەۋردە يېزىلغان شۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى ئەمەلىيەتكە خېلى ئۇيغۇن ھەم يېزىقچىلىق پوزىتسىيىسى خېلى ئەستايىدىل ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللەردىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

4 . «جىنشىدىكى لەشكىرىي پىرقە دۇۋان بېگىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» . ئۇ ۋاڭ چيۇڭنىڭ مەكتۇپلىرىدۇر، ۋاڭ چيۇڭ ئىككى قېتىم لەشكىرىي پىرقە دۇۋان بېگىلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ 14 جىلدلىق مەكتۇپلىرى 14 جىلد «لەشكىرىي پىرقە دۇۋان بېگىنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى» دەپ ئاتالغان. ۋاڭ چيۇڭ جياجىڭنىڭ 7 - يىلى (1528 - يىلى) لەشكىرىي پىرقە دۇۋان بېگى ۋە قوشۇمچە ئوڭ قول باش مۇپەتتىش سالاھىيىتى بىلەن شەنشىنىڭ سەنبىيەندىكى ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، قۇمۇلنى قايتۇرۇۋالغان. بۇ ھەقتە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا: « شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي يۇرت تىنچىتىلدى. ئۇ سەنبىيەننى باشقۇرغاندا قىلغان ئىشلىرى ياڭ يىچىڭنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ» [29] ، دەپ خاتىرىلەنگەن. مەزكۇر مەكتۇپنامىدە نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ساقلانغان، ئۇنىڭدا تۇرپان ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا جايلارغا ئائىت ماتېرىياللار بولۇپلا قالماي، يەنە مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەم غەربىي يۇرتقا قوللانغان سىياسىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇڭا ئۇنى ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەر مىلادى 1544 - يىلى (جياجىڭ دەۋرىدە) بېسىلغان بولۇپ، خېلى بۇرۇنقى

مەكتۇپلار توپلىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ چېگرا رايون تارىخىغا دائىر ئەسەرلىرىدە ئۇ ئەسەردىن خېلى كۆپ نەقىل كەلتۈرگەن.

5. «خۇدۇەنمىن ھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى». ئەسەر ئاپتورى خۇشىنىڭ ئىسىملىك كىشى بولۇپ، جياجىڭ يىللىرىدا (1522 — 1566) سول قول باش مۇپەتتىش، زىندان پىرقىسى ۋە لەشكىري پىرقە دىۋان بېگى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان. تارىخنامىلەردە ئۇ «كۆڭلى تۈز، قەيسەر، ھەربىي ئىشلارغا پىششىق كىشى» دەپ ئاتالغان. «مەكتۇپلار» نىڭ 10 - جىلدى «تۆت يۈرۈش كىتابلار» نىڭ «تارىخ قىسمى. پادىشاھ پەرمانى ۋە خانغا يوللانغان مەكتۇپلار» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەكتۇپلاردا بەزى قىممەتلىك مەلۇماتلار ساقلىنىپ قالغان، مەسىلەن، «ئۇيغۇر، تاتارلار چېگرىغا بېسىپ كىرگەن مەزگىلدە ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ قايتۇرما زەربىسى ۋە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقىغا دائىر باياننامىلەر»، يەنى «سەلتەنىتىمىزنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» دىكى «تۇرپاننى قايتۇرۇۋېلىشقا دائىر باياننامىلەر» ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «خۇدۇەنمىن ھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» نىڭ گۇاڭشۈي دەۋرىدىكى نۇسخىسىمۇ بار.

6. «جىن يىشەن قولىيازمىسى». ئەسەرنىڭ ئاپتورى يىن شىدەن جياجىڭنىڭ 26 - يىلى تەشرىپدار بولغان. لۇڭچىڭ دەۋرىدە شىغاۋۇل پىرقىسى دىۋان بېگى ھەم باھادىرلار سارىيىنىڭ باش مۇشاۋىرى بولغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئىككى جىلدى شېئىر، 11 جىلدى ماقالە، بىر جىلدى قىسسە بولۇپ، جەمئىي 14 جىلدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەردە چېگرا رايونلارغا ئائىت خېلى كۆپ مەلۇمات بار، مەسىلەن، لۇڭچىڭنىڭ 4 - يىلى (1570-يىلى) يېزىلغان «يىراقتىكى قوۋملارنىڭ ئولپان تاپشۇرۇش باياننامىسى» تۇرپان سۇلتانى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ناھايىتى قىممەتلىك خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيالدۇر. مەزكۇر تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسەن، بىز «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. بېشبالىق تەزكىرىسى»

دىكى «مۇھەممەد» ( 马黑麻 ) نىڭ ئىككى كىشى ئىكەنلىكىنى، بۇ شاھ مەھمۇد جوراسىنىڭ «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق ئەسىرى، شۇنداقلا باشقا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى بايان بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز. بىز مۇشۇ مەنبەدىن يەنە يەكەن خانلىقىنىڭ تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ «دەرۋازا» ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مىڭ سۇلالىسى بىلەن تارتۇق تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. «جىن يۈيشەن قولىيازمىسى» نىڭ يۇقىرىقى نۇسخىسىدىن باشقا، يەنە مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋەنلى دەۋرىدىكى ئويما مەتبەئە نۇسخىسىمۇ بار.

7. «شەنشى ۋالىيسى يى ئەنىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى». ئەسەر ئاپتورى شى ماۋخۇا، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇنىڭ تەرجىمىھالى يوق. مەزكۇر مەكتۇپلار توپلىمىدا يەكەن خانلىقىغا ئائىت بەزى ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋەنلى دەۋرىدىكى نۇسخىسى بار.

8. «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى». مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى چېن چېڭ، لى شيەن، يۇڭلېنىڭ 12 ـ يىلى (1414-يىلى) 1 ـ ئايدا مەنسەپ ـ تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى چېن چېڭ بىلەن ھەرەمئاغىسى لى دا پەرمانغا بىنائەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىپ، جىيايۈيگۇەندىن ئۆتكەن. كېيىن «17 ئەلنى كېزىپ شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قايتىپ كەلگەن ھەمدە ئۇ جايلارنىڭ تاغ ـ دەريالىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان ‹غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى› نى يېزىپ چىققان» [30]. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك، «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ئەسلى نۇسخا ئەمەس، مەزكۇر نۇسخىنى «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» نى تۈزگۈچىلەر «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» گە ئاساسەن تەھرىرلەپ، قايتا ئىشلىگەن، «غەربىي

يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 97 - جىلدى «ئەدەبىيات ۋەسىقىلىرى تەزكىرىسى» II گە كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ھازىر «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى بار. 1936 - يىلى «بېيجىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ قولىيازمىلار توپلىمى» نىڭ 1 - تومىغا يۇقىرىقى ئىككى ئەسەرنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر جىلد قىلىنىپ كىرگۈزۈلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس، يەنە كېلىپ سەپەر خاتىرىسى يېزىپ قالدۇرغانلار تېخىمۇ ئاز، شۇڭا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتقا دائىر ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىن پايدىلانغان، ئۇ ئىككى ئەسەر قايتا - قايتا كۆچۈرۈلۈش داۋامىدا ئۇنىڭغا توقۇلمىلار قوشۇلغان، كۆپ ھاللاردا ئەسەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن. گەرچە يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردە خاتالىق، چىنلىقىغا ئۇيغۇن كەلمەسلىكتەك يېتەرسىزلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا غەربىي يۇرت تارىخى توغرىسىدىكى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىقى ئىككى سەپەر خاتىرىسى يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇشتىن 100 يىل بۇرۇن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن تاكى XVIII ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى خەنزۇچە سەپەر خاتىرىسى يېزىپ قالدۇرۇلمىغان. شۇ سەۋەبتىن ئىككى ئەسەر يەكەن خانلىقىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن يەرلىك ئۆرپ - ئادەتنىڭ ئۆزگىرىش، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ياكى راۋاجلانماسلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

9. «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى». «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، 1933 - 1936 - يىللىرى جەمئىي 4484 جىلد، 122 قۇتا (كىتاب ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قەغەز ساندۇقچە)، 1220 قىسىم قىلىنىپ فوتو

نۇسخا ھالىتىدە چىقىرىلغان. 1964 - يىلى تەيبېي خۇاليەن نەشرىياتىمۇ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى جەمئىي 95 قىسىملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان. ئەمما بۇ نەشرىگە «شۈەنتۇڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىسى» كىرگۈزۈلمىگەن. 1968 -، 1969 - يىللىرى، تەيبېي خۇاۋېن كىتابخانىسى «چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» بىلەن «شۈەنتۇڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىسى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. 1986 -، 1987-يىللىرى جۇڭخۇا كىتابخانىسى 8 جىلدلىق «مانجۇلارنىڭ ئوردا خاتىرىسى»، 65 جىلدلىق «تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 144 جىلدلىق «تەيزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 300 جىلدلىق «شىزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 300 جىلدلىق«شېڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 159 جىلدلىق «شىزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 1500 جىلدلىق «گاۋزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 374 جىلدلىق «رېنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 476 جىلدلىق «شيەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 356 جىلدلىق «ۋېنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 374جىلدلىق «مۇزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 597 جىلدلىق «دېزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» ھەمدە 70 جىلدلىق «شۈەنتۇڭنىڭ سىياسىي ئىشلار خاتىرىلىرى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى جەمئىي 4433 جىلد، 60 قىسىملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان. مەزكۇر فاكسىمىل نۇسخا ھازىر جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ («ئوردا خاتىرىسى» ئىلگىرى دىۋانبېگى كىتابخانىسىدا ساقلانغان). «مانجۇلارنىڭ ئوردا خاتىرىسى» ھازىر جۇڭگو 1 - تارىخ ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ (ئىلگىرى پادىشاھلىق تارىخ سارىيىدا ساقلانغان). داخۇڭلىڭ نۇسخىسى (ئون خاننىڭ ئوردا خاتىرىسى) ھازىر گۇگۇڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ (يەنى شياۋخۇڭلىڭ تولۇقلىما نۇسخىسى سۈپىتىدە). بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان

«دېرۋلڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» بىلەن «شۇەنتۇڭنىڭ سەلتەنەت خاتىرىسى» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئۆۋەتتە ئەڭ سەرخىل نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى»، بولۇپمۇ تەيزۇ، تەيزۇڭ، شىزۇ دەۋرلىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلگەچكە، «بارغانسېرى چىنلىقىنى يوقاتقان» ⑪. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن قىسمى ئاساسلىقى جۇرجىتلار بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەم ئوردىدىكى ئىچكى نىزالارغا ئائىت مەزمۇنلار بولغاچقا، ئۇ غەربىي يۇرتقا دائىر مەزمۇنلار بىلەن ئانچە مۇناسىۋەتسىز. يەكەن خانلىقى ئاخىرقى دەۋرلىرىدە چىڭ ئوردىسىغا كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان. شۇنجى، كاڭشى ئىككى خان دەۋرىدىكى «ئوردا خاتىرىسى» دە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئەبۇل مۇھەممەد ھاجىخان، ئابدۇللاخان، مەھمۇد ئىمىن باھادىرخان، ئۇيغۇر خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قاتارلىق چوڭ-كىچىك خانلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان، بۇلارنى يەنە مۇسۇلمان تارىخچىلىرى يازغان تارىخلار ئارقىلىق دەلىللەشكە، تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

10. «خان ھۇزۇرىدا تۈزۈلگەن موڭغۇل، ئۇيغۇر قاتارلىق يات ئەللەردىكى ۋاڭ-تۆرىلەرنىڭ تەرجىمىھالى». مەزكۇر كىتاب چيەنلۇڭنىڭ يارلىقى بىلەن 1779-يىلى يېزىلىشقا باشلاپ، 1795-يىلى كىتاب بولۇپ تۈپلەنگەن. ئۇنىڭ 170-ۋە 190-جىلدلىرىدا يەكەن خانلىقىغا ئالاقىدار مۇھىم مەلۇمات، مەسىلەن، تۇرپان ھۆكۈمرانى بىلەن يەكەن ھۆكۈمرانىنىڭ مۇناسىۋىتى، جۇڭغارىيە خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسىدىكىلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشقان، ئۇلار يازغان خۇسۇسىي ئەسەرلەردە كۆپ ھاللاردا يەكەن خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە دىن، مەدەنىيەتكە دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە دىن، مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار

كەمچىل ئەھۋالدا، خۇسۇسىيلارنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ خىلدىكى مۇھىمراق ئەسەرلەرگە: چۇڭ گوي ۋە گۇ شىخىڭ يازغان: «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى» (1772 - يىلىدىن بۇرۇن يېزىلىپ تاماملانغان)، چۈن يۈەننىڭ: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، «خان ھۆزۇرىدا تۈزۈلگەن غەربىي يۇرتنىڭ تەرجىمە تەزكىرىسى»، «خان ھۆزۇرىدا تۈزۈلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «خان ھۆزۇرىدا تۈزۈلگەن جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(4)

1. «مىڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى - ‹مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى› دىن ئېلىنغان». «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» نىڭ باش قىسمىنىڭ ھەجمى بەك چوڭ بولغاچقا، پايدىلىنىش قولايسىز ئىدى. شۇڭا، ياپونىيە ئالىمى خاتانى ئاكىرا تەيۈەن تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنى تۈزىتىپ نەشر قىلغان «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» دىكى غەربىي يۇرتقا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تاللاپ، 1974 - يىلى بېيجىڭدا «مىڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىي ماتېرىياللىرى - ‹مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى› دىن كۆچۈرۈلمىلەر» ناملىق كىتابنى نەشر قىلغان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئەپسۇس، پېقىر بۇ ئەسەرنىڭ دېرىكىنى قىلغان بولساممۇ، ھازىرغىچە ئۇنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم، بۇ ئەسەر ئېلىمىزگە كىرگەنمۇ، يوق؟ بۇنىمۇ بىلەلمىدىم.

2. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرىدىكى شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى». «چىڭ ئوردىسى خاتىرىسى» نىڭ باش قىسمى «مىڭ

سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى» گە قارىغاندا بەك كۆپ بولۇپ، ئۇ جەمئىي 1400 جىلدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تولىمۇ قولايسىز ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئېلىمىز ئالىملىرىدىن گو پېڭلياڭ ۋە جى داچۇن 1973 ـ، 1974 ـ يىللىرى «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دىكى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تاللاپ، 1982 ـ يىلى شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ نامىدا ئۇنى 12 قىسىملىق «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرىدىكى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇردى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى «مانجۇلارنىڭ ئوردا خاتىرىسى» ۋە تەيزۇ، تەيزۇڭ، شىزۇ، شېڭزۇ قاتارلىق تۆت خاننىڭ «ئوردا خاتىرىسى» نىڭ توپلىمى بولۇپ، توپلامدا يەكەن خانلىقىغا ئالاقىدار ماتېرىياللار خېلى كۆپ.

3. «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى». مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان، يەنە كېلىپ بەزى ماقالىلەر توپلىمى ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتىغا كۆپ قولايلىق ياراتتى. بۇ ماتېرىياللار توپلىمىنى ئېلىمىز ئالىمى چېن گاۋخۇا ماتېرىيال توپلاش، نەقىل ئېلىش ھەم يىل تەرتىپى بويىچە رەتلەش ئارقىلىق پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، «بۈيۈك مىڭ قانۇنلىرى توپلىمى»، «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «ئالاھىدە رايون توغرىسىدا دوكلات خاتىرىسى»، «كېيىنكى ساۋاق خاتىرىلىرى»، «خۇايى تەرجىمىسى»، «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»، «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى»، «چۈەنبىيەن توغرىسىدا قىسقىچە خاتىرە»، «بارچە ئىقلىمغا باب كېسەللىكلەرنى داۋالاش قامۇسى»، «يەنجۇ تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ

ئالدىنقى توپلىمى» ، «لياڭ ۋالىيسى شياڭمىن ھەزرەتنىڭ توپلاملىرى» ، «گۇەنجۇڭنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» ، «ۋاڭ شىجيا توپلاملىرى» ، «خۇ دۇەنمىن ھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» ، «شاڭ ۋېنيى ھەزرەتنىڭ توپلاملىرى» ، «گۇيجۇ ئەپەندىنىڭ توپلاملىرى» ، «جىن يۈيشەن قولىيازمىلىرى» ، «جىنشىنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» ، «ياۋ ۋېنمىن ھەزرەتتىن قالغان قولىيازمىلار» ، «جاڭ ۋېنجۇڭ ھەزرەتنىڭ توپلاملىرى» ، «تۇشۈي ئەپەندىنىڭ توپلاملىرى» ، «نەنگۇڭنىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» ، «كاڭ دۈيشەن ئەسەرلىرى توپلىمى» ، «ئەسەر ئۆچۈرلىرى» ، «سەلتەنىتىمىزنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» ، «يات قوۋملار توغرىسىدا خاتىرە» ، «ئاسىي ۋاسساللارنى تىنچىتىش ئىشىنىڭ باش - ئاخىرى» ، «قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىش خاتىرىسى» ، «ئىدىقۇت مەھكىمىسىنىڭ خەت - چەكلىرى» ، «سەلتەنىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خاتىرىلىرى» ، «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇبيەن ھەققىدە مۇھاكىمە» ، «مىڭ شىزۇڭنىڭ ئاقىلانە پەند - نەسىھەتى» ، «شەنشى ۋالىيسى بى ئەننىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» قاتارلىق 35 خىل كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئالايلۇق، «كېيىنكى ساۋاق خاتىرىلىرى» قاتارلىقلار قولىيازما نۇسخىلاردۇر. بۇ كىتاب ئىچىدىكى بەزى مۇھىم ماتېرىياللار بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. مەسىلەن: «شېيخۇشەن ئىقرارنامىسى» مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر، يەنە كېلىپ ئۇنى تاپماق تەس. بۇ «ماتېرىياللار توپلىمى» نىڭ نامىدا «قۇمۇل» ، «تۇرپان» نىڭ نامىلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنى غەربىي يۇرتتىكى يۇقىرىقى ئىككى جايدىن باشقا جايلارنىڭ ئەھۋالىغىمۇ چېتىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى يەكەن خانلىقىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمى دېيىشكە بولىدۇ.

# ئىزاھلار:

① مەسىلەن، شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» («خرونىكا») ۋە «ئەنىس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى»)، نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»، مىرزا ئالاۋىددىن يەركەندى يازغان «ھىدايەتنامە» ۋە «تەزكىرەتۇل ھىدايەت» قاتارلىقلار.

② ئاكمۇشكىن شاھ مەھمۇد يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزنىڭ 12-بەت، 1 - ئىزاھىغا قاراڭ (موسكۋا، 1976- يىل نەشرى).

③ خەن رۇلىن: «موڭغۇللارنىڭ نامى». مەركىزىي (جۇڭيالڭ) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى» نىڭ 1943- يىللىق 1- توپلام، 1 - سانىغا بېسىلغان؛ «چيۇڭلۇ توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، 153 - بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1982- يىل نەشرى.

④ ياڭ جىجيۇ: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «تارىخ ئوقۇتۇشى» نىڭ 1985 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان.

⑤ «تارىخى جاھانكۇشاي»، خې گاۋجى تەرجىمە قىلغان، ۋەجيەن سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى؛ «جامىئۇتتاۋارىخ»، يۈي داجۈن، جۇجيەنچى تەرجىمىسى، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1983 -، 1986 - يىل نەشرى.

⑥ ئەمەلىيەتتە، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىدىكى خەت - چەكلەر» بىلەن «مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىدىكى تەرجىمىلەر» دە پارسچە «موغۇل» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئىزاھ ئاھاڭى « 卯斡勒 » دەپ ئېلىنىپ، «تاتار» (دادەن) دەپ تەرجىمە قىلىنغان (ليۇ يىڭشېڭ: «مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىدىكى خەت - چەكلەر بىلەن مۇسۇلمانلار مەھكىمىسىدىكى تەرجىمىلەر ھەققىدە تەتقىقات» قا قاراڭ، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمال مىللەتلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ 12 - ، 13 - سانلىرىغا بېسىلغان، 1989 ـ 1990 - يىل). دېمەك، بۇنىڭدىن «موغۇل» دېگەن سۆزنىڭ بۇرۇنلا خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، شۇڭا خەنزۇچىدا بۇ نامغا « 卯斡勒 » دېگەن ئۈچ خەتنى قوللىنىش كېرەك، لېكىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەنە تەرجىمە « 韃靼 » (تاتار) شۇ چاغدا موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى.

⑦ «ئوتتۇرا ئاسىيا» نىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى توغرىسىدىكى قاراشلار بىردەك

ئەمەس، هازىر ئادەتتە ب د ت ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتى بېكىتكەن دائىرە ئاساس قىلىنىدۇ، تەپسىلاتىنى غاپپاروف، مىروشنىكوف يازغان: «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات» (موسكۋا، 1976 - يىل نەشرى) نىڭ «كىرىش سۆز» ىدىن كۆرۈڭ.

⑧ « تارىخى رەشىدى» ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يازغان، خەنزۇچە نەشرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلغان، ۋاڭ جىلەي سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، تۆۋەندە قىسقارتىپ «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى دېيىلىدۇ.

⑨ ۋ. پ . يۇدىن: «مۇگىنوف يازغان ‹سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسىيا مىللەتلىرى تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرۇش› دېگەن ماقالىگە باھا» ، «سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئاخباراتى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) نىڭ 1965 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان.

⑩ The Times Atlas Of Worid History, editor in chief Geoffrey Barraclough, London • 1978 - يىل، ئۇنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى دېڭ شۇشېڭ تەھرىرلىگەن، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1982 - يىل نەشرى.

⑪ «تارىخى رەشىدى» ، مەن ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى (ئى. د. روسس، لوندون، 1972 - يىل، تۆۋەندە TR دېيىلدۇ) بىلەن ئاشۇ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىلا كۆرگەن، پارسچە ئەسلى تېكىستىنى كۆرمىگەن، بۇ يەردىكى «قەشقەر خاندانلىقى» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدا The Kingdom of Kashghar دەپ ئېلىنغان.

⑫ TR ، 253 - بەت ، «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2- قىسىم، 143 - بېتىگە قاراڭ.

⑬ TR ، 250 - بەت، «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 139 - بېتىگە قاراڭ.

⑭ TR، 316 - بەت، «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 235 - بېتىگە قاراڭ.

⑮ TR، نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى:
The accession of the khan to the kingdom of kashgnar.
wasin rajab of the year 920 «دېگەننى «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا: «سۇلتان سەئىدخان (ھىجرىيە) 920 - يىلى رەجەپ ئېيىدا قەشقەر خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقتى» دەپ تەرجىمە قىلغان، كونتېكىستقا ئاساسلانغاندا «accession» دېگەننى «تەختكە چىقىش» دەپ تەرجىمە قىلىش ئانچە توغرا بولمىغاندەك تۇرىدۇ.

⑯ TR، 51 - بەت، «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 60 - بېتىگە قاراڭ. بۇ يەردە ئېيتىلغان. . . . دىكى ئالتەشەھەر — قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇنى كۆرسىتىدۇ.

⑰ تەن چىشياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 7- قىسىم، 42 _ 43 - بەتلەر، خەرىتە نەشرىياتى، 1982 - يىل.

⑱ ۋ. ۋ. بارتولد ماقالىلىرىگە قاراڭ، 8-توم، 598 _ 599 - بەتلەر؛ 5 - توم، 309 - بەت، ئېلئاس «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىغا يازغان كىرىش سۆز، 4 -، 8 - بەتلەر.

⑲ ۋ. ۋ. بارتولد ماقالىلىرىگە قاراڭ، 5 - توم، 610 - بەت؛ 7 - توم، 309- بەت.

⑳ ئاكمۇشكىن: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ئۈچۈن يازغان كىرىش سۆز (خىرونىكا46 - بەت).

㉑ «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 32 - ئىزاھ، 258 - بەت.

㉒ ۋ. ۋ. بارتولد ماقالىلىرىگە قاراڭ، 8 - توم، 597 - بەت؛ 1 - توم، 84 - بەت.

㉓ ۋ. ۋ. بارتولد ماقالىلىرىگە قاراڭ، 8 - توم، 174 - بەت.

㉔ ئا. م. مۇگىنوف: ئاسىيا مىللەتلىرى تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان «ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرۇش»، 38. N0، موسكۋا، 1962 - يىل؛

ئاكىمۇشكىن «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ئۇچۇن يازغان كىرىش سۆز (خىرونىكا، 16 - بەت).

㉕ «سىلىشتۇرۇپ بېسىلغان مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسىگە كىرىش سۆز»، تەيۋەن تەتقىقات يۇرتىنىڭ تارىخ - تىل تەتقىقات ئورنى سىلىشتۇرۇپ باسقان «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىسى»، 1 - قىسىم، 24 _ 52 - بەتلەر.

㉖ ۋاڭ شۇمىن: «تارىخ بۆلۈمىدىكى مۇھىم كىتابلارغا ئىزاھ»، 179 - بەت، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1981 - يىل نەشرى.

㉗ چېن گاۋخۇا: «مىڭ دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» غا «كىرىش سۆز»، 7 - بەت.

㉘ «تۆت كىتاب ئامبىرىدىكى بارلىق كىتابلارنىڭ مۇندەرىجىسى»، 64 - جىلد، «تارىخ بۆلۈمى، تەزكىرە، خاتىرىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى» VI .

㉙ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 199 - جىلد «خۇ شىنىڭ تەرجىمىھالى».

㉚ «مىڭ تەيزۇڭ دەۋرانىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 169 - جىلد.

㉛ ۋاڭ شۇمىن: «تارىخ بۆلۈمىدىكى مۇھىم كىتابلارغا ئىزاھ»، 180- بەت.

# ئىككىنچى باب

# تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى — شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر

## 1. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى

1225 - يىلى چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغاللىق زېمىن بەرگەندە، ئىككىنچى ئوغۇل چاغاتاي ئۇيغۇرىيەدىن تارتىپ ماۋرائۇننەھرگىچە بولغان كەڭ رايونغا ئىگە بولدى، چاغاتايخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ رايون تارىختا «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى چوڭ خان ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، چاغاتاي خانلىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە ماۋرائۇننەھردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىمۇ ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى. خانلىق ھۆكۈمرانلىرىمۇ تەدرىجىي مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا يۈزلەندى، بەزى خانلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە سودا ساھەسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ ھوقۇقنى مەركەزگە يىغدى. بۇ موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆچمە چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا خىلاپ بولۇپلا قالماي، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ ئېغىر زىيان يەتكۈزگەچكە، بۇ ئۇلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئىككى تەرەپنىڭ كۈرەشى نەتىجىسىدە خاننىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشتى، قەبىلە ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچى زورايدى. 1346 - يىلى ماۋرائۇننەھردىكى بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خازانخان خازان

سۇلتانخاننى ئۆلتۈرۈپ دانىشمەندنى خان قىلىپ تىكلىدى. باشقا قەبىلىلەردىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر خازانخاننىڭ «تەڭرىقۇتنى يۆلەش ئارقىلىق ھەر قايسى بەگلەرگە يارلىق چۈشۈرگەن»لىكىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بەس - بەستە چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن خان تىكلەپ، ئۇنىڭ بىلەن قارشىلاشتى.

ھەرقايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىدىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر قوزغىغان ھاكىمىيەت ۋە زېمىن تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىمۇ ماۋرائۇننەھردىكى بارلاس جەمەتى بىلەن قەتئىي قارشىلىشىدىغان دوغلات جەمەتى شەكىللەندى. دوغلات جەمەتىنىڭ ئەمىرى بولاجى «خانلىق تەختىنىڭ بوش تۇرغانلىقى»، «خان ئەۋلادلىرىنىڭ يۆلەنچۈكسىز قالغانلىقى»نى كۆرۈپ، «خاندىن بىرنى تىكلەپ، ئەل تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى»، بىر مەزگىل ئىزدەپ، «ئاخىر ئوڭۇشلۇق ھالدا تۇغلۇق تۆمۈرنى تاپتى» ۋە ھىجرىيە 748 - يىلى ئاقسۇدا ئۇنى تەختكە چىقاردى ① (1347 ـ 1348). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چاغاتاي خانلىقى رەسمىي تۈردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ② ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پۈتۈن كۈچىنى خانلىقنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراتقان، بىر نەچچە قېتىم ماۋرائۇننەھرگە قوشۇن چىقىرىپ قىسقا ۋاقىت مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرى يەنىلا مەغلۇپ بولدى ۋە ئۆزىنىڭ شەرقىي قىسىمدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىلا ساقلاپ قالالىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون تارىختا «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى بولسا بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ، تارىختا «تۆمۈر ئىمپېرىيىسى» ياكى «تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى» دەپ ئاتالدى.

بۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يەنىلا دوغلات جەمەتىنىڭ قولىدا بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان قورچاق خان بولۇپ تۇرۇۋېرىشنى ئەسلا خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ بارچە ئامالنى ئىشقا سېلىپ

خاننىڭ ھوقۇقىنى زورايتىشقا ۋە ئۆزىگە قوللىغۇچى تېپىشقا تىرىشتى. ئىسلام دىنى شۇ دەۋر شارائىتىدا كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە ئىدى، «ماڭلاي سۆيەر» ـ ئاساسەن شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى زېمىنى بولۇپ، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە دىنىي ساھەنىڭ قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈرخان 24 ياش ۋاقتىدا، يەنى تەختكە چىقىپ ئالتىنچى يىلى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى ھەمدە ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇردى. دوغلات جەمەتى دەرھال بۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر كۆردى: بولاجىنىڭ چوڭ ئىنىسى ئەمىر تۇلەك ئۈچ يىل ئاۋۋاللا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئېيتىپ «سىزدىن قورققانلىقىم ئۈچۈنلا خۇداغا ئوچۇق- ئاشكارا ئىبادەت قىلالمىغانىدىم» دېدى. شۇنداق قىلىپ، دوغلات جەمەتى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بەگ - سىپاھلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار بولۇپ قالدى ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدە ئىسلامىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇشىنى قوللىدى. جوراس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى، «تارىخى رەشىدى» ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، كۈچ سىنىشىش ئارقىلىق غەيرىي دىن مۇرىتلىرى (كۇپپارلار) مەغلۇپ بولغان، كىشىلەر شادلىققا چۆمۈپ، شۇ كۈنىلا 160 مىڭ كىشى ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىۋېتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «ئىسلام دىنى پۈتكۈل چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدا تارىلىشقا باشلىغان.» ③

تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋرائۇننەھرگە قاراتقان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتكەن چاغاتاي خانلىقىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خانلىق ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. بولاجىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ جەمەتنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىش مەقسىتىدە، ئۇلۇسبېگىلىك مەنسىپىنى بولاجىنىڭ ئوغلى خۇدايداتقا بەردى. بولاجىنىڭ ئىنىسى قەمىرىدىن «خاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئاغامنىڭ مەنسىپىنى ماڭا بېرىشلىرى كېرەك ئىدى،

ئۇنىڭ ئوغلى ئىبنى ئەمىر ئابدۇللا بۇرۇن يادىغا كەلدى، ئۇ بۇ ۋەزىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماستىن، ئەمىر ئابدۇللا يەنە ياشقا كىرگەن ئەمىر خۇدايداتنى مۇشۇ مەنسەپكە تەيىنلىدى» ④ . «قەمىرىدىن قاتتىق نارازى بولغان بولسىمۇ، نائىلاج قالدى.» بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قەبىلە ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەسىرىنى ئازايتىشتىكى بىر قېتىملىق چوڭ غەلىبىسى ئىدى.

## 2. قەمىرىدىننىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى ۋە خۇدايداتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيە 764 - (1362 — 1363) يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماۋرائۇننەھر رايونىنى ساقلاۋاتقان ئوغلى ئىلياس خوجا شەرقىي - موغۇلىستانغا قايتىپ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ماۋرائۇننەھردىكى ئەمىرلەرنىڭ بۇنىڭغا قارشى كۆتۈرگەن قوراللىق توپىلىڭى 1365 - يىلى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سىر دەرياسى بويىدىكى چىناس بىلەن تاشكەنتتە يۈز بەرگەن مەشھۇر «سازلىق ئۇرۇشى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە ئىلياس خوجا زەپەر قۇچۇپ، سەمەرقەنتكە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئەمما شەھەر قەلئەسىنى ئىشغال قىلىشنىڭ داۋاملىققا مۇمكىن بولمىغانلىقى ۋە لەشكەرلەر ئارىسىدا ئېغىر كېزىك كېسىلى تارقالغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلاجسىز قوشۇن چېكىندۇردى. «تارىخى رەشىدى» ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، « مۇشۇ ۋەقەلەردىن كېيىن ئۇ (ئىلياس خوجا) ۋاپات بولدى» ⑤ . شەرەفىددىن يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىلياس خوجاخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەمىرىدىن ئاشكارا ئىسيان كۆتۈرگەن. «ئۇ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدىلا (تۇغلۇق تۆمۈر) خاننىڭ ئون سەككىز ئوغلىنى قەتل قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى ۋە چاغاتاي خانلىرىنىڭ قانۇنىي ھۆكۈمرانلىقىنى تارتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەمىرلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، مەملىكەت مالىمانلىشىپ كەتتى» ⑥ ، ماۋرائۇننەھردىكى

بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئاقساق تۆمۈر بىر نەچچە قېتىم قوشۇن تارتىپ تۇرپانغىچە ھۇجۇم قىلدى ۋە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. 1414 - يىلى مىڭ سۇلالىسىدىن چېن چېڭ، لى شيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندە، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەت ئىزلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن: پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ لۈكچۈن، قوجۇ (بۈگۈنكى تۇرپان شەھىرىدىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى)، تۇرپان، قەشقەر، ئالمالىق (بۈگۈنكى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىق جايلىرىدا كىشىلەر بىر ئامال قىلىپ تىرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلار پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلانغان، ئىلگىرىكى ئاۋات رەستىلەر قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغاچقا، ئامان قالغان كىشىلەر پەقەت تاغ - جىلغىلىرىدا ياشاشقا مەجبۇر بولغان ⑦ .

قەمىرىددىن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان ۋاقىتلاردا دوغلات جەمەتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى قىرغىن قىلغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى خىزىر خوجىنى خۇدايداتنىڭ ئانىسى مىرئاغا يوشۇرۇپ قويغانىدى. تەخمىنەن ھىجرىيە 791 - (1389) يىلى ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئاۋۋال يالغان خان قەمىرىددىن خان تۆمۈرلەڭنىڭ ئىستېلاچى قوشۇنلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، «ئىز - دېرەكسىز يوقالغان» دىن كېيىن ئۇنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا يۈرگۈزگەن چارەك ئەسىرلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشتى. خۇدايدات بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىزىر خوجىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ «قانۇنىي » ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى «خان ئەمىر خۇدايداتنىڭ شاپائىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن ئەسلىدىلا ئۇنىڭغا بەرگەن توققۇز خىل ئىمتىيازدىن سىرت، يەنە ئۈچ خىل ئىمتىيازنى ئىنئام قىلغان، نەتىجىدە ئەمىر خۇدايداتنىڭ ئىمتىيازى جەمئىي 12 خىلغا يەتكەن» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىمتىيازلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئىمتىيازنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدە ئىدى: «. . .

10. زىياپەتلەردە خاننىڭ مەھرەملىرى چاي - قىمىز قۇيۇشقا مەسئۇل بولسا، ئەمىر خۇدايدات ئۇلارغا ئىككى مەھرەمنى قوشۇپ قويىدۇ، بۇلارنىڭ بىرى، ئوڭ تەرەپتە تۇرۇپ خانغا چاي - قىمىز قۇيسا، يەنە بىرى، سول تەرەپتە تۇرۇپ ئەمىر خۇدايداتقا چاي - قىمىزقۇيىدۇ. بۇ ئىككى مەھرەم سۇنىدىغان تاۋاقلارنى مەخسۇس خان بىلەن ئەمىر خۇدايداتلا ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق. 11. بارلىق ئەمىر - پەرمانلارغا بىردەك ئەمىر خۇدايداتمۇ مۆھۈرنى بېسىشى كېرەك، ئەمما خاننىڭ مۆھۈرى خۇدايداتنىڭ مۆھۈرىنىڭ ئالدىغا بېسىلىدۇ⑧ . . . » ھەممىگە مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىر كۆچمەن قەبىلىلىرىنىڭ ئوردا زىياپەتلىرى كۆپىنچە ئەمەلدارلار خانغا سۇيىقەست قىلىدىغان ياكى خان بەزى ئەمەلدارلارنى يىغىشتۇرىدىغان سورۇن ئىدى. خۇدايداتنىڭ 10 - ئالاھىدە ئىمتىيازىدىكى خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدىغانغا بېكىتىلگەن خاس مەھرەم ھەرقاچان خاننى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتى، شۇنداقلا خاننى يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەمىر خۇدايداتنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىناتتى. بۇ خىل ئىمتىياز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىكى بەزى ۋەزىر - سەركەردىلەرنىڭ «ياراغ كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرىش» تەك ئىمتىيازىغا سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە خەتەرلىك ئىدى. 11 - ئىمتىيازدىن روشەن ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بارلىق ئەمەلىي ھوقۇق خۇدايداتنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن، يەنى خۇدايداتنىڭ «قوشۇمچە مۆھۈرى» بېسىلمىسا خاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ئىناۋەتسىز بولاتتى؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خۇدايداتنىڭ «قوشۇمچە مۆھۈرى»لا بولىدىكەن، خاننىڭ ئۆز مۆھۈرىنى باسماسلىقىقا ئىلاجى يوق ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاساسىي چوڭ ھوقۇقلىرى «قانۇنىي» شەكىلدە دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايداتقا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلاد مىراس قالدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخانمۇ مۇشۇ ئون ئىككى خىل ئىمتىيازنى تاغىسى سەئىد مەھمۇدقا ئىنئام قىلىپ بەرگەنىكەن ⑨ .

خۇدايدات ـ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى ئىقتىدارلىق سىياسىئون بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىدە «ئۆز قولى» بىلەن خىزىر خوجا، شەمئى جاھان، مۇھەممەدخان، شىر مۇھەممەدخان، نەخشى جاھان، ئۇۋەيس ⑩ قاتارلىق ئالتە نەپەر خاننى تەختكە چىقارغانىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بېشبالىقنى پايتەخت قىلىپ تۇرۇپ شەرق ۋە غەرب تەرەپلەردىكى ئىككى چوڭ قوشنا ئەل ـ مىڭ سۇلالىسى ۋە تۆمۈرىيلەر خاندانلىقى بىلەن بىر قەدەر يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. خىزىرخوجاخاننىڭ تەختكە چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى 1391 - يىلى مىڭ سۇلالىسى پايتەختى نەنجىڭگە يېتىپ كەلدى، مىڭ تەيزۇمۇ جاۋابەن زىيارەتكە ئەلچى ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى - ئەمەلدارلارنىڭ بېرىش - كېلىش پائالىيەتلىرى زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. خىزىرخوجاخان خان جەمەتى قىزلىرىدىن بىر مەلىكىنى تۆمۈرلەڭگە ياتلىق قىلىپ ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. خىزىرخوجاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تۇرپان رايونىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ھەمدە بۇ جايدا ئىسلامىيەتنى ئومۇملاشتۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇزۇندىن بېرى سىياسىي، جۇغراپىيە ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشاشماسلىقى سەۋەبىدىن ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىرلىككە كېلىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللىنىشكە باشلىدى.

خىزىرخوجاخان دەۋرىدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئاساسەن ئەمىنلىك ھۆكۈم سۈردى، خانلىقنىڭ زېمىنى ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپتى: 1. موغۇلىستان («موڭغۇللارنىڭ زېمىنى» دېگەن مەنىدە). بۇ شەرقتە ئالتاي تېغىدىن باشلىنىپ غەربتە تالاس دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى چۆللۈككىچە، شىمالدا تارباغاتاي تېغىدىن بالقاش كۆلىنى بويلاپ، جەنۇبتا تيانشان تىزمىلىرىغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قىسىمدا كەڭ كەتكەن يايلاقلار، شۇنداقلا ئېگىز تاغلار ۋە جىلغا يايلاقلىرى بولۇپ، سۇيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى بۇلۇق، شارائىتى

چارۋىچىلىققا تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. 2. ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمالىدىكى رايونلار ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. 2. ماڭلاي سۆيەر. بۇ قىسىم ئاساسەن غەربىي لياۋ (قارا خىتاي) دەۋرىدىكى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيىسى بولۇپ، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە بۇ دائىرە دوغلات جەمەتىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى بولۇپ قالدى. ئۇ پامىرنىڭ شەرقىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارنى ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بەزىدە يەنە تاشكەنت رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بۇ رايونلار ئاساسەن دېھقانچىلىق ۋە بىر قىسىم جايلىرى يېرىم تېرىقچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرى بولۇپ، ئاھالىلىرى ئاساسەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي قوۋملار ئىدى. 3. ئۇيغۇرىستان. بۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ يېرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاساسەن قارا خىتايلار دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلىرىنى، جۈملىدىن تۇرپان، قاراشەھەر (چالىش) قاتارلىق ئىككى جاينى، بەزىدە كۇچا ۋە قۇمۇل رايونلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ رايونلار بولسا دېھقانچىلىققىمۇ، چارۋىچىلىققىمۇ ماس كېلەتتى.

## 3. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋاللار

1403 ـ يىلى خىزىر خوجا ئالەمدىن ئۆتۈپ، چوڭ ئوغلى شەمئى جاھان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ كۆپ قېتىم مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغات تاپشۇرغان، مىڭ سۇلالىسىمۇ كۆپ قېتىم ئەلچى ئارقىلىق «يارلىق ۋە تىللا ئەۋەتىپ ھال سورىغان» ⑪ . شەمئى جاھان خان 1407 ـ يىلى ۋاپات بولدى، ئورنىغا ئىنىسى مۇھەممەد ۋارىسلىق قىلدى. مۇھەممەدخان تەقۋادار ئىسلام مۇرىتى بولۇپ، خانلىق تەۋەسىدىكى موڭغۇللار ئىچىدە ئىسلام دىنىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن مەجبۇرىي يولغا قويدى، سەللە يۆگىمىگەن موڭغۇللارنىڭ بېشىغا تاقا مىخىنى قاقتى ⑫ . ئۇ مىڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى بىلەن

ئۆز- ئارا سوۋغات ئەۋەتىپ تۇرۇشقان بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنىدى. 1415 - يىلى مۇھەممەدخان ۋاپات بولۇپ، ئوغلى شىرمۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەيلا تەختتىن چۈشۈرۈلدى، خۇدايداتنىڭ يۆلىشى نەتىجىسىدە شەمئى جاھاننىڭ ئوغلى نەخشى جاھان خان بولدى. تەختتىن چۈشۈرۈلگەن شىرمۇھەممەد ئازراق زېمىن ئىگىلەپ، ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، كېيىنچە سۇلتان ئۇۋەيسخان تەرىپىدىن يوقىتىلدى. نەخشى جاھان خان تەختتە ئۈچ يىل ئولتۇردى. 1417 - يىلى خىزىرخوجىنىڭ نەۋرىسى، شىرئەلىنىڭ ئوغلى ئۇۋەيس ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، خۇدايداتنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىقتى. سۇلتان ئۇۋەيسخان دەۋرىدە (1417 - 1432) ئويراتلار غەربكە كېڭىيىپ، موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىغىچە يېتىپ كەلدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزى ئىلى ۋادىسىغا ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا يۆتكەلدى، سۇلتان ئۇۋەيس پايتەختنى ئىلىبالىق (بۈگۈنكى غۇلجا) قا كۆچۈردى. ئۇ ھەر يىلى تارىم، تۇرپان، لوپنۇر تەرەپلەرگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلايتتى. ئۇۋەيسخان تۇرپاندا ئۆزى يەر سۇغىرىپ، ئۆزى زىرائەت تېرىپ، ئۆز رىزقىنى ئۆزى قامدىغانىدى [13].
مۇشۇنىڭدىن باشلاپ، خانلىقتىكى موڭغۇللار كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن ئولتۇراق، دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۇلتان ئۇۋەيسخان خانلىق ھوقۇقىنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ئاجىزلاشتۇردى، بولۇپمۇ دوغلات جەمەتى ئەمىرلىرى شۇنداق بولدى. ئۇۋەيسخان دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، خۇدايدات ئەرەبىستانغا ھەج قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، مەدىنە شەھىرىدە ۋاپات بولدى. 1432 - يىلى سۇلتان ئۇۋەيسخان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن يۇنۇس ۋە ئېسەن بۇقا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل قالدى. قايسى ئوغۇلنى تەختكە چىقىرىش مەسىلىسىدە ئەمىرلەر بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى مەھمۇدشاھ باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىقلار گۇرۇھى كىچىك ئوغۇل ئېسەن بۇقانى تەختكە چىقىرىپ، يۇنۇسخاننى خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەمەرقەنت ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبەگنىڭ يېنىدا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدا ئىچكى نىزا يۈز بەرگەندە، يۇنۇس

سەمەرقەنت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا كىرىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى، ئېسەن بۇقا خان خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىنىلا ساقلاپ قالالىدى. ئېسەن بۇقاخان 1462 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئوغلى دوس مۇھەممەد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. «تارىخى رەشىدى»دە خاتىرىلىنىشىچە، دوس مۇھەممەدخان ئۇرۇشخۇمار، ئۇرۇشقا تايىنىپ دۇنيا توپلايدىغان، شەھۋەتخور، زالىم، بىدئەت پادىشاھ بولۇپ، ھىجرىيە 873 - (1468— 1469) يىلى ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن كېبەك سۇلتان ئىسىملىك بىر ئوغۇل قالغان بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى تۇرپانغا ئېلىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن يۇنۇسخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاقسۇنى ئىگىلىۋالغان. خۇدايدات كۆزدىن يوقىلىپ، سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۆلگەندىن كېيىن دوغلات جەمەتىدە يەنە بىر قېتىم پارچىلىنىش يۈز بەردى: بەزى ئەمىرلەر سۇلتان يۇنۇسخاننى قوللىدى، يەنە بەزى ئەمىرلەر ئېسەن بۇقا ۋە دوس مۇھەممەدخاننى قوللاشتى. كېيىنكىلەرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى ئابابەكرى بۇ قېتىملىق كۈرەشتە رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جەمەتىنىڭ مىراس ئاتا زېمىنىنى كونترول قىلدى ھەمدە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ھۇجۇملىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، ماڭلاي سۆيەرنىڭ مۇستەقىل پادىشاھى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 15 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئەمەلىيەتتە ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئۇزاق مەزگىل ماۋرائۇننەھر رايونىدا ياشاپ، شەھەر مەدەنىيىتىگە خۇشتار بولۇپ قالغانلىقتىن، ئاقسۇدا ئۇزاق تۇرماي، تۇراقلىق تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىنى باشلاپ، تاشكەنت دېھقانچىلىق رايونىغا كەتتى. «ھەر قانچە بولسىمۇ شەھەر - بازارلاردا ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تۇرماسلىق كېرەك» [14] دەيدىغان بىر قىسىم موڭغۇللار بۇ خاننىڭ ياش ئوغلى ئەھمەدنى موغۇلىستانغا ئېلىپ قېچىپ، ئەنئەنىۋى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. سۇلتان يۇنۇسخان 1487 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى مەھمۇد تاشكەنتتە تەختكە چىقىپ، خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىنى سوردى. كىچىك ئوغلى ئەھمەد موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپا - مۇشەققەت ئارقىلىق موغۇلىستاندىكى قوۋملارنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا خان دەپ ئاتالدى. كېيىن ئۇ

يەنە ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىگىلىۋېلىپ، تۇرپاننى پايتەخت قىلدى ھەم قۇمۇلنى مەھكەم كونترول قىلدى. ئەھمەدخان ئويراتلارنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، زور دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. ئويراتلار ئۇنى «ئالاچى خان» («جان ئالغۇچى خان» دېگەن مەنىدە) ⑮ دەپ ئاتىدى. ھىجرىيە 907- يىلى (1501 — 1502) يىلى ئەھمەدخان چوڭ ئىنىسى مەھمۇدخاننىڭ ئۆزبېك خانى شەيبانىخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، چوڭ ئوغلى مەنسۇرنى دۆلەت باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، «خان» دېگەن ئاتاقنى بەردى، ئۆزى سەئىد ۋە باباچا قاتارلىق ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ، مەھمۇدخانغا ياردەمگە بارغان بولسىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولدى. ئەھمەدخان شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇغا قايتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولدى. مەھمۇدخان كېيىنچە جىيەنى سەئىد بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ مەغلۇپ بولدى ۋە ھىجرىيە 914 - (1508 — 1509) يىلى شەيبانىخاننىڭ يېنىغا قېچىپ بارغاندا ئۆلتۈرۈلدى.

مەھمۇدخان ئۆلگەندىن كېيىن مەنسۇر پۈتكۈل خانلىقنىڭ خانى بولدى ۋە تۇرپاننى پايتەخت قىلىپ تۇرۇۋەردى. 1514 - يىلىغا كەلگەندە غەربىي يۇرت تارىخىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ ۋەقە يۈز بەردى: مەنسۇرخاننىڭ ئىنىسى سەئىدخان دوغلات جەمەتى ئەمىرى ئابابەكرىنىڭ يەكەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى ھاكىمىيەت — يەكەن خانلىقىنى قۇردى.

## ئىزاھلار

① «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 154 -، 155 -، 158 - بەتلەر.

② تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا نۇرغۇن ئالىملار كۆپ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن ئۇنىڭ چاغاتايدىن كېيىن تۇغۇلغانلىقىدا مەسىلە يوق، ئادەتتە، ئۇ چاغاتاي نەسەبىدىكى ئېسىلزادىلەردىن دۇۋاخاننىڭ نەۋرىسى، ئېمىل خوجىنىڭ ئوغلى دەپ قارىلىدۇ، تەپسىلاتىنى ۋېي لياڭتاۋ يازغان: «دوغلات ئەمىرلىرى جەمەتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە زەئىپلىشىشى» (1 - قىسىم) ناملىق ماقالىدىن كۆرۈڭ، «يۈەن سۇلالىسى ۋە شىمال مىللەتلىرى تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ 1989 -، 1990 - يىللىق 12 -، 13 - سانلىرىغا بېسىلغان.

③ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1- قىسىم، 162-، 165- بەتلەر.

④ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 201 ـ بەت.
⑤ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 200ـ بەت. مۆيدىن ناتانزى يازغان تارىخىي ئەسەر ـ «ئىسكەندەرنامە»دە ئىلياس خوجىنى قەمىرىدىن ھىجرىيە 765 ـ (1363 ـ 1364) يىلى ئۆلتۈرگەن، دېيىلگەن ( «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ 1 ـ سان، 119 ـ بېتىگە قاراڭ). بەزى ئالىملار مۆيدىننىڭ كىتابىدىكى بۇ يىلنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارىشى مۇقىملاشقىنى يوق. چۈنكى، «تارىخى رەشىدى» دە شەرەفىدىننىڭ «زەپەرنامە» سىدىن نەقىل ئېلىپ، ئىلياس خوجا «سازلىق ئۆرۈشى» غا قاتناشقان، دېيىلگەن. بۇ كىتاب ھۆكۈمەت تەرەپتىن تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى شەخسلەر ۋە يىل ـ دەۋر توغرىسىدىكى مەلۇمات ئادەتتە باشقا ئەسەرلەرنىڭكىدىن تېخىمۇ ئىشەنچلىك.
⑥ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 201 ـ بەت.
⑦ چېن چېڭ، لى شيەن: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى».
⑧ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 228 ـ 230 ـ بەتلەر.
⑨ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 231 ـ بەت.
⑩ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 249 ـ بەت، يەنە ۋېي لياڭتاۋ يازغان «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە يىلنامىسى» غا قاراڭ. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1988 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان.
⑪ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 332 ـ جىلد، «بېشبالىق تەزكىرىسى».
⑫ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ توم، 233 ـ بەت.
⑬ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ توم، 248 ـ، 249ـ بەتلەر.
⑭ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 326 ـ بەت.
⑮ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 338 ـ بەت.

# ئۈچىنچى باب

# يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

## 1. سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پائالىيەتلىرى

### (1) خەۋپ ـ خەتەرلەر ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سۇلتان سەئىدخان ① شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ② بولۇپ، ھىجرىيە 892 ـ يىلى (مىلادى 1487 ـ يىلى) تۇرپاندا تۇغۇلغان. ھىجرىيە907ـ يىلى (مىلادى 1501 — 1502 ـ يىلى)، ئۇ 14 ياش ۋاقتىدا، دادىسى بىلەن بىللە تاشكەنتكە بېرىپ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ ئۆزبېك خانى شەيبانىخانغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندا، سۇلتان (ئەسەردە «شاھزادە» مەنىسىدە كەلگەن) سەئىدخاننىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ ئۇستىخىنى سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن، قاچالماي جەڭ مەيدانىدا قالىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يارىسى بىر ئاز ياخشىلىنىدۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ئاخسىغا ③ ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئاخسى ھاكىمى شەيخ بايەزىد شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا ئاسىيلىق قىلىپ سۇلتان سەئىدخاننى تۈرمىگە تاشلايدۇ.

بىر يىلدىن كېيىن شەيبانىخان پەرغانىگە يەنە بىر قېتىم قوشۇن باشلاپ كىرىپ، ئاخسى شەھىرىنى ئىگىلەپ، سۇلتان سەئىدخاننى تۈرمىدىن چىقىرىدۇ. شەيبانىخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇ

بەختسىزلىكلىرىگە ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆز ئادەملىرىگە مۇئامىلە قىلغاندەك ④ مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىدۇ، كېيىن يەنە ئۇنى ھېسار بىلەن قۇندۇزغا ⑤ جەڭگە ئېلىپ بارىدۇ، جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىدۇ. ئارقىدىنلا شەيبانىخان يەنە خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىدۇ؛ سەئىدخان شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەنتتىن كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 16 ئادىمى بىلەن قېچىپ چىقىپ، سايرامدىن ⑥ ئۆتۈپ، تاغىسى مەھمۇدخان تۇرۇشلۇق يەتتىكەنتكە يېتىپ كېلىدۇ ⑦.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ دادىسى ئەھمەدخان شەيبانىخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن دەردكە چىدىماي ھىجرىيە 909 - يىلى (مىلادى 1503 ـ 1504 - يىلى) ئاقسۇدا ۋاپات بولىدۇ. مەھمۇدخان «يارامسىز، ئەلنى ئىدارە قىلىشنى بىلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان» ⑧ پادىشاھ بولۇپ موغۇلىستاننى ساقلاپ قېلىش قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى؛ شۇ چاغدا ئۇمۇ «مەدەنىي تۇرمۇش» كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يەتتىكەنتكە كەلگەنىدى. بۇ چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەھمۇدخان يەتتىكەنتكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇلتان سەئىدخانمۇ بۇ يەرگە كېلىپ، خان ئوردىسىدا ئىشلەيدۇ. سەئىدخان «زېرەك، قابىلىيەتلىك ۋە تالانتلىق ئادەم بولغاچقا، تاغىسىنىڭ لامزەللە ۋە بىپەرۋالىقىغا چىداپ تۇرالماي، تاغىسىنىڭ ئوردىسىدىن قېچىپ كېتىدۇ» ⑨. سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەنلەرنى چېكىندۇرگەندىن كېيىن موغۇلىستانغا بېرىپ ئىنىسى خەلىل سۇلتاندىن پاناھ تىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى شۇ ۋاقىتتا قىرغىزلار رايونىنىڭ ۋالىيسى ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستاندىكى قىرغىزلار ئارىسىدا ئىنىسى بىلەن تۆت يىل تۇرۇپ، قىرغىزلار تەرىپىدىن سەردار قىلىپ تىكلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا، تاغىسى مەھمۇدخان بىلەن چوڭ ئاكىسى مەنسۇرخان ئۇلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ھىجرىيە 914 - يىلى (مىلادى 1508 - يىلى) مەھمۇدخان سەئىدخان

بىلەن خەلىلخاننىڭ ھۇجۇمىدىن مەغلۇپ بولۇپ، شەيبانىخاندىن پاناھ تىلەپ بارغاندا، خوجەنت (ھازىرقى تاجىكىستاندىكى لېنىنئاباد) نىڭ قېشىدىكى سىر دەرياسىغا غەرق قىلىنىدۇ. شۇ يىلى مەنسۇرخان تۇرپاندىن قوشۇن تارتىپ سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان خەلىلخانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. بۇ ئىككى سۇلتان بارلىق قىرغىز ۋە موغۇل ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، ئالما - ئاتانىڭ كەڭ دالاسىدا مەنسۇرخان بىلەن بىر قەپەس شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان خەلىلخان ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ، مەنسۇرخان قىرغىزلارنى چالىش (ھازىرقى قاراشەھەر) قا يۆتكەپ كېتىدۇ. سۇلتان خەلىلخان موغۇلىستاننىڭ ئىستىقبالىغا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن تاغىسى مەھمۇدخانغا ئوخشاش شەيبانىخاننىڭ يېنىغا پاناھ تىلەپ بارىدۇ. بىراق ئۇ ئاخىسىغا كەلگەندە پەرغانە رايونىنىڭ ھاكىمى، شەيبانىخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى سۇلتان جانىبەگ تەرىپىدىن قەتل قىلىنىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان ئەللىكتەك ئادىمى بىلەن مەيداندىن قېچىپ، دۇلانغا (ئالما - ئاتانىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 15 كۇنلۇك يىراقلىقتا) كېلىدۇ. بۇ قالدۇق ئەسكەرلەرنىڭ يۈرىكى ئاستا - ئاستا ئىزىغا چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئۈچ كۇنلۇك يىراقلىقتىكى ئورۇق دېگەن جايدا بىر تۈركۈم بارىن قەبىلىلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. سۇلتان سەئىدخان خوجا ئېلى باتۇر ئىسىملىك كىشى بىلەن بىللە بېرىپ، بارىن قەبىلىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. بىراق، بارىن قەبىلىسى كىشىلىرى بۇ سۇلتاننى ھەيدىۋېتىدۇ ھەمدە خوجا ئېلى باتۇرنى ئېلىپ قالىدۇ. سۇلتان سەئىدخان كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى 50 نەچچە ئادىمى بۆلۈنۈپ، تەرەپ-تەرەپكە كېتىپ قالغانىدى. سۇلتان سەئىدخان يالغۇز قالىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ: «مەن . . . بىر پەس ئويغا پاتقاندىن كېيىن ئاخىر ئېتىمنى مېڭىش قىيىن بولغان نارىن دەرياسى بويىدىكى دالادا قالدۇرۇپ، مۆكۈپ يېتىپ ئارقار ئېتىپ، گۆشىنى ئوزۇق، تېرىسىنى كىيىم قىلىش قارارىغا كەلدىم، بۇنداق قىلغاندا، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش

بولۇشىنى كۈتۈپ بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگىلى بولاتتى»[10]. شۇ ۋاقىتتىكى موغۇللارنىڭ ئادىتىدە، ئەڭ باتۇر پاشلار ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزى يالغۇز بىر ـ ئىككى ئاي قۇملۇقتا ياكى ئېگىز تاغدا، ياكى ئورمانلىقتا يۈرۈپ، ئوۋغا تايىنىپ ئۇزۇن مەزگىل ياشىسا، ئاندىن ھەقىقىي ئەر ھېسابلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايتتى. شۇ چاغدا 18 ـ 19 ياشلارغا كىرگەن سۇلتان سەئىدخان تەبىئىي ھالدا بۇ يولنى خىيالىغا كەلتۈردى. بىراق، ئىككىنچى كۈنى خوجا ئېلى باتۇر بارىن قەبىلىسىدىن قېچىپ چىقىپ سەئىدخاننىڭ يېنىغا باردى، ئەتىسى يەنە بىر قىسىم تارىلىپ كەتكەن ئادەملىرى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئۇلارنى باشلاپ، بۆلۈنۈپ ھەرياقلارغا كەتكەن ئادەملىرىنى ئىزلەيدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايالى ۋە بىر قىسىم تارىلىپ كەتكەن ئادەملىرىنى تاپىدۇ. سەئىدخان «يەنە غېرىبلىك ھېس قىلمايدىغان بولىدۇ»، «كۆپچىلىك جەم بولىدۇ»، «ھەممىسى ناھايىتى خۇشال ئۆتۈشىدۇ»[11]. بىراق، بىر كۈنى كېچىدە، ئۇلار يەنە يەكەن ھۆكۈمرانى مىرزا ئابابەكرى موغۇلىستاننى تالان ـ تاراج قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بىر قىسىم قوشۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. كۆپ قىسمى ئەسىرگە ئېلىنىپ، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا، يەنى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئايالى ھەمدە بىرنەچچە مۇلازىملىرىلا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەنە ئورمانلىققا كىرىپ ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلاردا زۆرۈر بولغان قوراللار يوق، بولۇپمۇ ئوقيا يوق ئىدى؛ قورال بولمىسا دەشتى قىپچاق (موغۇللارنىڭ پاناھ جايى) قا بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئەگەر قەشقەرگە بارسا، ئۆزىنى مىرزا ئابابەكرىگە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن ئوخشاش ئىدى. ماڭىدىغانغا يول تاپالماي ئامالسىزلىقتىن، سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

پەرغانە رايونىنىڭ ھاكىمى سۇلتان جانىبەگ ئەنجاننى خوجا ئېلى باتۇر (بۇ باشقا خوجائېلى باتۇر، شەيبانىخاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى) غا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى ئاخسىدا تۇراتتى. سۇلتان سەئىدخان ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن خوجا ئېلى باتۇر ئۇنى سولاپ، سۇلتان جانىبەگكە تېزلىك

بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا سۇلتان جانىبەگ ئاتتىن يىقىلىپ، باش قىسمى يارىلىنىپ، نېرۋىسى ئېلىشىپ قالغانلىقىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خوجا ئېلى باتۇرغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سەئىدخاننى «شەپقەت قىلىپ، قولايلىق يول بىلەن ئۆزىتىپ قويۇڭلار، خالىغان يېرىگە كەتسۇن» دەيدۇ. خوجا ئېلى باتۇر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال سۇلتان سەئىدخانغا زىياپەت بېرىپ، ئۇنى تېزرەك يولغا چىقىشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە سۇلتان جانىبەگ پات ئاردا يېنىۋېلىشى مۇمكىن دەيدۇ. راست دېگەندەك، سۇلتان سەئىدخان زىياپەتتىن قايتقىچە، سۇلتان جانىبەگنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق بۇيرۇقى يېتىپ كېلىدۇ⑫. بىراق، خوجا ئېلى باتۇر يەنىلا سۇلتان سەئىدخاننى قويۇپ بېرىدۇ ھەمدە بىر نەچچە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى قوشۇپ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان يولغا چىقىپ بەزىدە ئۆلىما، بەزىدە سودىگەر ۋە بەزىدە قەلەندەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ، مىڭبىر جاپالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، 1508 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كابۇلغا يېتىپ بارىدۇ، بۇ يەردە ئۇ بابۇر شاھنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشىدۇ. بابۇر بارلاس قەبىلىسىلىك ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەۋلادى، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خېنىم يۇنۇسخاننىڭ قىزى ئىدى. سەئىدخان بىلەن بابۇر بىر نەۋرە قېرىنداشلاردىن بولۇپ، مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ئۇ بۇ يەردە قەدىرلىنىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق تىنچ ۋە خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدۇ.

1510 ـ يىلى قىشتا، ئۆزبېك خانى شەيبانىخان مەرۋىدە ئىران سافاۋىي خانلىقىنىڭ شاھى ئىسمائىل قىزىلباش بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئىككىنچى يىلى باھاردا بارلىق ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەمەرقەنتكە يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ، سۇلتان جانىبەگ پەرغانىدىن دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئەمىر سەئىد مۇھەممەدنى بىللە ئېلىپ كېڭەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن بارىدۇ. دوغلات قەبىلىسىنىڭ بۇ ئەمىرى بىر چاغلاردا مەھمۇدخاننىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ، ئوردىنىڭ سىياسىي

ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. «تارىخى رەشىدى» ئاپتورىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ «ئەسكى» تەرىپىدىن قەستلىنىپ تۇتۇلۇپ، ئەنجاندىكى ئۆزبېكلەرگە ئاپىرىپ بېرىلگەن. سۇلتان جانىبەگ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيلا قالماي، بەلكى ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا «ئىززەتلەپ كۈتۈۋالغان» ⑬. بۇ كېڭەشتە، ماۋرائۇننەھر رايونىدا قالغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى بارلىق موغۇللارنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىنىدۇ. سۇلتان جانىبەگ بۇ قېتىمقى قارارغا قوشۇلماي، سەئىد مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق موغۇللارنى قويۇۋېتىدۇ. سەئىد مۇھەممەد سۇلتان جانىبەگنىڭ يېنىۋېلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال قېچىپ كېتىدۇ. راست دېگەندەك، سۇلتان جانىبەگ يېنىۋېلىپ، قوغلاپ تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ، بىراق سەئىد مۇھەممەد ئالىقاچان ئەنجانغا بېرىپ بولىدۇ. ئۇ شۇ يەردىكى موغۇللار ۋە ئاھالىلەرنى توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بارلىق ئۆزبېكلەرنى پەرغانە رايونىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئاندىن بابۇر شاھقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىدۇ ھەمدە ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خەۋەر قۇندۇزغا يېتىپ بارغۇچە، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم موغۇل ئەمىرلىرى سۇلتان سەئىدخاننى بابۇر شاھنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولىدۇ. بىراق، سۇلتان قوشۇلمايدۇ. ئۇ ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئويلاپ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ: «ئەگەر جانابىي ئالىيلىرى مېنى بىر يەرگە ئەۋەتسە، ئىلگىرىكى مېھىر-مۇھەببەتلەر داۋاملىق مۇستەھكەملىنىدۇ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىمىز» دەپ بابۇرغا خەت يازىدۇ ⑭. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بابۇرشاھ سەئىد مۇھەممەد ياردەم تەلەپ قىلىپ يازغان خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ سۇلتان سەئىدخاننى ئەنجانغا ئەۋەتىدۇ، «بىرىشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسى بارىدۇ»، يەنى سۇلتان سەئىدخاننى ھىمايە قىلىدىغان موغۇل ئەمىرلىرى بىللە يولغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بارلاس قەبىلىسىدىن مىر (پارسچە سۆز، «يولباشچى»، «سەردار» دېگەن مەنىدە) قۇلى، دوخوئىت قەبىلىسىدىن مەردان ئېلى ھەمدە ئىنىسى ئەھمەد ئېلى، دوغلات قەبىلىسىدىن شاھ مىرزا («تۆرە»، «كېنەز» دېگەن

مەندە) ، مىرزا ئەلى، قونغىرات قەبىلىسىدىن ئەمىر قۇلنەزەر مىرزا قاتارلىقلار بار ئىدى ⑮.

## (2) پەرغانىنى ئىشغال قىلىش

1511 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا يېتىپ بارغاندا، سەئىد مۇھەممەد مىرزا ۋە شۇ يەرلىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىغا چىقىپ سۇلتاننىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. سەئىد مۇھەممەد ئەمدىلا ئۆزىگە بويسۇندۇرغان بارلىق زېمىنلارنى سۇلتان سەئىدخانغا تاپشۇرىدۇ. سۇلتان سەئىدخانمۇ ئۇنى «ناھايىتى ھۆرمەت قىلىپ»، موغۇللارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنىڭغا ئۇلۇسبېگى دېگەن ئەمەلنى ئىنئام قىلىدۇ ⑯. سەمەرقەنتتىكى ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەئىدخاننىڭ ئەنجانغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى تېزلا تاپشۇرۇۋالىدۇ، جانىبەگ سۇلتان كۆچۈمخان ۋە سۈيۈنچ سۇلتانلار بىلەن قوشۇن باشلاپ پەرغانە رايونىدىن يولغا چىقىدۇ. سۇلتان سەئىدخان ئۇلارنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال سۇلتان ئېلى مىرزا ۋە توبۇل نۇياغ مىرزىلارنى كاسان قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىشقا ئەۋەتىدۇ، بۇ ئۆزبېك سۇلتانلىرى ھەممىدىن ئاۋۋال ھۇجۇم قىلماقچى بولغان جاي ئىدى. قەلئە قورشاۋدا قېلىپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، سەئىدخان يەنە بارلىق ھەربىي كۈچىنى كاسان تاغلىرىغا ئەۋەتىپ دۈشمەننىڭ ئىككى قانىتىنى پاراكەندە قىلغاچقا، دۈشمەن پۈتۈن كۈچى بىلەن قەلئەگە ھۇجۇم قىلالماي قالىدۇ، بۇ ئەھۋال شۇنىڭ بىلەن كاسان قەلئەسىدىكى قوشۇنلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. دەل سۇلتان سەئىدخان بارلىق ھەربىي سەركەردىلىرىنى كاسان قەلئەسىگە ياردەمگە ئەۋەتىۋەتكەن ۋاقىتتا، پەرغانە رايونىدىن مادۇ ۋە ئۇش شەھەرلىرىنى ئىگىلەپ بولغان مىرزا ئابابەكرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇن باشلاپ، ئەنجانغا يېقىن جايغا بارگاھ قۇرۇپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قورال ـ ياراغ تەييارلايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، ھەر قايسى ئۆزبېك

سۇلتانلىرىنىڭ قوشۇنلىرى كاسان قەلئەسىگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىدۇ، قەلئە مۇداپىئەچىلىرى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، تاغلىق رايوندىكى قوشۇنلارغا قوشۇلىدۇ - دە، بىرلىكتە ئەنجانغا چېكىنىدۇ. بۇ چاغدا مىرزا ئابابەكرى قورال - ياراغلارنى تەييارلاپ، ئەتىسى شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. بىراق، ئەتىسى تاڭ سەھەردە، سۇلتان سەئىدخان قېپقالغان قوشۇنلارنى شەھەر سىرتىغا چېكىندۇرۇپ چىقىپ، شەھەردىن ئىككى پەرسەخ [17] يىراقلىقتىكى تۇتلۇق دېگەن جايدا سەپ تۈزۈپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىدۇ. مىرزا ئابابەكرى ئىلاجىسىزلىقتىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە مەيدان جېڭىگە ئۆزگەرتىدۇ. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى روھى ئۇرغۇپ، بارلىق كۈچى بىلەن جەڭ قىلىدۇ، 15 مىڭ ئادەم مىرزا ئابابەكرىنىڭ 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى مەغلۇپ قىلىدۇ، 3000 ئادىمىنى ئەسىر ئالىدۇ. شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە، بۇ ئەسىرلەر پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋېتىلەتتى، ئۇلار كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىنى كۈتۈپ ئەنجاننىڭ باغچىسىدا تۇرۇشاتتى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا سۇلتان سەئىدخانغا بۇ ئەسىرلەرنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ، ئۇ: «بۇ قېتىمقى غەلىبىمىز ئۈچۈن، ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇشىمىز ۋە تەشەككۈر ئېيتىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ پۈتۈن قەشقەر خانلىقىنى ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى. بىز قەشقەرنىڭمۇ ئاسانلا قولىمىزغا كېلىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ئەسىرلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئۆچ ئېلىشىمىزغا شەرىئەت رۇخسەت قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرلىق، ئەگەر ئالىيلىرى بۇ يەردە ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلمىسىلا، قەشقەردە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ، ئاخىر سىلىنى پۇشايمانغا قويىدۇ. ئەگەر ئالىيلىرى بۇ ھايات قالغان ئادەملەرنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇرۇش غەنىيمىتى ئورنىدا ماڭا بەرسىلە، ئالىيلىرى ئۇدۇنيا - بۇدۇنيا ئۇنىڭ ساۋابىنى كۆرىلا» [18] دەيدۇ. سۇلتان سەئىدخان بۇ دوغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئەمىرنىڭ يىراقنى كۆرۈپ قىلغان پىكرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سۇلتان سەئىدخاننى قەشقەرگە قوشۇن تارتىش ئۈچۈن مۇھىم ئادەم كۈچى مەنبەسى بىلەن

تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يەنە خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارىتىشتا پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۇشمەننى يېڭىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلغانلىقى ئۆزبېكلەرنى قاتتىق چۆچۈتىدۇ. بۇ چاغدا يەنە بابۇرشاھنىڭ سەمەرقەنتنى ئىگىلىگەنلىك خەۋىرى كېلىدۇ، ئۆزبېك سۇلتانلىرى پەرغانە رايونىدىن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، تاشكەنتكە يىغىلماقچى بولىدۇ.

1512 ـ يىلى باھاردا ئۆزبېك خانى سۇلتان ئەبەيدۇللا بۇخارا ئەتراپىدا بابۇرشاھنى مەغلۇپ قىلىدۇ. بابۇرشاھ سەمەرقەنتكە قايتىپ، قىممەتباھالىق نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بالا ـ چاقىسىنى ئېلىپ ھىسارغا قاچىدۇ؛ ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىگە كېلىدۇ. بابۇرشاھ ئىسمائىلخان ۋە ئەنجاندىكى سۇلتان سەئىدخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. شاھ ئىسمائىل ئەمىر نىزام باشچىلىقىدىكى 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئېلىپ بابۇرشاھ بىللە سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. سۇلتان سەئىدخانمۇ 5000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ياردەمگە بارىدۇ، بىراق تاشكەنتكە يېقىن كەلگەندە، سۈيۈنچخاننىڭ 7000 ئاتلىق ئادىمىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭدىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان يېڭىلىپ، ئەنجانغا قېچىپ بارىدۇ. ئارقىدىنلا بابۇرشاھ ۋە ئەمىر نىزامنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىنى ئۆزبېكلەر ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلغانلىقى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەر كېلىدۇ، سۈيۈنچخان ئەنجانغا قوشۇن تارتماقچى بولىدۇ. سۇلتان سەئىدخان بۇ قىيىن ۋەزىيەتتە، ئەمىرلىرى بىلەن قايتا ـ قايتا مۇزاكىرىلىشىپ، ئەنجاننى سەئىد مۇھەممەد دوغلاتقا؛ ئاخسىنى مىرقۇلى بارلاسقا؛ مەرغىلاننى مىرايىم ئېلى دوخوئىستكە تاپشۇرۇپ، سۇلتان سەئىدخان بالا ـ چاقىسى ۋە قېپقالغان قوشۇننى ئەنجاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا چېكىندۇرۇپ، ئۆزبېك قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ھەر قايسى شەھەرلەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. سۈيۈنچخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن قوشۇن تارتىشنى توختىتىدۇ، كېيىن سۇلتان سەئىدخان قوشۇن باشلاپ يەنە تاشكەنتنىڭ مۇھىم جايى ھېسابلانغان ئاھاڭگىرات دېگەن جايغا ھۇجۇم قىلىدۇ. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئۆزى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتكە قاتناشقان، سەئىدخان سېپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مىسلىسىز قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلغان، ئۇلارنىڭ قوشۇنى مول غەنىيمەت بىلەن قايتقانىكەن ⑲. ئېنىقكى، بۇ بىر قېتىملىق مال - مۈلۈكلەرنى تالان - تاراج قىلىدىغان ھەربىي ھەرىكەت ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن قازاقلار خانى قاسىمخاننىڭ تاشكەنتنە سۈيۈنچخانغا ھۇجۇم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. سەئىدخان شۇ ھامان قوشۇن باشلاپ تاشكەنتكە ئاتلىنىدۇ، بىراق، يول ئۈستىدە يەنە قاسىمخاننىڭ تاشكەنت شەھەر ئەتراپىدىكى جايلارنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سۇلتان سەئىدخان ئاخسىغا قايتىپ كېلىپ، پەرغانە رايونىنىڭ مۇداپىئەسىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن قاسىمخاننى تاشكەنتكە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدۇرماقچى بولۇپ ⑳، بىر قىسىم ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ قاسىمخاننىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قاسىمخان «300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن» ㉑ غا ئىگە ئىدى. سۇلتان سەئىدخان قاسىمخان تۇرۇشلۇق چۇ دەرياسى رايونىدىكى جۇدغا بارغاندا، ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ، قاسىمخان ئۆزى ئېيتقاندەك «قىممىتى بارلىق چارۋىلاردىن يۇقىرى» بولغان ئاتلىرىنىڭ بىرىنى سۇلتان سەئىدخانغا تارتۇق قىلىدۇ، توختىماي سەيلە - تاماشا قىلىپ، «قانغۇچە قىمىز ئىچىدۇ». ياز كېتىپ كۈز كەلگەن كۈنلەردە، قاسىمخان قازاق قەبىلىلىرىگە قىشلاققا كۆچۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇ، بۇ پەسىلدە ئۆزبېكلەرگە ھۇجۇم قىلىش ناھايىتى قىيىن، «قوشۇن تارتىشنى ئويلىماسلىق كېرەك» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا، سالام بېرىپ سۇلتان سەئىدخان بىلەن خوشلىشىدۇ. سەئىدخانمۇ

ئەنجانغا قايتىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ھىجرىيە 919 ـ يىلى (مىلادى 1513 ـ يىلى) بولغان ئىش، بۇ ئۇچرىشىش ئارقىلىق بىرلىكتە ئەسكەر چىقىرىپ ئۆزبېكلەرنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ يەكەن خانلىقى بىلەن قازاق خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، سۇلتان سەئىدخاندا «مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز» تەسىر قالدۇرىدۇ ㉒.

## 2. قەشقەرنىڭ ئېلىنىشى ھەمدە يەكەن خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى

### (1) ئىستراتېگىيىنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەر رايونىغا ئەسكەر تارتىش

ئۆزبېك سۇلتانلىرى شاھ ئىسمائىل بىلەن ئىمپېراتور بابۇرنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ماۋرائۇننەھر رايونىنى كونترول قىلىۋالدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، سىرتقا كېڭىيىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، جىددىي مۇداپىئە ھالىتىدە تۇردى. لېكىن، ھىجرىيە 920 ـ يىلى (1514 ـ يىلى) باش ئەتىيازدا ㉓، ئۆزبېك سۇلتانلىرى سۈيۈنچخاننىڭ قوماندانلىقىدا يەنە پەرغانىگە ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان سەئىدخان ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئەمىرلەر بىلەن يىغىن ئېچىپ تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلەشتى ㉔. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد مۇھەممەد مىرزا: «ئۆزبېكلەرنىڭ كۈچى زور، چاغاتاي سۇلتانلىرى بولسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرماقتا، ئەگەر سۇلتان سەئىدخان ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا، بۇ تەۋەككۈلچىلىك ھەم بىمەنە ئىش بولۇپ قالىدۇ»، «ئەگەر ئىشنى پۇختا قىلايلى دېسەك، دۈشمەن قوشۇنلىرى چېگرىمىزغا بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى، بۇ يەرنى تاشلاپ بالدۇرراق كەتكىنىمىز ئەۋزەل» دېدى. ئۇلار ئىككى يەرگە بارالىشى

مۇمكىن ئىدى، بىرى موغۇلىستان بولۇپ، ئۇ گەرچە ئۇلارنىڭ يۇرتى بولىسمۇ، لېكىن ئۇ يەر هازىر مەنسۇرخاننىڭ زېمىنى، سۇلتان سەئىدخان ئەنە شۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان؛ يەنە بىرى قەشقەر بولۇپ، ئۇ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى بولۇپ، مىرزا ئابابەكرى ئۇ يەرگە هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانىدى. سەئىد مۇهەممەد قەشقەرگە بېرىش كېرەك، دەپ قارىدى. چۈنكى، ئابابەكرى ئىلگىرى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، گەرچە ئۇ «ئۆلۈم ئالدىدا جاهىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن بولىسمۇ»، لېكىن ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئۆزبېكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىن كۆپ ئاسان ئىدى. ئابابەكرى بولسا 60 تىن ئاشقان ئادەم، 40 نەچچە يىل هۆكۈم سۈرۈپ، خەلققە زۇلۇم سېلىپ، خەلقنىڭ غەزىپىگە قالغانىدى، «گۇمران بولىدىغان كۈنى يېتىپ كەلدى». ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر پايدىلىق شەرت بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مىرزا ئابابەكرىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ هەممىسى مەن ئاكامنىڭ يېنىدا تۇرغان بالا ۋاقتىمدىكى دوستلىرىم، ئۇلار مېنىڭ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇۋاتقىنىمنى كۆرسىلا، بەلكىم مېنىڭ يېنىمغا كېلىشى مۇمكىن». سەئىد مۇهەممەد قەشقەر رايونىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى ئوبدان بىلەتتى. قەشقەرنىڭ شىمالى، غەربى ۋە جەنۇبى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەپلىك، هۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز، زېمىنى كەڭ، دېهقانچىلىقىمۇ، چارۋىچىلىقىمۇ ئەپلىك، قولغا چۈشۈرۈۋالساق، خاننىڭ تەختىگە ئاساس بولۇپ قالاتتى. ئۇ سۇلتان سەئىدخانغا: «مىرزا ئابابەكرى گۇمران بولسا، سىلىنىڭ ئىستىقباللىرى پارلاق بولىدۇ» دېدى. سۇلتان سەئىدخان سەئىد مۇهەممەدنىڭ تەكلىپىگە تامامەن قوشۇلدى، بارلىق ئەمىرلەرمۇ بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى ㉘.

كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بىردەك بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر هىجرىيە 920- يىلى 3- ئاي (1514 - يىل 4-، 5 - ئايلار) دا سۈيۈنچخاننىڭ قوشۇنلىرى پەرغانە چېگرىسىغا بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى يولغا چىقىپ، موغۇلىستان ئارقىلىق قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

ئابابەكرى ئەنجاندا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ بېسىپ كىرىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. ئۇ قەشقەر كونىشەھەر ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۆي - جايلارنى ۋەيران قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئاھالىلەرنى يەكەنگە كۆچۈردى ھەمدە بىر قىسىم ئاھالىلەر رايونىنى تېرىلغۇ يەر قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەشقەر رايونىغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال تۈمەن دەرياسى بويىغا كۆلىمى تەخمىنەن 50جارىپ [26]، ئېگىزلىكى 20گەز[27]، سېپىلىدا تۆت ئاتلىق تەڭ ماڭالايدىغان بىر قەلئە ياساشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ قەلئە ئەينى ۋاقىتتا خېلى مۇستەھكەم قەلئە ھېسابلىناتتى. ئابابەكرى بۇ يەردە مىڭ كىشىلىك ئەسكەر توپلىدى، نەچچە يىل يەتكۈدەك ئاشلىق تەييارلىدى. ئەمىر يۇسۇپنى [28] ئىشلارغا مۇئەككەل قىلدى. كېيىن يېكەنسااردا مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن دارۇسسەلتەنە يەكەنگە قايتتى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى ئاتبېشىغا [29] يېتىپ باردى، بۇ قەشقەر رايونىنىڭ موغۇلىستانغا يېقىن چېگرا شەھىرى ئىدى. سۇلتان سەئىدخان قوشۇنلىرىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئېغىر - يېنىكلىرىنى مۇشۇ يەرگە راۋۇرۇس ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆزى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىپ، تويۇنبېشى (بۈگۈنكى تورغات) ئارقىلىق 3 - كۈنى ئاتۇش (بۈگۈنكى ئاتۇش بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئۈستۈن ئاتۇش) قا يېتىپ باردى.

شۇ كۈنى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئاتۇشتىن يولغا چىقىپ، ئۇچبۇرھانغا يېتىپ بېرىپ، چاقماق دەرياسىدىن ئۆتتى. ئاندىن تۇتۇرگە ئارقىلىق قەشقەرگە كىردى. سۇلتان سەئىدخان جىلغا ئېغىزىدا ھەر بىر قەبىلە ئەمىرلىرىنىڭ ئەسكەر سانىنى دەپتەرگە ئېنىق تىزىملاشقا بۇيرۇدى. ئېنىق تىزىملانغان ئادەم سانى 4700 بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. موغۇل قەبىلىسىنىڭ دوغلات، دوختاي، بارلاس، بارىش [30]، ئوردوبېگى، يىنارچ، قونچ، جوراس، بارىن، بېگكى قاتارلىق قەبىلىسىدىن سىرت، يەنە قاراچ، خارلۇق، مەخلىت، شولكارج قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرى ھەمدە

خوراسانلىق ئۇيغۇرلار بار ئىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنى قەشقەردىن ئىككى پەرسەخ يىراقلىقتىكى سەمەندە تۇمەن دەرياسىدىن ئۆتتى. بىر قىسىم ئەمىرلەر ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ قەشقەر قەلئەسىگە يېقىن بېرىپ، ۋەزىيەتنى كۆزەتتى. ئۇلار دۇشمەن قوشۇنى قەلئەنى ساقلاپ ياتىدۇ، شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلمايدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى. لېكىن، دۇشمەن قوشۇنى تۇساتتىن پەيدا بولۇپ، سەپ تۈزۈپ، نەيزىلىشىشكە تەييارلاندى. دەل شۇ ۋاقىتتا سۇلتان سەئىدخانمۇ يېتىپ كەلدى - دە، ئىككى تەرەپ قاتتىق سوقۇشتى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۇ بولۇپ، جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، دۇشمەننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. دۇشمەن ئەسكەرلىرى قەلئەگە چېكىنىپ كىرىپ كەتتى. قايتا چىقىپ ئۇرۇش قىلمىدى. قەشقەر قەلئەسى مۇستەھكەم بولۇپ، ئالماق تەس ئىدى. سۇلتان سەئىدخان 3 - كۈنى قوشۇننى باشلاپ يېڭىسارغا يۈرۈپ كەتتى.

يېڭىساردا تۇرۇشلۇق قوشۇن قەلئەنى چىڭ مۇداپىئە قىلدى، شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلمىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قوشۇنى قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ پەشۋا يېگەندىن كېيىن قەلئەگە يېقىن جايدا بارگاھ قۇرۇپ، ئابابەكرىنىڭ قوشۇنىنىڭ كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشىنى كۈتتى. ئىككى ئاي ئۆتتى، لېكىن ئابابەكرىنىڭ قوشۇنى مىدىرلىمىدى. بۇ ۋاقىتتا قىرغىزلارنىڭ سەردارى مۇھەممەد كېلىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ پېشىنى تۇتتى ۋە ياخشى مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىندى. ئۇ يەكەنگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد قىرغىز يەكەنگە ئىككى پەرسەخ كېلىدىغان ئارسلانباغ دېگەن يەردە ئەسكەرلىرىنى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قويۇپ بەردى ھەمدە ئابابەكرى جىنىنىڭ بارچە ئەسكەر توپلاۋاتىدۇ، ئات ۋە قورالىرىنى دېھقان ۋە شەھەر ئاھالىسىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئىشەنچلىك بىر قوشۇنى يوقكەن دېگەن مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزدى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يەكەنگە

يۇرۇش قىلدى. لېكىن يۇرۇش قىلىش سەپىرىدە بىر قىسىم ھەربىي ئەمەلدارلار قورقۇپ، قاراتكىن ۋە ھېسارغا بېرىشنى مەخپىي مەسلىھەتلەشتى. بۇ ئىش ئاشكارىلانغان ۋاقىتتا، بىر قىسىم كىشىلەر ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تېخى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلدى، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرگە جازا قوللانمىدى، يەنىلا ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى، ئادەملىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن يېڭىسارنى ئېلىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، سۇلتان سەئىدخان ئەسكەر باشلاپ يېڭىسارغا تېز سۈرئەت بىلەن يۈرۈش قىلىپ، چىڭقى چۈشتە سېپىل تۈۋىگە يېتىپ باردى ھەم قاتتىق ھۇجۇم قوزغىدى، سۇلتان سەئىدخان ئۆزى بىۋاستە ھۇجۇمغا ئۆتتى ھەمدە بارگاھنى يېڭىسار قەلئەسىنىڭ تۈۋىگە قۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۇرغۇدى. بەش كېچە - كۈندۈز لەخمە كولاپ قەلئەنى پارتلاتتى؛ قەلئەدىكى ئەسكەرلەرمۇ جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، قەلئە ئىچىگە كىرىش تەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرىنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن يەكەن تەرەپكە بىر قىسىم ئەسكەر ئەۋەتتى. ئابابەكرىمۇ يېڭىسار تەرەپكە بىر چارلىغۇچى قىسىم ئەۋەتتى. بۇ ئىككى قوشۇن قىزىلدا ئۇچراشتى، سەئىدخاننىڭ قوشۇنى دۈشمەن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، شۇنداقلا يېڭىسار قەلئەسىنىڭ باشلىقى ئەمىن دارغاچىنىڭ ئوغلى ئارىقنى ئەسىرگە ئالدى. جەڭ تازا ۋايىغا يەتكەن ۋاقىتتا، بۇ ئەسىر سۇلتان سەئىدخاننىڭ چېدىرىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئابابەكرىنىڭ قوشۇنى يىغىلىپ، يولغا چىقىشقا تەييار تۇرغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەسىرگە ئېلىنغان يەنە بىر كىشىنى ئېلىپ كېلىشتى. بۇ كىشى: ئابابەكرى قوشۇنى يەكەندىن چىقىپ ئىككى پەرسەخ ماڭدى، دېدى.

بۇ ۋاقىتتا، بارلىق ئەمىرلەر بۇگۈن كەچتىلا مۇھاسىرىنى بۇزۇپ

بېرىپ ئابابەكرى بىلەن ئېلىشايلى، بولمىسا، ئۇ قەشقەر، يېڭىساردىكى قوشۇنى بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ، دېدى. لېكىن سۇلتان سەئىدخان: «مەن مۇشۇ هالەت ئاستىدا قېلىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ كېلىشىنى ساقلايمەن، قەلئەگىمۇ، مىرزا ئابابەكرىگىمۇ تاقابىل تۇرىمەن، تاكى مەن مۇشۇ جەڭدە ئۆلگەنگە قەدەر ئېلىشىمەن، قېلىشنى خالىمىغانلار ئۆزى بىلگەن يولغا ماڭسا بولىدۇ» ㉛ دېدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇ ئىرادىسى ۋە ئىشەنچى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك مۇشۇ يەردە دورا كۆمۈپ قەلئەنى پارتلاتتى. كۈچلۈك هۇجۇم ئاستىدا، 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە قەلئە باشلىقى ئەمىن دارغاچ ئۆزىنىڭ هاياتى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن تەسلىم بولۇپ شەھەرنى بېرىشكە قوشۇلدى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولدى. ئەمىن دارغاچ قەلئەدىن چىقىپ تەسلىم بولدى، يېڭىسار قەلئەسى سۇلتان سەئىدخان قەشقەر رايونىدا ئىگىلىگەن تۇنجى قەلئە بولۇپ قالدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد هەيدەر دوغلات: «يېڭىسار قەلئەسىنىڭ ئېلىنغانلىقى سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەشقەر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشىنىڭ ئاچقۇچى بولدى» ㉜ دەپ يازدى.

## (2) يەكەننىڭ پەتھى قىلىنىشى ۋە خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى

سۇلتان سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگە هۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، 3 - كۈنى قەشقەردىكى ئەمىر- ئەسكەرلەر قەلئەنى تاشلاپ قېچىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، مىرزا ئابابەكرى يەكەن قەلئەسى سىرتىدا يېڭى ئالغان ئەسكەرلەرنى كۆرەك قىلىۋاتاتتى. ئەمما دېهقان، هۈنەرۋەن ۋە شەھەر ئاهالىسىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيە ئالمىغان هەم قاتار تىزىلىشنىمۇ بىلمەيتتى، هەتتا ئات مىنىشنىمۇ بىلمەيتتى، ئات ئۈركۈپ كەتسە، يىقىلىپ چۈشەتتى، ئوقلىرىمۇ چېچىلىپ كېتەتتى. ئۇ: بۇنداق ئەسكەرلەر بىلەن ئوتياش بولغىلىمۇ بولمايدۇ ㉝، دەپ قارىدى.

يېڭىسار قەلئەسى قولدىن كەتتى. قەشقەرنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر شەھەرنى تاشلاپ قاچتى دېگەن خەۋەر كەلدى. مىرزا ئابابەكرى شەھەرگە قايتىپ كەتتى، چوڭ ئوغلى جاھانگىرنى يەكەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى نۇرغۇن مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ خوتەنگە قاچتى.

جاھانگىر مىرزا يەكەن تەختىدە ئىلگىرى - ئاخىر بەش كۈن ئولتۇرالىدى. ئۇ سەئىدخاننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن خەزىنە ئامبارلىرىنى ئېچىپ، كۆتۈرۈش مۇمكىن بولغانلىرىنى ئۆزى ئېلىپ، كىم نېمىنى خالىسا شۇنى ئالسۇن دەپ، قالغىنىنى بەيتۇلمال قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. جاھانگىر مىرزا يەكەندىن كېتىپ 4 - كۈنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ تۇرشاۋۇلى خوجا ئېلى باتۇر يەكەنگە يېتىپ كەلدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخانمۇ يېتىپ كەلدى ۋە مىرزا ئابابەكرىگە قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەمىر - لەشكەرلەرنى خوتەنگە ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا يەنە يەتتە باتۇرنىمۇ يېتەرلىك ئەسكەر بىلەن ماڭدۇردى. ئاندىن پۈتۈن ئەسكەرلەرنى ئىككى ئاي بۇلاڭچىلىققا قويۇۋەتتى. ئۇلار يەكەن شەھىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى ㉞. سۇلتان سەئىدخان مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھىجرىيە 920 - يىلى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (1514 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) ㉟ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، يەكەن خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئابابەكرى ئاۋۋال خوتەنگە قېچىپ باردى، سەئىدخاننىڭ خوتەنگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قاراڭغۇ تاغقا قېچىپ كىرىۋالدى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى كەينىدىن قوغلىدى. قاراڭغۇ تاغنىڭ يولى ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە ئەگرى - توقاي بولغانلىقتىن، مىرزا ئابابەكرى ئېلىپ ماڭغان مال - دۇنيالارنى، بولۇپمۇ 900 قېچىرغا ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان ماللارنى ئېلىپ ماڭالماي قالدى. ئۇ ھەممە ماللارغا ئوت قويۇۋەتتى. نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى يورۇڭقاش دەرياسىغا تۆكۈۋەتتى ھەم لاداخقا قاراپ قاچتى. لېكىن، بۇ جايلارمۇ ئالىقاچان «كۈپپارلار» نىڭ

قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ جايدا تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ سەئىدخانغا تەسلىم بولۇشنى توغرا تاپتى. يولدا كېتىۋاتقاندا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ ئادەملىرىگە ئۇچراپ قالدى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، زالىملىق بىلەن تولغان ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

جاھانگىر لاداخقا بارىدىغان چوڭ يول بىلەن قاچتى، لېكىن سانجۇ قەلئەسىگە بارغاندا توختاپ قالدى. سەئىدخان بۇنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنى ئۇنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتى. جاھانگىرنىڭ ئايالى ئەھمەدخاننىڭ 4 - قىزى خەلچە سۇلتان خانىم سەئىدخاننىڭ بىر قورساق سىڭلىسى ئىدى. ئۇلار ئەر - خوتۇن يېتىپ كەلگەندە، خان قارشى ئالدى. جاھانگىر خاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. لېكىن، شۇ يىلى قىشتا، مۇھاپىزەتچىسى بىلەن يېڭىساردا مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى. «تارىخى رەشىدى» دە: «بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن، ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر گۇمان بار. پەقەت خۇدالا ھەقىقىي بىلىدۇ» ㊱ دېيىلگەن. ھەممىگە مەلۇم، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتنىڭ «تارىخى رەشىدى» نى يېزىشتىكى مەقسىتى ئەجدادلىرىغا ئابىدە تىكلەش، «يېقىنلىرىنىڭ ئەيىبىنى يېپىش» ئىكەنلىكى تۇرغان گەپ. بۇ ئىشنى ئاپتورنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەدنىڭ قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى، بۇ قەبىلىنىڭ ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا دائىم ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشى بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھانگىر مىرزا بولسا مۇشۇ جەمەتنىڭ چوڭى، يەنە كېلىپ خاننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى، خاننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. ئۇ ئۆزى «ئۇلۇسبېگى» سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا تەھدىت بولاتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۆزىگە تەھدىت سالىدىغان ئادەمدىن قۇتۇلاتتى ھەمدە سۇلتان سەئىدخانىمۇ تىزگىنلىيەلەيتتى.

## 3. سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەپ، خاننىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش

### (1) سەئىدخاننىڭ تاكتىكىسى

يەكەن خانلىقىنى قۇرۇشتىكى «تۆھپىكار» سەئىد مۇھەممەدنىڭ ھوقۇقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ «تۆھپىكارى» خۇدايداتتىن قېلىشمايتتى. «تارىخى رەشىدى»دە دېيىلىشىچە، سۇلتان سەئىدخان تاغىسى سەئىد مۇھەممەدكە 12 خىل ھوقۇقنىڭ ھەممىسىنى [87] بەرگەنىدى. بۇ ھوقۇقلارنىڭ ماھىيىتى كىتابنىڭ 2 - بابىدا كۆرسىتىلگەن، يەنى «خانلىقنىڭ ھوقۇقى» قانۇنلۇق ھالدا دوغلات قەبىلىسىگە ئۆتكەن. لېكىن، سۇلتان سەئىدخان خۇدايداتنىڭ قولىدا چوڭ بولغان خىزىر خوجا ئەمەس ئىدى. ئۇ 14 يېشىدىن باشلاپ ئەسكەر بولغان، ياردار بولغان، كېيىن تۈركىستان جاڭگاللىرىدا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، ئىككى قېتىم تۈرمىدە ياتقان، تۆت قېتىم خەتەردىن قۇتۇلغان، جەڭدە چېنىقىپ، مول ھەربىي تەجرىبە بىلەن سىياسىي تەجرىبىگە ئىگە بولغان، كۆپنى بىلىدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان سىياسىئون ئىدى. بۇنداق ھوقۇقنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، قورچاق بولۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى، لېكىن بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، يەنى كىشىلەر ئاتاقتا بولسىمۇ ئۇنى بۇ قانۇنلۇق خان دەپ ئېتىراپ قىلىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمرى بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى، خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا خانلىق ھوقۇقىنى ئاستا - ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ تەرەپنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك: بىرى خانلىق ئىچىدىكى ھەر قايسى ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى، يەنە بىرى سىرتتىكى قوشنىلارنىڭ قوللىشى، ئىسلام دىنىدىكى ئەربابلارنىڭ قوللىشى ئىدى. ئۇنىڭ 20 يىل ئىچىدە قىلغان بارلىق دۆلەت ئىشلىرى مانا مۇشۇ مەزمۇننى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى.

1514 - يىلى سۇلتان سەئىدخان يەكەن قەلئەسىنى ئېلىپلا، ئەسكەرلەرنى ئىككى ئاي بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قويۇۋەتتى [88]، ئۇ بۇنداق

قىلىشىنىڭ خەلققە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن يەردە ئەمەس، لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئاچكۆز سەركەردىلەر دىۋەيلەپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «قەلىمىنى بىرلا ئوينىتىپ، كۆپچىلىكنى بۇلاڭچىلىققا قويۇۋەتتى» . ئىككى ئاي ئۆتتى، ھەممە ئادەم بۇلىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ساق - سالامەت قايتىپ كەلدى ھەم بۇلىغان نەرسىلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، خانغا تۆھپە تاپشۇردى. خان كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن، موغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە نەرسىلەرنى سۇيۇرغال (Suyrghal) قىلىپ بۆلۈپ ئەسكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى» ㊴. بۇنىڭ بىلەن سەركەردىلەردىن ئەسكەرلەرگىچە ھەممە كىشى خۇش بولدى. ئارمىيە ھاكىمىيەتنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى ھەم تۈۋرۈكى. سەئىدخان دۆلەت مۇقىملاشقۇچە، ئەسكەرلەرنى بۇلاڭچىلىققا قويۇۋېتىپ، بۇنىڭ بىلەن ھەم ئۇلارنىڭ شەھەر ئېلىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىگە تەشەككۈر ئېيتتى ھەم ئۇلارنى خۇش قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

1514 - يىلى قىشتا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىنىسى ئىمىن خوجا سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ يېنىدىن يەكەنگە كەلدى. سەئىدخان ئىنىسىنىڭ كەلگىنىگە خۇش بولۇپ، زىياپەت تەييارلاتقۇزدى. ئىمىن خوجا سۇلتان سەئىدخاننى مەنسۇرخانغا ئۆچەكەشتۈرۈش ئۈچۈن، «ئۆز ئىنىلىرىغا ئۇنداق زالىملىق قىلدى، بۇنداق زالىملىق قىلدى» دەپ مەنسۇرخان ئۈستىدىن دەرد ئېيتتى. شۇ چاغدا ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ، مەنسۇرخاننىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى. لېكىن، سەئىدخان: «مەنسۇرخان بولسا بىزنىڭ ئاكىمىز، گۇناھ بىز ئۇكا بولغۇچىلاردا، ئاكىمىزغا ھۆرمەت قىلمىدۇق» دەپ قوشۇلمىدى ھەم مەنسۇرخاننىڭ نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىنى تىلغا ئالدى. سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ مەنسۇرخان بىلەن ياراشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇشۇنداق قىلساق، «دوست كۈلىدۇ، دۈشمەن يىغلايدۇ. بىز خۇش چىراي كۆرۈشسەك، ئارىدىكى نىزالار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. تاماشا

كۆرگۈچىلەرنىڭ تەلپىنكى يەرگە چۈشىدۇ» [40] دېدى. ئۇ مەنسۇرخانغا ئەلچى ۋە قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى باردى-كەلدى قىلىشىپ، ئۇچرىشىشقا دائىر ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە تەييارلىق كۆردى.

1515 - يىلى ئەتىيازدا، سۇلتان سەئىدخان موغۇل قەبىلىلىرىدىن ئادەم ئاجرىتىپ، ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بەردى. دوغلات قەبىلىسىدىن سالىخ مىرزىنى ئىمىن خوجا سۇلتانغا ئۇلۇسبېگى قىلىپ بەردى؛ ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئاقسۇغا نائىب قىلىپ تەيىنلىدى، يەنە ئىككى ئەمىرنى قوۋمى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئابابەكرى ئاقسۇغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن، ئاھالىسى قەشقەرگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەنىدى. بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ يۇرت - ماكانىغا قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ يولغا چىقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئايمان خوجا سۇلتان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ (ئۈچتۇرپان) ، ئاقسۇدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، قەلئەنى قايتىدىن ياسانتى.

1516 - يىل 2 - ئايدا، سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قەشقەر، ئۈچ، ئاقسۇدىن ئۆتۈپ، جامغا كېلىپ چۈشتى. مەنسۇرخانمۇ قارشى تەرەپتىن كېلىپ باينىڭ غەربىدىكى ئاۋاتقا كەلدى، ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى يەتتە پەرسەخ كېلەتتى. ۋەزىرلەر باردى- كەلدى قىلىشىپ، ئاخىر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى ئالدىغا يۈتكىلىپ روبىرو بولۇپ، بارىمتاي ئالماشتۇرىدۇ، ئاندىن ئىككى خان 30 دىن ياساۋۇل ئېلىپ بېرىپ، ئىككى سەپ ئوتتۇرىسىغا تىكلىگەن چېدىردا ئۇچرىشىدۇ، دەپ كېلىشىم تۈزدى. ئۇچراشقاندا، سەئىدخان موغۇللارنىڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە قاتتىق ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، مەنسۇرخاننى تولىمۇ ئىززەتلىدى. مەنسۇرخاننىڭ نامىغا قۇتبە ئوقۇشقا، مەنسۇرخاننىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرۇشقا ماقۇل بولدى. بۇ ئىككى ئىش ئىسلام ئادىتىدە ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى ھېسابلىناتتى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا، چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىرلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ

ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ يارىشىشى نەتىجىسىدە، پۇقرالار ئەمىن تاپتى، روناق تاپتى. قۇمۇل مۇزاپىتى بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدا هەر قانداق كىشى يالغۇز سەپەر قىلالايدىغان، ئوزۇق-تالقان ئالماي ماڭسىمۇ بولىدىغان، ئوغرى - قاراقچىدىنمۇ قورقمايدىغان بولدى» [41]. بۇ ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان تىنچ، خاتىرجەم مۇهىت ئىدى. تارىخىي ئەهمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇچرىشىشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، كىشىلەر «ئىككى لەشكەر بولدى شاد» دېگەن سۆزنى شۇ يىلى — هىجرىيە 992 - يىلىنى خاتىرىلەيدىغان ئەبجەد هېسابى قىلدى [42].

سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇچرىشىپ، شەكىل جەهەتتىكى قارامىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىتتىپاق تۈزۈپ، شەرق تەرەپ بىلەن غەرب تەرەپتىن تەڭ هۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپىدىن قۇتۇلدى. ئۇ يەكەنگە خۇشال قايتىپ بېرىپ، ئەمىرلەرنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، مۇهىم هەربىي ئىشلار ئۈستىدە مەسلىهەتلەشتى. ئەمىرلەر بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان دۈشمەن ئۆزبېك خانى سۈيۈنچخانغا هۇجۇم قوزغاش كېرەك، «هازىر ئىنتىقام ئالماي قاچانغىچە تۇرىمىز؟ ئۇلارنى هازىر يوقاتمىساق، قاچاندا ئۇلارنى يوقاتقىدەك كۈچ توپلىيالايمىز؟» [43]دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان لەشكەرلەرنى قەشقەرگە يىغىپ، ئۇ يەردىن ئەنجانغا لەشكەر تارتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.

سەئىدخان ئەنجانغا يۈرۈش قىلىشتا، مەنىۋى جەهەتتە ئۆزبېك خانى سۈيۈنچخاندىن ئىنتىقام ئېلىشنى مەقسەت قىلىسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلەيتتى. هاكىمىيەتنى ساقلاش ئۈچۈن خېلى ساندا قوشۇن ساقلاش كېرەك، لېكىن نەچچە ئەسىردىن بۇيان يېغىلىق ئۈزۈلمەي، قەشقەر رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى خاراپلاشقانىدى، «دېهقانلار يەرگە قىلغان ئەجرىگە لايىق كىرىم قىلالمايتتى، يەردىن چىققان هوسۇل بىر قوشۇننى بېقىشقا يەتمەيتتى» [44]. پۇقرالاردىن ئالغان باج بىلەنمۇ هاكىمىيەتنى قوغدىيالىغۇدەك بىر قوشۇننى تەمىنلىگىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۇلاڭچىلىقتىن باشقا يول يوق ئىدى. لېكىن، هاكىمىيەتنى قۇرۇۋېلىپلا ئۆز خەلقىنى بۇلاش هالاكەتكە ئېلىپ باراتتى.

شۇڭا، «ئىنتىقام ئېلىش»، «غازات قىلىش» نامى بىلەن سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا، ئاشكارا، قانۇنلۇق بۇلاڭچىلىق قىلىپ، سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ بىۋاستە كىرىمىنى كۆپەيتكەنىدى؛ ئۇلارنى خۇش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خانلىقنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، باج تۆلەيدىغان پۇقرا ئاۋۇيتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىستان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ توختىماي ئۇرۇش قوزغىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئەنە شۇ ئىدى.

1516 - يىلى ياز چىقىپ كېتەي دېگەندە، سەئىدخان لەشكەر تارتىپ قەشقەردىن يولغا چىقتى. تويۇن بېشىدىن ئۆتۈپ، چېدىركۆلگە باردى. بۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈچا، باينى سورايدىغان نائىبى باباچاق سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن كېلىپ سۇلتان سەئىدخانغا تەزىم بەردى. باباچاق سۇلتان: «ئىتتىك ئارا يولغا چىقىپ قېلىپ، ياردەمگە قوشۇن ئېلىپ كېلەلمىدىم، كېلەركى قېتىم ئەنجانغا لەشكەر تارتقاندا چوقۇم پۈتۈن ئادەملىرىمنى ئېلىپ كېلىپ جەڭگە ياردەملىشىمەن» دېدى. سەئىدخان ئۆزىنىڭ سۆيۈنچ سۇلتاننى جازالاشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئانچە ئىشەنچ قىلالماي تۇرغانىدى، باباچاقنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، پىلانىنى ئۆزگەرتىپ ئارپىيازى ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا باباچاق سۇلتان بىلەن بىرلىشىپ ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى: سۇلتان سەئىدخان «كېلەر قىشتا قىلىدىغان غازاتنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى» دەپ يازدى. «غازات» ئارقىلىق ئادەتتىكى ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىگە يەتكىلى - مال - دۇنيا بۇلىغىلى، زېمىننى كېڭەيتكىلى، ھاكىمىيەتنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، ئىسلام ئەھلىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولاتتى. بولۇپمۇ خان ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن بەك مۇھىم ئىدى. سەئىدخان ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر سېرىق ئۇيغۇرلارغا قارشى غازات قىلىش قارارىغا كەلدى. مۇھەممەد ھەيدەر شۇ قېتىمقى «غازات» نىڭ نەتىجىسىنى

ئەينەن خاتىرىلىگەن: 1517 - يىلى سۇلتان سەئىدخان لەشكەر تارتىپ ئۇرۇشقا چىقتى، خوتەنگە بارغاندا ئاغرىپ قېلىپ يەكەنگە قايتىپ كەلدى. «سېرىق ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئەمىرلەر ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن قىتان (مىلىڭ سۇلالىسى) ئارىلىقىدىكى تۇزلەڭلىكتە ئىككى ئاي يۈرگەندىن كېيىن ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدى، لېكىن ئۇلار كۆپپارلار توغرۇلۇق ھېچقانداق ئەھۋالنى كۆرمىگەنىدى ۋە ئاڭلىمىغانىدى» ㊺.

سەئىدخان خوتەندىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا تەرەددۇت قىلدى. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: قىرغىزلارنىڭ سەردارى مۇھەممەد سۇلتان سەئىدخان قەشقەرنى بويسۇندۇرغان ئۇرۇشتا كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. «ئۇ كۆپلىگەن ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئالغان» ، ئۇ قايتقاندا سۇلتان سەئىدخان يەنە «كۆپلىگەن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى بەرگەنىدى» ، مۇھەممەد موغۇلىستانغا قايتىپ بارغاندا، ھەممە قىرغىزلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانىدى. ئۇ لەشكەر تارتىپ تاشكەنت ۋە سايرام قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنى بۇلاپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۆزبېك خانى ئابدۇللا سۇلتان ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. مۇھەممەد قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، تولۇق غەلىبە قازىنىدۇ. ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلىدۇ، ئابدۇللا سۇلتان ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئەتىسى مۇھەممەد ئابدۇللانى ۋە ئۆلتۈرۈلمەي قالغان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ سۇلتان سەئىدخانغا: «مەن ئۆز ۋاقتىدا شەيبان قەبىلىسىنىڭ سۇلتانلىرىدىن بىرەرى قولۇمغا چۈشۈپ قالسا، قويۇپ بېرىمەن دەپ لەۋز قىلغانىدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ لەۋزىگە ۋاپا قىلدىم. جانابىي ئالىيلىرىنىڭ كەچۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» ㊻ دەپ بىرمۇنچە ئات، قورال ۋە سوۋغات بىلەن ئادەم ئەۋەتىدۇ. لېكىن، سۇلتان سەئىدخان ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ، ئەسكەر توپلاپ، 1517 - يىلى كۈزدە مۇھەممەدكە قارشى يۈرۈش قىلىدۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، سۇلتان سەئىدخان مۇھەممەد قىرغىزنىڭ بارگاھى ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدا ئىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ،

تېزدىن يېتىپ بېرىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ، تۈن قاراڭغۇسىدا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، مۇھەممەد قىرغىزنى ئەسىرگە ئالىدۇ. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق يازىدۇ: «لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنىڭ توپ - توپ يىلقا، قوي ۋە تۆگىلىرىنى تارتىۋېلىپ، مول ئولجىلارغا ئىگە بولدى»، «ئاندىن بەھۇزۇر يولغا چىقىپ» ㊼، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

1518 - يىلى يازدا سۇلتان سەئىدخان لەشكەر تارتىپ بەدەخشانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئابابەكرى ئۆز دەۋرىدە بەدەخشانغا تەۋە يۇقىرى ھاۋزىنىڭ بىر قىسىم يېرىنى، مەسىلەن، سارىغ چوپان (Sarigh Chupan)، قوند، پارۋاز، يارق (Yarkh)، ياسار ۋە شىرائى شىغنان (Shirani-Shighna) قاتارلىق يەرلەرنى ئىستېلا قىلغان، يەنى يۇقىرىقى بوغازدىن سارىغ تۆپەگىچە بولغان يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانىدى. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخان قەشقەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرلەرنى بىر نەچچە پارچىغا بۆلۈپ، ئۇ يەرنى سوراشقا ھۆكۈمدارلارنى ئەۋەتتى. كېيىن بەدەخشاننىڭ ھۆكۈمرانى مىرزىخان سارىغ تۆپەنى ئىشغال قىلدى ۋە قارشى چىققۇچىلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن، بۇنى بابۇر شاھ قوللايدۇ، دەپ داۋراڭ قىلدى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن قوراللىق كۈچىنى ئىشقا سالدى. سۇلتان سەئىدخان لەشكەر تارتىپ بەدەخشانغا يېتىپ كىرگەندە، مىرزىخان تاقابىل تۇرالماي، قالائى زاغارغا چېكىندى. سۇلتان سەئىدخانمۇ مىرزاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تولۇق تارمار قىلماي، ئۆزلۈكىدىن قوشۇنىنى چېكىندۈردى. بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىقىنىدەك سۇلتان سەئىدخاننىڭ «رەھمى كەلگەنلىكى» ㊽ ئەمەس، بەلكى سۇلتان سەئىدخان بابۇرشاھ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى كۆزدە تۇتقان، ئۇ دوستلۇقنى بۇزۇپ، دۈشمەنلىشىپ قېلىشنى خالىمىغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن ㊾. سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇ قېتىم ئەسكەر تارتىشىنىڭ ئەھمىيىتى يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق بېكىتكەنلىكىدە، 1520-يىلى يازدا، سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن ئۆتكەن قېتىمقى جايدا

يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ، «دوستلۇق رىشتىنى تېخىمۇ چىڭىتتى». سۇلتان سەئىدخان ئالتە يىل ئەجىر سىڭدۇرۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاساسەن مۇقىملاشتۇردى. ئىچكى ئىشلار جەھەتتە، سۇلتان سەئىدخان ئاتابەكرىنىڭ رەھىمسىز قانۇن ۋە ئېغىر ئالۋان - ياساقلىرىنى بىكار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي زىددىيەت پەسەيدى، مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (سۇلتان سەئىدخان) كەڭ قورساق، ئادىل ئىدى، پۇقرالارنىڭ بېشىدىكى زۇلۇم - زۇلمەتنى تۈگەتتى، بۇرۇن سودىگەر - يولۇچىلار خەتەرلىك دەپ قارايدىغان يول ھازىر تىنچ - ئامان بولۇپ قالدى. شۇڭا كىشىلەر: ‹بىر مەزلۇم كىشى بىر كومزەك ئالتۇننى ئېلىپ ماڭسىمۇ ھېچ كىشى بۇلىمايدۇ›، دېيىشەتتى.» بۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇ مۇنداق بىر قوشاقنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

يولدا يالغۇز ئېلىپ يۈرسە كوزا ئالتۇن،
چېقىلمايدۇ ئاڭا ھېچقانداق كىشى.
خان بولغاچقا ئادىل ھەم پازىل،
تىنچ - ئاسايىش بولدى ئەل - يۇرتنىڭ ئىچى.

ئۇ يەنىمۇ تەرىپلەپ مۇنداق دېدى: «تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، بىر مەزلۇم كىشى لىق بىر تاۋاق ئالتۇننى يولغا قويۇپ كەتسە، تا قايتىپ كەلگۈچە ئالتۇن قويغان يېرىدە تۇراتتى». بولۇپمۇ سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخان ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن دۆلەت ئىچى خاتىرجەم بولۇپلا قالماستىن، تاشقى جەھەتتىمۇ ھېچقانداق ۋەقە كۆرۈلمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر «خانمۇ، پۇقرالارمۇ خاتىرجەم، غەم - قايغۇسىز ئۆتتى» دەيدۇ. تارىخشۇناس بولغىنى ئۈچۈن ئۇ «يازغۇدەك ۋەقە يوق» دەيدۇ ⑩. بىر سىنىپىي جەمئىيەتتە، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئۇنچىلىك خاتىرجەم، خەلقنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ ئۇ قەدەر يۈكسەك دەرىجىگە بېرىپ يەتمىكى تەس بولسا كېرەك. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، ھېچبولمىغاندا، شۇ چاغدىكى ئەھۋالنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

## (2) موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

1522 ـ يىلى يەكەن خانلىقى سىرتقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى. سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىشقا تەرەددۇت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبى مۇنداق: ئۇ چاغدا ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موغۇل ئۇلۇسلىرى «روناق تاپقان، چارۋا ماللىرى ئاۋۇغان» ئىدى. قەشقەر تەۋەسىدىكى يايلاقلار يېتىشمەيتتى، «پۇقرالار يايلاق تالىشىپ دائىم جاڭجال قىلىشاتتى»، شۇنىڭدەك بەزى موغۇل سەركەردىلىرى مەسىلەن، خوجا ئېلى باھادىر «تۇغۇلۇشىدىن مىجەزى شۇنداق بولغاچقا»، موغۇلىستاننى بەكمۇ سېغىناتتى، ئۇ ھەمىشە شەھەر تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ، يايلاق تۇرمۇشىنى ئارزۇلايتتى [51]. ئوبيېكتىپ جەھەتتە سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاق تۈزۈشى بىلەن موغۇلىستان ئۇلارنىڭ ئورتاق يۇرتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەنسۇرخان شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئويراتلارغا تاقابىل تۇرىمەن دەپ غەرب تەرەپتىكى موغۇللارغا قارىغۇدەك ھالى يوق ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىرغىزلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن سەردارى يوق ئىدى، ئۇلار ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولۇۋېلىپ، ھەممە يەرنى پاراكەندە قىلىپ يۈرەتتى، ئۇلار ئۆزبېكلەر تەۋەسىدىكى سايرام، ئەنجان ۋە ئاخسىلارنى بۇلىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن ـ قىز، بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ ئۆزلىرىگە قۇل قىلدى. ئۆزبېك سۇلتانلىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ كونا دۈشمىنى ئىدى، لېكىن بۇمۇ ئۇنىڭ «بىرمۇ مۇسۇلماننىڭ خورلىنىشىغا يول قويماسلىق، بىرمۇ كاپىرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق» [52]نى كۆزدە تۇتۇپ «غازات» قىلىشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، موغۇلىستانغا ئەسكەر چىقىرىپ، ئانا تۇپراقتا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ تامامەن يوللۇق گەپ بولدى.

لېكىن، ھۆكۈمدار كىم بولىدۇ دېگەن مەسىلىدە، ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدە پىكىر ئىككى خىل بولۇپ قالدى: خوجا ئېلى باتۇر ۋە كۆپ قىسىم ئەمىرلەر: «باباي سۇلتاننى ئەۋەتىش كېرەك. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى خېلىل سۇلتان ئۆز ۋاقتىدا قىرغىزلارغا سەردار (نازارەتچى بەگ) بولغان، «ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھەقلىق» دېدى. لېكىن، سەئىد مۇھەممەد دوغلات: «باباي سۇلتاننى ئەۋەتمەسلىك كېرەك، موغۇللار ئۇ يەردىن قىيالمايدۇ، بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئەگەر باباي سۇلتان ئۇ يەرنى سورىسا، موغۇللارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشىنى توسۇشىمىزغا نارازى بولىدۇ. ئەگەر توسمىساق، ئۇلار ئۇ يەرنى بېسىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مالىمانچىلىق، ئالتوپىلاڭنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ» دەپ قارشى چىقتى ۋە خاننىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ئەۋەتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ، ئۇ ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتسىمۇ جانابىي ئالىيلىرى (سەئىدخان) غا زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، «بىز» موغۇللارنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىنى توسساق، «ئۇ ھېچبولمىغاندا قارشى تۇرمايدۇ» ، قارشى تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئىش يوق، دېدى. بۇ ئىككى خىل پىكىر ماھىيەتتە ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدىكى ئولتۇراقلىشىش بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بۆلۈپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل سىياسىي ئىدىيە خاھىشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. مۇشۇنداق ئىككى خىل پىكىر «تىركىشىۋاتقان چاغدا دەيدۇ، — ‹تارىخى رەشىدى› نىڭ ئاپتورى، — ‹خوجا ئېلى باتۇر مەينى زىيادە ئىچىپ ئۆلۈپ كەتتى› ، خوجا ئېلى باتۇر راست ‹مەي ئىچىپ› ئۆلدىمۇ؟ بۇ گۇمانلىق؛ لېكىن ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن، شۈبھىسىزكى، دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى يىراق سەپەرنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بېرىلدى» ㊿. ئۇ شۇ يىلى ئەتىيازدا لەشكەر تارتىپ يولغا چىقتى. مىرزا ئەلى تاغاي دوغلات ئۇلۇسبېگى قىلىپ تەيىنلەندى، مۇھەممەد قىرغىز ئازاد قىلىندى ۋە

قىرغىزلارنىڭ ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىنىپ، قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇلدى. ئۇلار موغۇلىستانغا كىرگەندىن كېيىن مۇھەممەد قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسكەرلىككە ئالدى، ئاز بىر قىسمى چېگرا جايلارغا قېچىپ كەتتى. شۇ يىلى قىشتا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوشۇنى قوشقار ⑭دا قىشلىدى.

1523 - يىلىنىڭ بېشىدا، سۇلتان سەئىدخان قوشقارغا بېرىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، مۇھەممەد قىرغىز ۋە باشقا بىر قىسىم ئەمىرلەرنى چەت - ياقا جايلارنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار بارغان يەردىن بىر قىسىم قىرغىزلارنى يىغىپ قايتۇرۇپ كەلدى. سۇلتان سەئىدخان ئۇ يەرنى تىنچىپ قاپتۇ دەپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

1524 - يىلى قىشتا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەسكەر ئەۋەتىپ ئويراتلارنى بۇلىدى، بالاتالىش دېگەن بىر ئەمىرنى ئۆلتۈردى. شۇڭا، غازى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. سەئىدخان يەكەندىن قوشقارغا كېلىپ قىشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قازاقلارنىڭ خانى تاھىرخان تەزىمگە كەلدى. تاھىرخان قىپچاق دالاسىدا ماڭغىتلار باش كۆتۈرۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئۆزبېكىستانغا كەتكەن، كېيىن قىرغىز مۇساپىرلىرىنى دەپ، يەكەن خانلىقى بىلەن ئارازلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ سەئىدخان بىلەن يارىشىپ، موغۇللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. تاھىرخان ئەدەپ - ئىكرام بىلەن سۇلتان سەئىدخانغا سالام بەردى. ئىككى تەرەپ ياراشتى. تاھىر سۇلتان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سىڭلىسى (سەئىدخاننىڭ ھاممىسى سۇلتان خېنىمنىڭ قىزى) نى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بەردى. ئۈچرىشىشتىن كېيىن مۇھەممەد قىرغىزنىڭ قازاقلار تەرەپكە قېچىپ كەتمەكچى بولغانلىقى سېزىلىپ قالدى، سۇلتان سەئىدخان ئۇنى يەنە بىر قېتىم سولاپ، قەشقەرگە ئالدۇرۇپ كەتتى.

1525 - يىلى ھاۋا ئىللىغان چاغدا، سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، بالاچاقىسى ۋە قوشۇنىنى ئېلىپ يەنە موغۇلىستانغا يول ئالدى. يولدا

كېتىۋېتىپ، قەشقەردە ئاغرىپ يېتىپ قالغان سەئىد مۇھەممەد دوغلات ئەۋەتكەن: «سۈيۈنچخان ئۆلدى، ئۆزبېك سۇلتانلىرى سەركىسىز پادىغا ئايلىنىپ قالدى، بۇ ئىنتىقام ئېلىشنىڭ تېپىلماس پۇرسىتى» دېگەن مەلۇماتنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئەنجانغا ماڭدى، يول ئۈستىدە ئۆزكەنت، مادۇلارنى ئالدى. لېكىن، يەرلىك خەلق ئۆزىنى قوغداش ئۇلارنى ئۈچۈن، شەھەرگە كىرگۈزمىدى. ئۆزبېك قىسىملىرىمۇ ئەنجانغا يىغىلدى، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ سانى «100 مىڭدىن ئاشاتتى»، سەئىدخان ئاران 25 مىڭ [55] ئەسكەر بىلەن غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: موغۇلىستاندا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خەلقتىن ھال سورىشىغا ياردەملەشتىم، شۇنچە چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ «قىرغىزلارنى تىنچىتالمىدۇق» [56]. قىرغىزلار يەنە چەت چېگرىلارغا قېچىپ بېرىپ، ئۆزبېكىستاندىكى تاھىرخاننىڭ يېنىغا كەتتى. 1525 - يىلى قىشتا، تاھىرخان موغۇلىستانغا كىرىپ، قوشقار ئەتراپلىرىغا بېرىپ چۈشتى، قىرغىزلارنىڭ يېرىمى بېرىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەرغەزەپ بولۇپ، قوشقاردىن ئاتبېشىغا چېكىندى. سۇلتان سەئىدخان قوشۇننى ئالاقزادە بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، شۇ ھامان يېتىپ باردى.

1526 - يىلى باھاردا، قازاقلار موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلارغا كىردى، سۇلتان ئابدۇرەشىد تەۋەسىدىكى قىرغىزلار بۇرۇن قازاقلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن قىرغىزلارغا قوشۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. سەئىدخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى بۇ تۇراقسىز قىرغىزلارنى ئاتبېشىغا ئاپىرىۋېتىشنى يارلىق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قىرغىزلار قازاقلاردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولدى. سۇلتان سەئىدخان خەۋەر تېپىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئەسكەر باشلاپ قىرغىزلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا قىرغىزلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى باباچاق سۇلتاننىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. سۇلتان

ئابدۇرەشىدخان قىرغىزلاردىن قالغان 100 مىڭ قوينىلا ئولجا ئېلىپ قايتتى. بۇ تارىختا «قوي يېغىلىقى» دەپ ئاتالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سەئىدخان يەنە قىرغىزلار قازاقلار بىلەن بىرلىشىپتۇ، قازاقلارمۇ موغۇلىستاندا ئولتۇراقلاشقۇدەك، ئادىمى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. سۇلتان سەئىدخان شۇنچە جىق قازاقلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە موغۇلىستاندىكى باشقا موغۇللارنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا ئېلىپ بارغان بەش يىللىق ھەربىي ھەرىكىتى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. بۇ ۋەقە يەكەن خانلىقىدىكى موغۇللارنى كۆچمەن يايلاق تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، موغۇلىستانغا قايتا خوجا بولۇش يولىدىكى چۈشىدىن ئويغىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى چىقىش يولىنى باشقىدىن ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى.

موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئابرۇيىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى بىۋاستە سەۋەب بولدى. شۇ يىلى يازدا، بابەك سۇلتان يەكەندىن قېچىپ چىقىپ، ئاۋۋال ھىسارغا، ئاندىن بەدەخشانغا باردى، لېكىن پاناھلىق تاپالماي، قەشقەرگە قايتىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. سۇلتان سەئىدخان ئۇنى خانلىق تەختى ئۈچۈن يوشۇرۇن خەۋپ دەپ بىلىپ، ئۇ يەردە تۇرغۇزمىدى. ئۇ ھىندىستانغا بېرىپ بابۇرشاھتىن پاناھ تىلەشكە مەجبۇر بولدى، ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يەردە ئاغرىپ ئۆلدى. ياندۇرقى يىلى، يەنى 1527 - يىلى بىرسى شاھ مۇھەممەد سۇلتاننى خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتتى. شاھ مۇھەممەد سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاغىسى مەھمۇدخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، سەئىدخان ئۇنى بەك قەدىرلەيتتى. لېكىن، بۇ ئىش خانلىق تەختىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا تاقىلىدىغان بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخان ئۇنىمۇ سۈرگۈن قىلىپ، قاراتېكىنگە قوغلىۋەتتى . شاھ مۇھەممەد سۇلتان يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغان ئەمىر مۇھەممەد بارلاس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن «كىشىلەر پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى» . شاھ مۇھەممەد سۇلتاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستىگە

قاتناشقان كىشىلەر قىچىپ كەتتى؛ خان جەمەتىدىكى بەزى كىشىلەر شاھ مۇھەممەد سۇلتاننى «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆلتۈرگەن» قاتىلنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىشنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى، دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن قاتىلنى جازالاپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپلەرگە تاقابىل تۇردى. قالغان كىشىلەرنى «ياخشى گەپ بىلەن پەپىلەپ، ئۇلارغا ھېچ ئىش كەلمەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى» ⑰.

## (3) جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش

يەكەن خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتى يەنە ۋاقتىنچە تۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن موغۇل ئۇلۇسلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن ئادەم، چارۋىلارنىڭ ئاۋۇشى بىلەن يايلاقلارنىڭ تارلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ خانلىقنىڭ مۇقىمسىزلىقىدىكى تۈپ ئامىل ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يول: يا كەڭ يايلاقتا قايتىپ كېتىش، بۇ يولدا ئۇلار بەش يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئاخىر مەغلۇپ بولدى، قانلىق پاكىتلار ئۇلاردا ئۆز دەۋرىدىكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭكىدەك خۇلۇمبىر يايلىقىدا ھۆركىرەيدىغان كۈچ يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى؛ يا دېھقانچىلىققا كۆچۈش. بۇ يولغا ماڭغاندا، چارۋىچىلىققا قارىغاندا ئازراق يەر بىلەن كۆپرەك ئادەمنى باققىلى بولىدۇ. لېكىن، دېھقانچىلىق قىلىشنى پەس كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيە ھازىرچە ئۇلارنىڭ بۇ يولغا مېڭىشقا بەل باغلىشىغا، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ - ئادەتنى ئۆزگەرتىشكە يول قويمايتتى . ئەمدى بىرلا يول، يەنى سىرتقا قارىتا ئۇرۇش قوزغاپ، مال-دۇنيا بۇلاش قالدى. بۇنىڭ بىلەن ماددىي مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىشىنى تولۇقلىغىلى بولۇپلا قالماي، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەيش - ئىشرىتىنىمۇ قامدىغىلى بولاتتى ، بۇ قەدىمكى ئەنئەنە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تازا مەدھىيىلەيدىغان باتۇرانە ئىش ئىدى. شۇڭا، يەكەن خانلىقى سۇلتان سەئىدخاننىڭ رەھبەرلىكىدە مۇداپىئە كۈچى ئاجىز بولغان

جەنۇبىدىكى جايلاردا بىر قاتار ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

1527 ـ يىلى قىشتا، سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى لەشكەر تارتىپ كۇپپار ئەللىرىگە «غازات» قىلىشقا بۇيرۇدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەيدەر شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بولورىستاندا قىشلىدۇق، كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق پۈتۈنلەي غەلىبە قىلدۇق. ئەتىيازدا، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ، تىنچ ـ ئامان قايتتۇق. سىرىق تۆپىگە كەلگەندە بەشتىن بىر ئۆلۈش غەنىيمەتنى شۇ يەردە قالدۇردۇق، بۇ بەشتىن بىر ئۆلۈش مىڭ ئولاغدىن ئارتۇق ئىدى» ⑱. ئۇلار 1528 ـ يىلى يەكەنگە قايتىپ كەلدى.

1529 ـ يىلى سەئىدخان بەدەخشاندىكى بەزى ئەمىرلەرنىڭ «بابۇر شاھنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇمايۇن ھىندىستانغا كەتتى. ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئادەم يوق. ئۆزلىرى (سەئىدخاننى دېمەكچى) كېلىپ يۆلەك بولغايلا» دېگەن ئىلتىماسىنى، يەنى: « ۋارىسلىق قانۇنى بويىچە، بەدەخشان ئۆزلىرىنىڭ مومىسى شاھ بېگىمنىڭ مىراسى بولۇپ، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك، سىلىدىن مۇۋاپىق مىراسخور يوق» دېگەن خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى. سەئىدخان شۇ يىلى كۈزدە ئىككىنچى قېتىم بەدەخشانغا كىرىپ، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتنى ئالدىدا ماڭدۇردى. مۇھەممەد ھەيدەر كېتىۋېتىپ، ھۇمايۇننىڭ ئىنىسى ھىندال مىرزا بەدەخشاننىڭ مەركىزى قالائى زافارغا يېتىپ باردى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. بۇ تازا قارا قىش ۋاقتى بولۇپ، چېكىنىش قىيىن ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر قالائى زافارغا قاراپ داۋاملىق يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ ھىندال مىرزا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بەدەخشاننىڭ بىر قىسىم يېرىنى كېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇ تەلەپ رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزى مۇنداق دەيدۇ: «خان يېتىپ كەلگۈچە قالائى زافار قەلئەسى ئەتراپىدىكى جايلارنى قويماي بۇلىدىم، ماللارنى قويماي ھەيدەپ ماڭدىم، ھەتتا ئۇچرىغانلا نەرسىنى ئالدىم».

سۇلتان سەئىدخان ئەسكەر باشلاپ كەلگەندىن كېيىن «ئەسكەرلەر مەندىن

ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى قالدۇرماي بۇلىدى». بۇ چاغدا سەئىدخان يەرلىك ئەمىرلەرگە: «مەن بابۇر شاھ بىلەن دۇشمەنلەشمەيمەن»، ئەمدى ئۆزبېكلەرنىڭ بەدەخشاننى يۇتۇۋېلىش خەۋپى بولمىغاندىن كېيىن «ھەممەيلەن قايتىپ كېتەيلى» دېدى. سۇلتان سەئىدخان 1530 - يىلى ئەتىيازدا يەكەنگە قايتىپ كەلدى. بابۇر شاھ سۇلتان سەئىدخاننىڭ بەدەخشانغا ئىككى قېتىم ئەسكەر تارتىپ بارغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەپ بولۇپ، سۇلتان سەئىدخانغا، مۇشۇنداق بولىۋېرىدىغان بولسا، «قالغان ئىشنى ئۆزىڭىز بىلىڭ» ⑲ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ خەت ئەۋەتتى.

سۇلتان سەئىدخان بەدەخشانغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ھەربىي جەھەتتە زىيان تارتمىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپلىگەن ئولجىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە مەغلۇپ بولدى، زېمىننى كېڭەيتىش، خانلىقنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىدى، بەلكى چوڭ بىر دوست دۆلەت بىلەن يىرىكلىشىپ قالدى، دۆلەتنىڭ تەرتىپىمۇ بىر ئاز تۇراقسىزلىشىپ قالدى. سۇلتان سەئىدخان ئالدىنقى قېتىمقى ساۋاقنى ئەسلەپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئالدى، سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ رازىلىقى ۋە قوللىشى بىلەن ئۆزى بىلەن ئارازلىشىپ كەلگەن ئاقسۇ نائىبى ئايمان خوجا سۇلتاننى يەكەنگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننى ئەۋەتتى. سۇلتان سەئىدخان ئوردىسىدا تۇرغان بۇ بىر تۇغقان ئىنىسىدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئوغلى مەسئۇد سۇلتان ۋە باشقا بىرنەچچە سۇلتان بىلەن قوشۇپ ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى. چۈنكى، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا بۇ خان جەمەتلىرىنىڭ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خانلىق تەختىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئۇزۇن يىللىق سىياسىي ئەمەلىيەتتىن سۇلتان سەئىدخان دىننىڭ كاتتا رولىنى، يەنى دىننىڭ خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكىمۇ بولالايدىغانلىقىنى، خاننىڭ ئابرۇيىنىمۇ تۆكەلەيدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا دىنىي مۆتىۋەرلەرگە بەكمۇ ئىخلاس قىلدى ۋە خاۋاندە مۇھەممەد خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى. «تارىخى

رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: سۇلتان سەئىدخان «ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە غازات قىلىشقا تەشنا، بولۇپمۇ ھازىر خوجىلارنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ مۇقەددەس يولدا كېتىۋاتىدۇ»، «مۇشۇنداق تەقۋادارلىق تۈپەيلى» [60]، 1532 ـ يىلى يازدا تىبەتكە شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتتى. ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتنى ئوغلى ئىسكەندەرگە ھەمراھ قىلىپ، بارتىنى ئېلىشقا ئالدىدا ماڭدۇردى، ئۆزى خوتەنگە يول ئالدى.

مۇھەممەد ھەيدەر ئەسكەرلەر بىلەن بىر ئاي يول يۈرۈپ، لاداخ تەۋەسىدىكى نۇبرا دېگەن يەرگە يېتىپ باردى، ئۇ يەرنىڭ سەردارى قارشىلىق كۆرسىتىپ بېقىپ تەڭ كېلەلمەي شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. مۇھەممەد ھەيدەر كەينىدىن قوغلاپ، پۈتۈن دۈشمەن ئەسكىرىنى يوقاتتى. «ئادەمنىڭ بېشى ئېگىز مۇناردەك دۆۋىلىنىپ كەتتى»، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن نۇبرا بويسۇندۇرۇلدى، «ئېلان چىقىرىپ ئاھالە تىنچلاندۇرۇلدى» [61]. ئاندىن مارىيۇلغا باردى. ئىككى پادىشاھ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. شۇ چاغدا سۇلتان سەئىدخاننىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خان يېتىپ كەلگۈچە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇردى.

سەئىدخان ئەسلىدە دۇلپاغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خوتەنگە قاراپ ماڭغانىدى. لېكىن، خوتەندە بىر ياز تۇرغاندىن كېيىن سوغۇق چۈشۈپ، تاغقا كىرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقتىن، قوشۇننى قايتۇرۇپ مۇھەممەد ھەيدەر ماڭغان يول بىلەن ماڭدى. قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتكۈچە، سەئىدخان ئېغىر دەم سىقىلىش كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، ھوشىدىن كەتتى. لېكىن ئۇ مېڭىشنى توختاتمىدى، يەر شەكلى تۈۋەن بولغان نۇبراغا بارغاندا ئوڭشىلىپ، ھوشىغا كېلىپ قالدى. سەئىدخان قىشلاش مەسىلىسىنى مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئەمىرلەرنى يىغدى. مۇھەممەد ھەيدەر: «بۇ رايوندا بىرەرمىڭ ئادەم قىشلىغۇدەك يەر يوق ئىكەن، چوڭ قوشۇننى كەشمىرگە ئاپىرىپ قىشلاتماقتىن باشقا ئامال يوق. لېكىن، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئېگىز تاغدىن ئېشىشقا توغرا كېلىدۇ. خاننىڭ تېنى تاغدىن ئۆتۈشكە يار بەرمەسمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە خان مىڭ ئادەم بىلەن قېلىپ، بارتقا ھۇجۇم قىلسۇن، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن تاغ ئېشىش ھاجەت

ئەمەس؛ قالغان 4000 ئادەم بىلەن مەن كەشمىردە قىشلاي، قالغان ئىشنى كېلەر يىل ئەتىيازدا بىرنېمە دېسەك» دېدى. سەئىدخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆردى.

1532 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، سەئىدخان بارتقا كىردى، يەرلىك ئاقساقاللار قۇللۇق بىلدۈردى. لېكىن بەزى كىچىك كاتتىباشلار قارشىلىق كۆرسەتتى. سەئىدخان ئاقساقالنىڭ باشلاپ كىرىشى بىلەن قەلئەنى ئالدى. «ئۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىندى... بالا - چاقىلىرى بىلەن مال - مۈلكى ئولجا قىلىندى». بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلق تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنىمۇ زىمىستان قىشنى «دەككە - دۈككە» ئىچىدە ئۆتكۈزدى [62]. قىش چىقىپ كېتەي دەپ قالغاندا، ئاندىن مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قوشۇنى بىلەن خەۋەرلىشىپ، ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

مۇھەممەد ھەيدەر سەئىدخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن لەشكەرلەرنى باشلاپ تېز يۈرۈش قىلىپ، كەشمىرگە كىرىدىغان ئېغىزدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تۇيۇقسىز تارمار قىلىپ، كەشمىرنىڭ مەركىزى سىرىناگاغا ئاسانلا كىردى. كەشمىر قوشۇنى ئۆزلۈكىدىن شەھەر تېشىغا چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. مۇھەممەد ھەيدەرمۇ ئەسكەرلىرىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن سوقۇشمىدى. 1533 - يىلى ئەتىيازدا، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قوشۇنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، لېكىن زادىلا ئەپلەشمىدى. شۇڭا، ئىچكى قىسىمدا سوغۇقچىلىق تۇغۇلدى، بەزى موغۇل ئەمىرلىرى دېھقانچىلىق رايونىدا ئۇزۇن تۇرۇشنى خالىمىدى. مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىر بىلەن سۈلھىلىشىش قارارىغا كەلدى. كەشمىر سەئىدخان نامىغا خۇتبە ئوقۇشقا، پۇل قۇيدۇرۇشقا ۋە باج تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولدى، يەنى ئۆزىنىڭ قاراملىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. كەشمىرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەد شاھ بىر قىزىنى ئىسكەندەر سۇلتانغا ياتلىق قىلىپ قۇدىلاشتى. كەشمىرنىڭ سۇلتان، مەلىكىلىرىمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنىدىكى ئەمىرلەر بىلەن مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئالاقە

ئورناتتى، بىر - بىرىنى دوست دەپ ئاتاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر كەلگەن يولى بىلەن مارىيۇلغا قايتتى، يول بويى پۇقرالارنى بۇلاپ ماڭدى. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ مال - دۇنياسىنى تەقدىم قىلدى»، بۇ ئولجىلارنى «ئەمىر، ئەسكەرلىرىمىزگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردۇق، بىر قىسىم قىممەتلىك ئېرىغ ماللارنى خانغا ئېلىپ قويدۇق» ⑬. مۇھەممەد ھەيدەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەئىدخان ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «چىڭگىزخان دەۋرىدىن بۇيان، خانلار نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلدى، لېكىن ھېچ كىشى كەشمىرنى كارنىيىدىن بوغۇپ بويسۇندۇرالىغان ئەمەس. بۈگۈن سىزنىڭ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئېگىلمەس - سۇلماس تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىسىدا، كەشمىرنىڭ مېھراپىدا موغۇل خانىنىڭ مۇبارەك نامى مەدھىيىلىنىدىغان بولدى. بۇرۇندىن ھېچ كىشىگە كەتمەن چاپمىغان كەشمىر سۇلتانلىرى بىلەن ئۆز بەگ - ئۆز خان بولۇپ كەلگەن پادىشاھلار ئەمدى موغۇل خانىنىڭ پۇقراسىغا ئايلاندى. بۇ ئۇلۇغ تۆھپە ئۈچۈن مەنلا مىننەتدار بولۇپ قالماستىن، ھەممە موغۇل خانلىرى، خان جەمەت ئاقسۆڭەكلەر، خۇسۇسەن مېنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىممۇ سىزدىن مىننەتدار بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ» ⑭.

سەئىدخان ئۇلارنىڭ زەپەر بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزدى. ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن ئەمىرلەر كەشمىر ھۆكۈمرانى سەئىدخانىنىڭ نامىدا قويدۇرغان تىللا، تەڭگىلەرنى ۋە باشقا جاۋاھىرلارنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. سەئىدخان قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن ئادەت بويىچە ئادەملىرىگە ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي كېڭەش ئېچىپ، كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. سەئىدخان سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، يەكەنگە قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىشىم كېرەك دېگەن يەرگە كەلدى. «چىن كۆڭلىدىكى ئارزۇسى» — «بۇتپەرەسلەرنىڭ بۇتخانىسىنى پاچاقلاش» تىن ئىبارەت

بۇگۈنگىچە ھېچقانداق مۇسۇلمان پادىشاھ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان [65] شەرەپلىك ۋەزىپىنى مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئىسكەندەر سۇلتانغا يار بولۇپ ئورۇندىشىغا تاپشۇردى. ئاندىن يەكەنگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قاراقۇرۇم تېغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، دەم سىقىلىش كېسىلى يەنە قوزغالدى. يەر شەكلى پەسرەك يەرگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈردى. 1533 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، دەم سىقىلىش كېسىلى ئانچە قوزغالمايدىغان يەرگە يەنە ئۈچ پەرسەخ قالغاندا، ئۆمرى ئات ئۈستىدە جەڭ بىلەن ئۆتكەن بۇ پادىشاھ تىنىقتىن توختىدى.

مۇسۇلمان يازغۇچىلار سەئىدخانغا بەك ئىخلاس قىلىدۇ. ئۇنى كەڭ قورساق، ۋاپادار، مەرد، چەبدەس، باتۇر، جەڭگىۋار، سۆزلەشنىمۇ، يېزىشنىمۇ بىلىدۇ، مۇزىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، ھەر خىل سازلارنى چالالايدۇ، دەپ تەرىپلەيدۇ. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى، سەئىدخان دۆلەتنى «بەك رەتلىك ئىدارە قىلدى، يۇقىرىسى بەگ - بېگاتلاردىن تۆۋىنى پۇقرايۇ پەقىرلەرگىچە ھەممە كىشى خۇشال - خۇرام، غەم - قايغۇسىز ئۆتتى» [66] دەيدۇ. سەئىدخان ھەقىقەتەن بىرقەدەر ياخشى پادىشاھ، يىراقنى كۆرەر سىياسىئون ئىدى. ئۇ خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئومۇملۇقنى ئەلا بىلىپ، مەنسۇرخان بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن يارىشىپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى يېغىلىق تۈپەيلىدىن ھالىدىن كەتكەن ئاھالىگە دەم ئېلىپ دەرمان توپلاش پۇرسىتى، سۇنغان، چېكىنگەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىگە ياشناش، يۈكسىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. لېكىن ئۇ مالىيە جەھەتتىكى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش، ئەسكەرلەرنى رام قىلىش، ئەمىرلەرنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇش، خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سىرتقا قارىتا بىر قاتار ئۇرۇشلارنىمۇ قىلدى. بۇنداق بۇلاڭچىلىق، زورلۇق - زومبۇلۇقنى ئادەتتە قىلچە يوشۇرمايتتى. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئۇرۇشلار كۆپىنچە ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشاتتى. خانلىق ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلىگەن ئەھۋال ناھايىتى ئاز، ئەكسىچە، تولا چاغلاردا ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. ئۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتنى دېھقانچىلىق رايونىغا ئېلىپ كىرىپ دەسلەپكى ھاكىمىيەتنى قۇرغان خان بولغىنى ئۈچۈن، تارىخنىڭ بۇ

«غەلىتە چەمبىرىكى»دىن بۆسۇپ چىقىشقا كۆچى يەتمىدى. بۇ «غەلىتە چەمبىرەك»نى بۆسۇپ چىقىپ، خانلىقنى روناق تېپىش، گۈللىنىش دەۋرىگە ئېلىپ كىرىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك ئەۋلادلىرىغا ۋە خەلق ئاممىسىغا باقىي قالدى. لېكىن ئۇ تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان خانلىقنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە قولىدىن كەلگەننى قىلدى، ئۇ مەڭگۈ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ، خەلق تەرىپىدىن خاتىرىلىنىدۇ.

## ئىزاھلار:

① سەئىد — ئەرەب تىلىدا «بەخت»، «تەلەي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان، XV ئەسىردە بەزىلەر سەييىد سۆزىنى ئۆز ئىسمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قوللانغان، بۇنىڭغا «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئاپتورىنىڭ تاغىسى سەييىد مۇھەممەدنىڭ ئىسمىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

② «تارىخى رەشىدى» دە، ئەھمەدخاننىڭ 18 ئوغلى بار، دەپ خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئىسمى ساقلىنىپ قالغانلىرى: مەنسۇرخان، ئىسكەندەر سۇلتان، خېلىل سۇلتان، ئامان خوجا سۇلتان، چىن تۆمۈر سۇلتان، ئىسەن تۆمۈر سۇلتان، توقتا بۇقا سۇلتانلاردىن ئىبارەت (TR، 160 ـ، 161 ـ بەتلەرگە قاراڭ ھەمدە «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 16 ـ 18 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) .

③ ئاخسى — قەدىمكى ئاخسىكەنت بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا، بۈگۈنكى ئۆزبېكىستاندىكى نەمەنگان شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان.

④ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 352ـ بەت.

⑤ ھىسار — بۈگۈنكى تاجىكىستاندىكى دۈشەنبە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار. قۇندۇز — بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇندۇز.

⑥ سايرام — قەدىمكى ئىسبجاب شەھىرى، ئورنى بۈگۈنكى قازاقىستاندىكى چىمكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىدە.

⑦ يەتتىكەنت (پارسچە ھەفت دېخ) — يەتتە شەھەر، يەتتە كەنت مەنىسىدە، كونكرېت ئورنى نامەلۇم. ئېلئاس يەتتىكەنت موغۇلىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى دىلتا رايونى بولسا كېرەك. «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 44ـ، 45ـ بەتلەردىكى ئىزاھقا قاراڭ.

⑧ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 46 ـ بەت.

⑨ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 46 ـ بەت.

⑩ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 51 ـ بەت.

⑪ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 53 ـ بەت.

⑫ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 102 ـ بەت.

⑬ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 126 ـ، 127 ـ بەتلەر.

⑭ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 129 ـ بەت.

⑮ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 129 ـ، 136 ـ بەتلەر.

⑯ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 353 ـ بەت.

⑰ پەرساھ (پەرسەخ) ـ پارسچە سۆز، ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، بىر پەرساھ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.

⑱ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 139 ـ بەت.

⑲ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 176 ـ بەت.

⑳ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 176 ـ بەت.

㉑ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 355 ـ بەت.

㉒ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 177 ـ، 178 ـ بەتلەر.

㉓ TR ، 133 ـ بەت، «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 355 ـ بەت؛ لېكىن بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر يېرىدە «920 ـ يىلى يازدا» دېيىلگەن (TR ، 284 ـ بەت، «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 189ـ بەت) .

㉔ «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى كىتابىنىڭ بىر يېرىدە، بۇ قېتىمقى يىغىن سەئىدخان ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن موغۇلىستانغا چېكىنگەندىن كېيىن يەتتىكەنتتە ئېچىلغان، دەيدۇ (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 355 ـ بەت ) .

㉕ يۇقىرىقى نەقىل «تارىخى رەشىدى » نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2 ـ قىسىم، 189 ـ، 191 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

㉖ جارىپ — پارسچە سۆز، ھەجىم بىرلىكى، شۇ چاغدا بىر جارىپ 900 ـ 987 كۋادرات مېتىرغا تەڭ ئىدى، تەپسىلاتىنى «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2 ـ قىسىم، 191 ـ، 192 ـ بەتلىرىدىكى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىنىڭ ئىزاھى ۋە سېلىشتۇرغۇچىنىڭ سۆزىدىن كۆرۈڭ.

㉗ گەز ـ پارسچە سۆز، ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، ئادەتتە ماللارنىڭ سانىنى ھېسابلاشتا قوللىنىلغان، بۇ يەردە گەز بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەن، شۇ چاغدا بىر گەز 66 ـ 67 سانتىمېترغا تەڭ ئىدى، تەپسىلاتىنى «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2 ـ قىسىم، 191 ـ بەتتىكى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىنىڭ ئىزاھىدىن كۆرۈڭ.

㉘ «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى ئىزاھاتا: «بىزلا قولىيازمىدا ‹ ئوغلى › دەپ، باشقا قولىيازمىلاردا ‹ ئۇنىڭ ئەمىرى› دەپ خاتىرىلەنگەن» دېيىلگەن (TR، 304 ـ بەت).

㉙ «تارىخى رەشىدى» دە تىلغا ئېلىنغان بۇ جاي (TR، 304 ـ بەت) دىكى ئاتۇباشى بۇ كىتابتا كۆپ قېتىم چېلىقىدىغان ئاتبېشى بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر يېرىدە: «سەئىد سۇلتاننىڭ قوشۇنى قەشقەرگە يەتتە كۈندە يېتىپ بارىدىغان ئاتبېشىغا يېتىپ كەلدى» دېيىلگەن. (TR، 321 ـ بەت). ئاتبېشى نارىن دەرياسى (سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) نىڭ بىر تارمىقى، ئۇ خەنزۇچە تارىخي كىتابلاردا «马兰川» دەرياسى دەپ ئاتالغان، ئۇ مۇشۇ جايدىكى بىر شەھەر ـ بازارنىڭ نامى بولسا كېرەك («تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 219 ـ، 243 ـ بەتلەرگە قاراڭ).

㉚ «تارىخى رەشىدى»، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخا، روس بەركى ياكى ياركى دەپ ئىزاھلايدۇ، تۈركچە قولىيازمىدا ياركى دېيىلگەن (TR، 307 ـ بەت).

㉛ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 238 ـ بەت.

㉜ TR، 315 ـ بەت؛ يەنە «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 235 ـ بەتكە قاراڭ.

㉝ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 245 ـ بەت.

㉞ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 249 ـ بەت.

㉟ ئو. ف. ئاكىمۇشكىن: «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ يىلنامىسى (تۇغلۇق تۆمۈرخان سىستېمىسى)»، «...... تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، موسكۋا، 1984 ـ يىل نەشرى.

㊱ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 254 ـ، 255 ـ بەتلەر.

㊲ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 228 ـ، 231 ـ بەتلەر.

㊳ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 249 ـ بەت.

㊴ TR، 326 ـ بەت.

㊵ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 262 ـ بەت.

㊶ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 356 ـ بەت.

㊷ يىل خاتىرىلەيدىغان ئابىدە ـ ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تارالغان يىل خاتىرىلەش ئۇسۇلى. ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: بىر ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز ئارقىلىق شۇ يىل ئىپادە قىلىنىدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە ھەرپىگە ئۇ ئادەتتە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىپىرىنى قوشقاندا، خاتىرىلىمەكچى بولغان يىل كېلىپ چىقىدۇ.

㊸ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 280 ـ بەت.

(44) TR، 303 ـ بەت.

(45) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 283 ـ، 284 ـ بەتلەر.

(46) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 286 ـ بەت.

(47) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 287 ـ، 288 ـ بەتلەر.

(48) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 295 ـ بەت.

(49) مىرزاخان ئىمپېراتور بابۇر بىلەن جىيەن ئاكا ـ ئۇكىلار، ئۇلار تۆمۈرىيلەر خانلىقىدىكى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ نەۋرىلىرى، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سۇلتان مەھمۇد مىرزا بىلەن ئۆمەر شاھ مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى.

(50) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 256 ـ، 296ـ بەت.

(51) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 300 ـ، 301 ـ بەتلەر.

(52) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 315 ـ بەت.

(53) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 301 ـ بەت ۋە 315 ـ، 316 ـ بەتلەر.

(54) قوشقار (كۇچكار) ـ چۇ دەرياسىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ۋادىسى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ موگۇللار ياقتۇرىدىغان ئېسىل ياپلاقلارنىڭ بىرى ئىدى.

(55) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 327 ـ، 328 ـ بەتلەر.

(56) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 325 ـ بەت.

(57) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 339 ـ بەت.

(58) TR، 386 ـ بەت، «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 343 ـ بەت.

(59) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 345 ـ، 346 ـ بەتلەر.

(60) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 369 ـ بەت.

(61) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 390 ـ بەت.

(62) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 396 ـ بەت.

(63) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 426 ـ بەت.

(64) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 427 ـ بەت.

(65) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 428 ـ بەت.

(66) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 256 ـ بەت.

# تۆتىنچى باب
# خانلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى

## 1. مۇنارخىيىلىك ھوقۇقنىڭ ئۆسۈشى ۋە خانلىقنىڭ راۋاجلىنىشى

### (1) سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشى

سەئىدخان قازا قىلغاندا، خانلىقتىكى ئەمەلىي ھوقۇقدار سەئىد مۇھەممەد مىرزاخاننىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ قابىل سەركەردىسى، جىيەن ئوغلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئەسلىدە خانغا ئەگىشىپ ھەربىي يۈرۈشكە بارماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا تىبەتكە «غازات» قىلىشقا ئەۋەتىلگەنىدى. شۇڭا، خاننىڭ يېنىدا دوغلات ئەمىرلىرىدىن مىرزا ئەلى تاغايى قېپقالغانىدى، ئۇنىڭ سەئىد مۇھەممەد بىلەن سىياسىي كۆز قارىشى ئوخشىمىغاچقا، ئۇ كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ بىلەن ئەپتەك كۆرۈنسىمۇ، كۆڭلى باشقا ئىدى، شۇڭا دائىم «چاتاق چىقىرىپ» تۇراتتى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، سۇلتان سەئىدخان ئۆلۈشى بىلەن ئەلى تاغايى دەرھال كۈيئوغلى يادىگار مۇھەممەدنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئاقسۇغا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامىدا يېزىلغان خاننىڭ «ۋەسىيىتى» نى بىللە ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭدا: «مەن تىبەتكە بېرىپ غازات قىلىش ئويىدا ئەمەس ئىدىم. تىبەتكە غازاتقا بېرىشنى ماڭا سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەرلەر سايە قىلدى. مېنىڭ ھاياتىمنى يامان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغۇچىلار دەل شۇلار، پەرزەنتىم ئابدۇرەشىد ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسە

ھەرگىز رازى ئەمەسمەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش مېنىڭ قىساسىمدۇر، بۇلارلا بولىدىكەن، خانلىقىمىزنىڭ سەلتەنىتى ساڭا مۇيەسسەر بولمايدۇ» ① دېيىلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ قەشقەردە تۇرۇۋاتقان سەئىد مۇھەممەدكە ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەينى چاغدا ئىنتايىن قىيىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. سەئىد مۇھەممەد ئۆلۈمسىبىگى بولۇپلا قالماي، يەنە خانلىقنىڭ مۇھىم شەھىرى قەشقەرنى كونترول قىلىۋالغانىدى، ئۇنىڭ جىيەنى مۇھەممەد ھەيدەر يەنە سەرخىل قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن سىرتتا تۇرۇۋاتاتتى، شۇ چاغدا ئۇلار تاغا - جىيەن ئىككىسى ئىسكەندەرنى خانلىققا چىقارماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن گەپ تارقالدى. سەئىدخاننىڭ «ۋەسىيىتى» دە ئېيتىلغاندەك: «بۇلارلا بولىدىكەن، خانلىقنىڭ سەلتەنىتى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر» بولمايتتى. بۇ «ۋەسىيەت» نىڭ راست - يالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يا دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىپ، ھەقىقىي ئەمەلىي ھوقۇقلۇق خان بولۇشى، يا دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ قورچىقى بولۇشى كېرەك ئىدى، كېيىنكىدەك بولسا، ئۇ قاچانلا بولمىسۇن تەختىدىن چۈشۈرۈلۈپ، قەتل قىلىنىشى، ئورنىغا باشقا خان چىقىشى مۇمكىن ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كىچىكىدىنلا رىيازەت چەككەن② ، ياخشى تەربىيىلەنگەن، ئۇرۇشلاردا چېنىققان، تالانتلىق، كەسكىن ياش ئىدى. ئۇ ھەر قايسى قەبىلە ئەمىرلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن، بولۇپمۇ دوغلات ئەمىرلىرى جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئەمىرلەرنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىش، خاننىڭ ھوقۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاتىسىنىڭ، ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى.

ھىجرىيە 839 - يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى (1533 - يىل 7-ئاينىڭ 22 - كۈنى)③، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يەكەن شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا كەلدى. سەئىد مۇھەممەد بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەشقەردىن يەكەنگە كەلگەنىدى، ئۇ سۇلتاننى كۈتۈۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا

«يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى - چارشەنبە كۈنىدە شەھەرگە كىرمىگەن ياخشى، بۈگۈن ئاخشام ئەڭ ياخشىسى شەھەر ھۇدۇدىدا (سىرتىدا) تۇرغانلىرى تۈزۈك، ئەتە - پەيشەنبە[4] مۇھەررەمنىڭ تۇنجى كۈنى سەھەردە، يەنى 940- يىلى يېڭى يىل كۈنى ئەتىگەندە شەھەرگە كىرسىلە» دېدى، بۇ چاغدا يەنە سەئىد مۇھەممەد سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خەتمىقۇرئان قىلىۋاتقاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ «ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلماقچى بوپتۇ»[5] دېگەن گەپ تارالدى، 2- كۈنى ئەتىگەندە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇرۇنقى خاننىڭ قەبرىگاھىغا باردى، سەئىد مۇھەممەد ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قەبرىگاھقا بارغان بولۇپ، ئۇ قەبرىگاھ ئىشىكى ئالدىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا چىقتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن چۈشۈپلا، مەھرەملىرىگە سەئىد مۇھەممەدنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مىرزا ئەلى تاغايىنى سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا موغۇل يۇرتىنىڭ ئۇلۇسبېگىلىكىگە تەيىنلەپ، سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قىرغىن قىلىشقا ماڭدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يەنە دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئەلى تاغايى كۈچلىرىنىڭ زورىيىپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، بۇرۇن ئاتابەگ (ئۇستاز مەنىسىدە) بولغان بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى مۇھەممەدنى ئەمىرۇل ئۇمرا (ئالىي ئەمىر) لىققا تەيىنلىدى.

بۇ چاغدا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات قوشۇن باشلاپ ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن يالۇزاڭبۇجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويلاپ لىخاساغا يۈرۈش قىلىۋاتاتتى، ئۇ يول بويى «نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاپ- تالاپ، ئېھتىياجىنى قاندۇردى»[6]، لېكىن يول بويىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋارايى ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، «غازات قىلىۋاتقان» بۇ قوشۇن ئۆز مەنزىلىگە يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا، «ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە، ئەسلىدىكى يول بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولدى»[7]. ئۇلار لاداخقا كەلگەندە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەئىد مۇھەممەدنى قەتل قىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئىككى يارلىق چۈشۈردى. بىر يارلىق ئىسكەندەر سۇلتانغا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «تىبەتنى سەن

ئىدارە قىلى، مىرزا ھەيدەر بىلەن مەھمۇد مىرزا ئۆز ئورنىدا قېلىپ ۋەزىپىسىنى ئۆتىسۇن» دېيىلگەنىدى. يەنە بىر يارلىقتا بارلىق قوشۇندىكىلەرگە: «ھازىر ئۇرساڭدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇن - توقاللىرى، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەممىسى سىتىۋېتىلسۇن، بۇ يارلىق تەگكەن كۈنى سىلەر دەرھال تارقىلىپ، يەكەنگە قايتىپ كېلىڭلار»⑧ دېيىلگەن. ئەسكەر - سەرۋازلار يارلىقنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يەكەنگە قايتتى، مۇھەممەد ھەيدەر ئۇلارغا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ ئۇلارنى توسقان بولسىمۇ، ئۇنۇمى بولمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ «قەدىناس ئاكا - ئۇكا» بولۇشقان يېقىنلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنى تاشلاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ سەرخىل قوشۇن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىر يارلىقى بىلانلا يىمىرىلىپ تاراپ كەتتى، مۇھەممەد ھەيدەر بۇ ھەقتە ئېچىنغان ھالدا: ئۇلار «سۇبھىدىكى يۇلتۇزدەك غايىب بولدى»⑨ دەپ يازدى. ئۇنىڭ جىيەن ئىنىسى، سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزىنى ئات تېپىۋېتىپ زەخىملەندۈرگەچكە، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى؛ ئىسكەندەر سۇلتان رىيازەتكە چىدىماي سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن كۆرۈشۈشكە يەكەنگە قايتتى. شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەد مىرزىنىڭ يېنىدا 22 ئادىملا قالدى. ئۇ ئەمدى ئىش تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھىندىستاندىكى ئىمپېراتور ھۇمايۇننىڭ قېشىغا پاناھلىق تىلەش قارارىغا كەلدى. ئۇلار تاغ - چوققىلاردىن ئۆتۈپ، 1534 - يىلى قىشتا بەدەخشانغا باردى، ئۇ يەردە ئۇلار يەرلىك ھۆكۈمران سۇلايمان شاھ مىرزىنىڭ ياخشى كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەئىد مۇھەممەد دوغلات بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن بەزى خان جەمەت ئەزالىرىنىمۇ قوغلاپ چىقاردى، ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بەدەخشانغا كەلدى، ئۇلار ئىچىدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ خوتۇنى، سىڭلىسى (مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ خوتۇنى) ۋە ئىسكەندەر سۇلتانمۇ بار ئىدى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىقتى. مەنسۇرخان جەڭدە غەلىبە قازىنالماي قايتتى. كېيىن مەنسۇرخان يەنە قوشۇن باشلاپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى؛ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، «نۇرغۇن ئەسىر ئېلىپ زەپەر قۇچۇپ قايتتى»⑩. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا يەكەن خانلىقى غەلىبە قىلىپ تۇردى⑪. شۇنداق قىلىپ يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇپ نام جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولدى.

خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئاساسەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پىلانى بويىچە راۋاجلاندى. مۇھەممەد بارلاس خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمىرلىكىگە تەيىنلەندى، ئۇنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى: «ئۇ كىشىنىڭ شۇنچىۋالا زور تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئانچە ئېنىق ئەمەس. چۈنكى ئۇ يا يۇقىرى ئەمەل تۇتقۇدەك باتۇر، تۆھپىكار ئەمەس، يا ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن مۆجىزە يارىتىپ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن كىشىمۇ ئەمەس»⑫ دەيدۇ. دەرۋەقە ئۇ سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، دوغلات قەبىلىسى ئەمىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ئەلى تاغايى بىلەن سىغىشالمىدى، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا زىددىيەت ۋە كۆرەش بولدى، لېكىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەممىلا جايدا مۇھەممەدنى قوللىدى، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قارىشى بويىچە «ئىشلاردا مۇھەممەدنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى.» ⑬نەتىجىدە ئەلى تاغايى «بۇ ئېلىسىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ»، قاراتېكىنگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئەلى تاغايى قاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلەشكەن بەزى ئەمىرلەر خاتىرجەمسىزلىنىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ۋەھىمە قىلدى، ئۇلار سەئىدخاننىڭ بىر نەچچە ئوغلىنى تۇتقۇن قىلىپ قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ ئۇ يەردە ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈردى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. خوتەن ئاھالىسى شەھەردىن چىقىپ خاننى قارشى ئالدى، پەقەت بىر نەچچە ئەمىرلەرلا شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالدى، كىشىلەر ئۇلارنى باغلاپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنى ئۆلۈمدىن

كەچۈرۈم قىلىپ، خانلىق زېمىنىنىڭ سىرتىغا سۈرگۈن قىلىشنى يارلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى 200 يىلغا يېقىن كونترول قىلىپ كەلگەن دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرى جەمەتىنىڭ كۈچلىرىنى، بولۇپمۇ ئەلى تاغايى ۋەكىللىكىدىكى كونىلىق تەرەپدارلىرى ـ دېھقانچىلىق رايونىغا كىرگەن موغۇل ئۇلۇسلىرىنىڭ مەڭگۈ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى رەت قىلغان كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل يوقاتتى، بۇ خاننىڭ ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈپ، قەبىلىلەر ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھوقۇقىنى بۆلۈشۈۋېلىش خاھىشىغا بەرھەم بېرىپلا قالماي، بەلكى خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا، شۇنداقلا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى پايدىلىق سىياسىي مۇھىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 12 ئوغلى⑭ بار ئىدى، ئۇ خان جەمەت شىرەم تۇغقانلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرنى ئىگىلەپ خاننىڭ ھوقۇقىغا قارشى چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى ئاقسۇ ۋە ئۇچنىڭ نائىبلىقىغا، ئۆتىنچى ئوغلى سوپى سۇلتاننى قەشقەرنىڭ نائىبلىقىغا، يەتتىنچى ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننى خوتەننىڭ نائىبلىقىغا بەلگىلىدى. بۇ مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى مەلۇم دەرىجىدە كۈچەيتىپ، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ھوقۇقلۇقىغا پايدىلىق بولدى.

## (2) موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشى

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەنسۇرخاننىڭ ھۇجۇمىنى بىتچىت قىلغاندىن كېيىن تاشقى سىياسىتىنى تۈپ جەھەتتىن تەڭشىدى، يەنى غەربتىكى رەقىبى ـ ئۆزبېك شەيبانى خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، بۇ ئارقىلىق ھەم ئىككى تەرەپتىكى دۈشمەنلىرىنىڭ ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلانغىلى، ھەم قازاقلارنى ئارقا سەپ ياردىمىدىن مەھرۇم قىلغىلى، بۇ

پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇرۇنقى زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالغىلى بولاتتى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى: «كونا رەقىبى (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) ئۆزبېكلەر ـ شەيبانى قوۋمى بىلەن قۇدىلىشىپ يېقىن دوست بولۇش ھەمدە تارىختىن بۇيانقى ئىتتىپاقدىشى ئۆزبېك ـ قازاقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سىڭىللىرىنى بۇ ئىككى «قەبىلە» دىكى ئۆزبېكلەرگە ياتلىق قىلدى»⑮ دەيدۇ.

يەكەن خانلىقى ۋە شەيبانى خانلىقى بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ نۇرغۇن تارىخنامىلىرىدە بايان قىلىنغان. ئەمما بۇ تارىخنامىلەرنىڭ كۆپى كېيىنرەك يېزىلغاچقا، ئۇلاردا كۆپىنچە بىر نەچچە قېتىملىق جەڭ بىر قېتىملىق جەڭ قىلىپ قويۇلغان، ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن يىلىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. شۇڭا، بۇرۇنقىلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىزدەنگەن. يېقىندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكىمۇشكىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا، يەنە چوڭقۇر، ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەسىلىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇردى ⑯.

ھىجرىيە 944-يىلىنىڭ باشلىرىدا (1537 ـ يىل 6-ئايدا)، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزبېك شەيبانى خانلىقىدىكى ئۇبەيدۇللاخانغا چاپارمەن ئارقىلىق بىر پارچە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭدىن ئاق بوغۇز تاغ ئېغىزىدا تۇزگەن ئورتاق ھەرىكەت قىلىش كېلىشىمى بويىچە لەۋزىدە تۇرۇپ، بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ قازاقلارغا ئورتاق زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇبەيدۇللاخان ئەسكەرلىرىنى توپلاپ ھىجرىيە 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى (1537 ـ يىل 7- ئاينىڭ 5 ـ كۈنى) سايرام دەرياسى قىرغىقىدىن «قازاقىستان» غا ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئايغاقچىلىرى قازاقلارنىڭ قۇشقارئاتا ۋادىسىدىكى يازلىقىغا بېرىپ، ئىككى سەركەردىنى سۇناق تاغ ئېغىزىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىشكە ئەۋەتتى. لېكىن، دۈشمەنلەر ئۇ ۋادىدىن ئىسسىقكۆلگە كەتتى. ئۆزبېك قوشۇنى ئۇلارنى ئىز بېسىپ قوغلىدى. قازاقلار ئۈزلۈكسىز چېكىندى. ھىجرىيە 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى (7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) ئۇبەيدۇللاخان ئۈزۈنلۇق دەرياسىنىڭ

قىرغىنقىغا ئۇرۇنلاشتى. ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقىدىن ۋاقىپلاندى، ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىسى يىگىرمە نەچچە كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەتىسى ئىككى قوشۇن سانتاش دېگەن يەردە ئۇچراشتى. ھىجرىيە 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى(7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) ، قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن «شەرەپلىك ئاغا» سى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆبەيدۇللاخانغا: «بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ تەرەپلەردە سىلەر مېھمان، بىز جەڭگە ئاتلانساق، بۇ مۇۋاپىق ئادىل ئىش بولىدۇ» دېدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن جەڭگە چىقىشنى خالايتتى. ئاخىر يەنىلا يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى چوڭقۇر جىلغىلارنىڭ ئارقىسىنى چىڭ ساقلاۋاتقان قازاقلارغا ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى. قەيسەرانە شىددەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن قازاقلار بەرداشلىق بېرەلمەي تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسى، ئات - تۆگىلىرى ۋە مال - چارۋىلىرىنىڭ ھەممىسى غالىبلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قازىنىلدى، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن بەك نارازى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئادىللىق بىلەن: «يۇنۇسخان قاراتوقايدا بۇرۇج ئوغلاننى مەغلۇپ قىلغاندىن تارتىپ تاھازىرغا قەدەر قازاقلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ھەر قېتىم غەلىبە قىلىپ كەلگەنىدى، لېكىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنى بىتچىت قىلدى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەن تەڭداشسىزدۇر»⑰ دەپ كۆرسەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يەكەن خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى يەنە موغۇلىستانغا كېڭەيدى. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئېيتىشىچە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «موغۇلىستاننىڭ بېقىندىلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن»⑱، ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى موغۇلىستانغا يېقىن ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپانغا نائىب قىلىپ تەيىنلىگەن. بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلار ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى ماختىشىدۇ. ئەمىن ئىبن ئەھمەد رازى: ئابدۇلېتىپ «بەك باتۇر، قەيسەر كىشى ئىدى، ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن موغۇلىستانغا بىر مەھەل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، قىرغىزلار ۋە قازاقلار بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ

قىلىپ زەپەر قۇچتى ھەمدە تۆھپە ياراتتى، لېكىن ئاقىۋەتتە قەتل قىلىندى»[19] دەيدۇ. «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانى مۇنداق دەپ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەندى: «ئاخىر، ئابدۇلېتىپ سۇلتان قازاقلارنىڭ ھەقنەزەرخانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار (قوشۇن) كۆپ كىشىلەرنى ئەسىر ئالدى ۋە نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشتى». ھەقنەزەرخان قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنى يىغىپ، ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بەردى. سۇلتان دۈشمەنلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلماي، كەيپ - ساپا سۈردى. ھەقنەزەرخان ۋە ئۇنىڭ ئالتە شاھزادىسى سۇلتانغا يېتىشىۋالدى. بىلىقچى قوۋمىدىن توقتامىش ئېرىك(ئېلىك) بۇنىڭدىن ئاۋۋال مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ دۈشمەننى بايقىغان بولسىمۇ، ئەھۋالنى سۇلتانغا ئۇقتۇرمايلا ئۆزى قېچىپ كەتتى. قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ قوشۇنى تۈن كېچىدە سۇلتاننىڭ بارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، سۇلتاننىڭ قوشۇنىنى بىتچىت قىلدى. كىشىلەر بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى زەخىملەنگەن سۇلتاننى ھەقنەزەرخاننىڭ ئالدىغا ئاپاردى. ھەقنەزەرخان ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ ئادەمگەرچىلىك قىلدى. ئابدۇلېتىپ سۇلتان بۇ پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمدىكى جەننەتنىڭ يايلاقلىرىغا كېتىشكە ماقۇل بولدى» [20]. ئۇ ئۆلگەندە 29 ياش ئىدى [21]، ئۇنىڭ جەستى يەكەنگە كەلتۈرۈلۈپ، ئالتۇنلۇقۇم مازىرىغا دەپنە قىلىندى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنىپ ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلىدى، ئۇ قۇدرەتلىك قوشۇن تەييارلاپ، قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلىشقا موغۇلىستانغا ئاتلاندۇردى. ئۆزبېك شەيبانى خانلىقىدىكى نەۋرۇز ئەھمەدخانمۇ ياردەمگە [22] قوشۇن چىقاردى. ئۇلار ئۈچ ئاي قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئىمىل دەرياسىغىچە باردى. بۇ يەردە ئىككى تەرەپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا خاتىرىلىنىشىچە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «ھەقنەزەرخاننىڭ قوشۇنىنى بىتچىت قىلىپ، ئەسىرگە چۈشكەن ھەقنەزەرخان ۋە ئۇنىڭ قېپقالغان شاھزادىلىرىنىڭ ھەممىسىنى

ئۆلتۈرگەن؛ قىرغىز ئەمىرلىرىنىمۇ ئەسىر ئالغان» ھەمدە «جۇجى ئەمەتىدىكى خانزادىلەرنىڭ يەتتە تۇغىنى يەكەنگە ئەكەلگەن»[23]. لېكىن، ئاكمۇشكىن مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قىسمەن ئەھمىيەتكە ئىگە، يەنە كېلىپ قازاقلار بىلەن قىرغىزلار بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ سەردارى ھەقنەزەرخان بولۇشى ناتايىن، ئۇ ئۆلتۈرۈلمىگەن، قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ھىجرىيە 988 - يىلى (1580 - يىلى) نەۋرۇز ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى بابەك سۇلتاننىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، بۇ قېتىمقى جەڭ ھىجرىيە 963 - يىلى (مىلادى 1556 - يىلى) يۈز بەرگەن[24].

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تاشقى سىياسەتنى تەرتىپكە سالغاچقا، موغۇلىستاندا زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، لېكىن قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنى تەلتۆكۈس بويسۇندۇرالمىدى، ئۇلار مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ: «بۇ كىشىلەر ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى» دېگىنىدەك يوقاپ كەتمىدى[25]. شۇڭا، يەكەن خانلىقى ئاقسۇ ۋە قەشقەردە نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇپ ئۇ جايلارنى ساقلاپ، ئۇ جايدىكىلەرنى ئىستائەت قىلغۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى ئەينى چاغدا، «ئۇلار تۇرپان بىلەن قەشقەر ئەتراپىدا 30 مىڭ ئەتراپىدا موغۇل بار ئىدى، ماكانلاشقانىدى»[26] دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ يەكەن خانلىقىنىڭ يەنە جەنۇبقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ئەسكىري كۈچى قالمىدى. ئەمىن ئىبن ئەھمەد رازى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىم سۇلتان «ئاتىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ تىبەتكە باردى ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى»[27] دەيدۇ. شاھ مەھمۇد «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تېخى ھايات چاغدا ئۇ كۆپپار تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدا شېھىتلىك شارابىنى ئىچكەن»[28] دەيدۇ. لېكىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆپپارلارنى قىرىش، بۇلاش ئۈچۈن بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك «غازات ئۇرۇشى» قىلمىدى، بۇمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ پۈتكۈل ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئەسكىري كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۇنىڭ

سىرتقا قوزغىغان ئۇرۇشى سەئىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكىدىن كۆپ ئاز، لېكىن ھەربىي يۇرۇشتە قازانغان مۇۋەپپەقىيىتى خېلى زور بولدى، پۈتكۈل خانلىقنىڭ ۋەزىيىتى خېلى مۇقىم بولغاچقا، بۇ ئىجتىمائىي ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق ئىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ كۆپ قېتىم قەلەندەرلەرگە ئوخشاش ياسىنىپ [20] ھەر قايسى جايلارنى ئارىلاپ چىققانىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ مۇشۇنداق ياسىنىپ خوتەننى ئارىلىغان، قاشتېشى قېزىش كانلىرىغا بارغان، ئۇ جامادار كەنتىگە بارغاندا ئالەمدىن ئۆتكەن، شۇ يىلى ئۇ 52 ياشقا كىرگەنىدى، ئۇ 27 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يەكەن خانلىقى تارىخىدىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە خاننىڭ ھوقۇقى ئۈستى، جەمئىيەت تىنچلاندى، خانلىقنىڭ زېمىنى تېخىمۇ كېڭەيدى؛ موڭغۇل قوۋملىرى شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك خەلقلەر بىلەن قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خېلى ياخشى تەربىيىلەنگەن مەلۇماتلىق كىشى ئىدى. ئۇ شېئىر - قوشاق يازالايتتى، مۇزىكا چالاتتى. بۇ خانلىقنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. «تارىخى مۇسىقىيۇن» دا ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ خوتۇنى ئامانىساخان ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ ئاخىرقى ھېسابتا رەتلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. بىز بۇلار ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ مەدەنىيەت توغرىسىدىكى باب - پاراگىرافلىرىدا يەنە توختىلىمىز.

## (3) ئابدۇكېرىمخاننىڭ مۇلكىي ھۆكۈمرانلىقى

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان جايلارنى ئارىلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋارىسى مەسىلىسىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىغانىدى.

«سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان 2 - ئوغلى ئابدۇكېرىم سۇلتاننى ئاقسۇنىڭ نائىبلىقىغا بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇ بىرىشقا ئۇنىمىغاندى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۇ يەرگە نېمىشقا بارمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: «بىز ئۇلارنىڭ (ئاتىنىڭ) هاياتىنى (ئۆزىمىز ئۈچۈن) غەنىيمەت سانايتتۇق» دېدى. بەزىلەر ئۇنىڭ گېپىنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە باشقىچە غەرىزى بار دېگەچكە، بۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئابدۇكېرىمخانغا بولغان گۇمانىنى قوزغىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئابدۇكېرىمخاننى ئاگاهلاندۇرۇش ئۈچۈن، «پەدەركۇش پادىشاهى راناشەيەدە، ئەگەر شايەد بەجۇز شەش ماهنەپايەد» (ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىگە پادىشاهلىق يارىماس، ئەگەر يارايدىغان بولسا ئالتە ئايدىن ئارتۇق چىدىماس) دېگەن ئىككى مىسرا بېيىتنى يېزىشنى بۇيرۇدى. ئابدۇكېرىمخان بۇ بېيىتنى دەرهال يازدى ۋە بەلۋېغىنى بويىنغا سېلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئۆز تەقدىرىگە قىلغان هۆكمىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىن ئۇنىڭدىن تۈرلۈك ئەهۋاللارنى سورىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، ئۇنى يېڭىسارنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتتى ھەمدە جان مۇهەممەد بايرىنى ئۇنىڭغا ئاتالىق (ئۇستاز دېگەن مەنىدە، ئۇدۇل تەرجىمىسى «ئاتىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىگۈچى») قىلىپ تەيىنلەپ بەردى [30].

ئابدۇكېرىم سۇلتان دىنىي ساهەدىكىلەر بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. ئۇ نەقشبەندىيە مەزهىپىدىكى سوپى مۇهەممەد ۋەلىنىڭ مۇرىتى ئىدى. مۇهەممەد ۋەلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىم سۇلتانغا «كىشىنى خۇشال قىلىدىغان» بۇ خەۋەرنى دەرهال يەتكۈزدى. سۇلتان دەرهال يېڭىساردىكى ئادەملىرىنى يىغىپ يەكەنگە يول ئالدى. ئۇ يول ئۈستىدە يەكەننىڭ هاكىمى مەهمۇد بارلاس قەشقەر نائىبى سوپى سۇلتانغا ئەۋەتكەن مەخپىي ئەلچىگە يولۇقۇپ

قالدى. ئۇ مەخپىي ئەلچىنى سوراق قىلىپ ۋە ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭدىكى خەتنى تاپتى، ئابدۇكېرىم سۇلتان بۇ بىر «ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى» دەپ قارىدى. ئەمىرلەر كۆپرەك ئادەم ئېلىپ ماڭساق ياخشى بولاتتى، دەپ مەسلىھەت بەردى؛ ئابدۇكېرىم سۇلتان بولسا ئەڭ مۇھىمى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك دەپ ھېسابلىدى، چۈنكى «مۇھەممەد ۋەلى سوپى ئۇنى تېز تۇتۇش قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتاتتى»، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممەيلەنگە تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق قىلدى.

ئابدۇكېرىمخان يەكەنگە بارغاندىن كېيىن ۋەزىر خوجا ئۆبەيدۇللا، ئىشكئاغا (ئوردىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى) مىرزا سانتقۇن ۋە موغۇل ئۇلۇسىدىكى ئىككى چوڭ قەبىلىنىڭ ئەمىرلىرى مىرزا فىروز بارلاس بىلەن مىرزا مۇھەممەد دوغلاتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئابدۇكېرىم سۇلتان ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىغا بېرىپ ئانىسى چۈچۈك خانىم بىلەن كۆرۈشتى. خانىم ۋە ئەمىرلەر ئۇنى تەختكە چىقاردى.

ئىككى كۈندىن كېيىن سوپى سۇلتانمۇ يەكەنگە كېلىپ ئوردىغا چۈشتى. قەشقەر يەكەن خانلىقىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ نائىبى تەبىئىي ھالدا خانىنىڭ قول ئاستىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق كىشى ھېسابلىناتتى. قايسى سۇلتان قەشقەرگە نائىبلىققا تەيىنلەنسە، ئۇ ئادەتتە خانىنىڭ ۋارىسى بولاتتى. سوپى سۇلتاننىڭ كېلىشى ئوردىدا جىددىيچىلىك پەيدا قىلدى. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق سوپى سۇلتان ئۆزى يالغۇز خانىم ۋە يېڭى خان بىلەن كۆرۈشتى. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭغا: «ئەي بۇرادەر، كونا رەسمىيەت بويىچە مېنى خانلىققا تەيىنلەشتى، ناۋادا ئۆزلىرىنىڭ خانلىققا مەيلىلىرى بولسا، مەملىكەت مانا، مەن دۇنيانى دەپ ھەر بىرلىرىنىڭ يۈزىگە كەلمەكچى ئەمەسمەن» دېدى. ئاندىن كېيىن چۈچۈك خانىم سوپى سۇلتانغا: «ئەي جېنىم بالام، ھازىر ئابدۇكېرىم سىلىگە ئاتا ئورنىدا، موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ كونا قائىدىسىدىمۇ قايسىسى ياشتا چوڭراق بولسا شۇنى خان، خاقان دەپ بىلىپ بويسۇنىدىكەن، كونا رەسمىيەت بويىچە ئابدۇكېرىمخاننى خان قىلىپ تىكلىدۇق، سىزنىڭچە قانداق؟» دېدى.

سوپى سۇلتان باتۇر چىرايلىق، شۇنداقلا غەزەپلىك خانزادە بولسىمۇ، لېكىن «ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ھاكاۋۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك بار ئىدى». ۋەھالەنكى، ئەنئەنە (موغۇللارنىڭ قەدىمكى قائىدە - يوسۇنى — بۇنى ئاكىسى بىلەن ئانىسى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن) ۋە رېئاللىق (ئوردىدىكى ئەمەلدار ۋە چوڭ قەبىلە ئەمىرلىرىنىڭ ئابدۇكېرىمخاننى قوللىشى) سوپى سۇلتانغا باشقا يول تاللاش ئىمكانىيىتى بەرمىدى، ئۇ ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئوردىدىن تۇرۇپ ئانىسى بىلەن ئاكىسىغا: «ئابدۇكېرىمخاننى ئاتىمىز ئورنىدا بىلىمىز، جان دىلىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا تىرىشىمىز» دېدى. ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئابدۇكېرىمخانغا سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم بەردى ㉛. ئابدۇكېرىمخانمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۇيۇرغاللىق زېمىنى - يېڭىسارنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بەردى. ئۇنى قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنداق قىلىپ تەخت مەسىلىسىدىكى بۇ جىددىي خەۋپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئابدۇكېرىمخان تەختنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يەكەن ھاكىمى مىرزا مەھمۇد بارلاس بىلەن خوتەن ھاكىمى مىرزا ئەھمەد بارلاسنى سۈرگۈن قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ئىككى نائىبنىڭ ئالدىدا 3000 قوراللىق ئادەم بار ئىدى، ھەممىسى تارقاپ كېتىشتى، شۇنداق قىلىپ بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىمۇ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىگە ئوخشاش خانلىق تەختىگە تەھدىت سالىدىغان ھەربىي كۈچ بولۇش ئورنىدىن مەھرۇم بولدى. ئابدۇكېرىمخان ھوقۇق جەھەتتە باشقىلارغا بېقىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بەزى كىچىك قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، ھەر قايسى قەبىلە ئەمىرلىرىگە تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ، ئۇلارنى خانلىق ئۈچۈن كەتمەن چاپقۇزدى. شۇڭا، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمى خېلى ماسلاشتى، مۇناسىۋەت يۇمشىدى. ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، سىياسىي جەھەتتە خېلى پاك بولدى، قانۇن - تۈزۈمنى تەكىتلىدى، ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جانجان مەنپەئەتى ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ئاپتورىنىڭ

ئېيتىشىچە، ئابدۇكېرىمخان ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلارنى ئاشكارا قوبۇل قىلغان، قازى (ئىسلام شەرىئىتىنىڭ سوتچىسى) بىلەن مۇفتى (ئىسلام شەرىئىتىنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى) نى، ئەل ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمىرلەرنى كۆرۈشۈشكە قاتناشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە دائىر مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغان، جازانخورلۇق قىلىپ قاقتى - سوقتى قىلغانلارنى جازالىغان. «ئەرز ئېيتقۇچىنىڭ مەسىلىسى شەرىئەت بويىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، ئۇ قازى بىلەن مۇپتىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغان، ئەگەر قائىدە - نىزام بويىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، ئەمىرلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغان.» ئاندىن مەسىلىلەرنى ۋەزىر، ئىشىكئاغا ۋە چوڭ ئەمىر قاتارلىق ئالىي ئەمەلدارلار بىر تەرەپ قىلغان، ئابدۇكېرىمخان شۇ يەردە ھۆكۈمنى قولاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان، شۇئا چىقىرىلغان ھۆكۈملەردە ئازراق سەۋەنلىك كۆرۈلمىگەن. شۇ چاغلاردا مەككە مۇكەررەمەدە «ئابدۇكېرىم ئادىلنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن» دەپ ھەر نامازدا دۇئا قىلىنغان [32].

ئابدۇكېرىمخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ تاشقى سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزبېك شەيبانى خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئەلچىلەر دائىم باردى-كەلدى قىلىشىپ تۇردى. ئۇ قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا كۆپ قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلدى ھەمدە غەلىبە قازاندى [33]. «ئابدۇمانان تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇكېرىمخان لاداققىمۇ بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغان [34]. ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئەڭ زور ۋەقە شۇكى، ئۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقى، يەنى قۇمۇل بىلەن تۇرپانلارنى يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن.

ئابدۇكېرىمخان تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى، مەمۇرىي ئىشلىرى مۇھەممەد ۋەلى سوپى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئابدۇكېرىمخانمۇ

ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى پائال قوللىغان. ئىسلام دىنى كەڭ تارقالغانلىقى ۋە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقى ئەسلىدىكى قوۋم قارىشى ۋە ئۇنىڭ چەك - چېگرىسىنى تۇتۇقلاشتۇرغان. ئابدۇكېرىمخان ھاكىمىيىتى ئەمدى موغۇل ئۇلۇسى مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ موڭغۇللار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى تېزلىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادى، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان.

## (4) مۇھەممەدخاننىڭ مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشى ۋە خانلىقنىڭ قۇدرەت تېپىشى

ئابدۇكېرىمخان 33 يىل تەخت سوراپ، ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 ـ 1592) 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى ⑮. ئۇنىڭدىن تۆت يىل ئاۋۋال ئۇنىڭ 4 - ئىنىسى سوپى سۇلتان كېسەل بىلەن قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ 5 - ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان قەشقەر نائىبلىقىغا تەيىنلەنگەندى. ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولغاندا، مۇھەممەد سۇلتان چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى بويلىرىدا ھەربىي يۈرۈش قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ 6 - ئىنىسى، خوتەن نائىبى ئەبۇ سەئىد بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يەكەنگە كەلدى. شۇ چاغدا داڭلىق ۋەزىر ئۆبەيدۇللا بىلەن چوڭ ئەمىر مىرزا فىروز بارلاس ئالەمدىن ئۆتكەنىدى، مىرزا مۇھەممەد ياقۇپ دوغلات بىلەن باشقا ئەمىرلەر ئەبۇ سەئىد سۇلتانخانغا ئادەم ئەۋەتىپ: «مۇھەممەدخان چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى بويلىرىدىن قايتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال سۇلتانىمىز خوتەنگە ئالدى بىلەن قايتىپ كېلەلىسە بەك ياخشى بولاتتى. سۇلتانىمىزنىڭ ئۇ يەردىن بۇ يەرگە كېلىشى مۇۋاپىق بولىدۇ» ⑯ دېدى. ئەبۇ سەئىد سۇلتاننىڭ ئاتالمىش ئۇنىڭغا مۇھەممەد سۇلتاننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن خوتەنگە قايتىشنى مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىكتە خوتەنگە قايتتى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇھەممەد سۇلتان يەكەنگە كېلىپ، تەختكە چىقىپ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. ئۇ خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەبۇ سەئىد سۇلتانىنى قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ نائىبلىقىغا، ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئوغلى شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتانىنى قاغىلىقنىڭ نائىبلىقىغا، 12 - ئىنىسى ئابدۇرېھىم سۇلتانىنى سېرىقغول (بۈگۈنكى تاشقورغان) بىلەن ۋاھاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ئەمەلدارلارنى ئۇلارغا ئۇستاز قىلىپ ئەۋەتتى، مىرزا تەڭرى بەردى بارلاس (مۇھەممەد بارلاسنىڭ ئوغلى) نى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، ئۇنى ئەبۇ سەئىد سۇلتاننىڭ ئاتالىقلىقىغا، مىرزا يۈسۈپ دوغلات (مۇھەممەد ياقۇپنىڭ ئوغلى) نى شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئاتالىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئارقىدىن مۇھەممەد خان مەركەزدىكى ئاساسلىق ئەمەلدارلارنىڭمۇ خىزمىتىنى تەڭشەپ، خوجالېتىپنى تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىر، تامغاچ (مۆھۈردار) قىلدى؛ مىرزا ئىلياس ساغرىچىنى قوشبېگى (خانلىق قوشۇنى بارگاھىنىڭ ئەمەلدارى) ۋە ئۈچبېگى (جەڭ ۋاقتىدىكى چوڭ ئەمىر) قىلىپ، ئالىي ئەمىر - ئەمىر كېبىرلىككە تەيىنلىدى؛ مىرزا ئابدۇللا ئاق بوراقنى ئىشىكئاغا، شاھ مىرزىنى يەكەن ھاكىمى قىلدى. «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ ئاپتورى: «مۇھەممەدخان دۆلەت ئىشلىرىنى بۇ تۆت ئەمىرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەچكە»، «دۆلەت تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى» [37] دەيدۇ.

ھىجرىيە 1003 - يىلى (1594 - 1595)، ئۆزبېكلەردىن ئابدۇللاخان 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن [38] توپلاپ، ئۆزبېك سۇلتان بىلەن خوجامقۇلى قوشبېگىنى قوماندانلىققا تەيىنلەپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. «ئەنىس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») دا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇللاخان ئابدۇكېرىمخان بىلەن دوست ئىكەن، ئۇنىڭ ھۇجۇم قوزغىشى خوتەننى سۇيۇرغاللىق زېمىن قىلغان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئوغلى شاھ ھەيدەر دوغلاتنى قوغداش ئۈچۈن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ ھوقۇقى مۇھەممەدخاننىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرىغان [39].

مۇھەممەدخان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەسكەرلەرنى يىغقان ھەمدە قەشقەردە ھەربىي يىغىن ئېچىپ، ھۇجۇمغا قانداق تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان. ئۇ تەگرى بەردى بارلاسنىڭ قەشقەر شەھىرىنى چىڭ ساقلاپ، كۈچ توپلاپ دۈشمەننىڭ ھالسىرىشىنى كۈتۈش تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى. ئۆزبېك قوشۇنلىرى قەشقەردە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، بۇغراقۇمى يولىدىن يېقىن يول بىلەن مېڭىپ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن يەكەنگە كەلدى. شۇ چاغدا قازى رىزا بىلەن زىياۋۇدۇن دىۋانىلەر شەھەرنى ساقلاۋاتاتتى، ئۆزبېك سۇلتان بىلەن خوجامقۇلى قوشبېگى ئۇلارغا يا تەسلىم بولۇپ جېنىنى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش، يا بولمىسا كۆنمەي ئۆلۈم ياكى ئەسىرگە چۈشۈش، بۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاش توغرىسىدا سۈرۈك بەلگىلەپ بەردى. رىزا بىلەن زىياۋۇدۇن «ئەتە جۈمە، جۈمە نامىزىدىن كېيىن بىز سىلەرگە بەيئەت قىلىپ، شەھەرنى تاپشۇرايلى» دەپ جاۋاب قايتۇردى. شۇ كۈنى كېچىدە مۇھەممەدخان قوشۇن باشلاپ چوڭ يول بىلەن يەكەنگە قايتىپ كېلىپ شەھەرگە كىردى. ئەتىسى بامداتتىن كېيىن مۇھەممەدخان خەلقنى ئۆزبېك قوشۇنى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا چاقىردى، ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، ئۆزبېك قوشۇنى يەكەندىن «ئۆز يۇرتىغا قايتىش»⑩ قا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقى ئۆزبېكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا، قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلار خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئەسكەر - سەرۋازلارنى ئىلھاملاندۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى ⑪.

ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن مۇھەممەدخان چوڭ ئوغلى شاھ شۇجائىددىن ئەھمەد سۇلتاننى قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ نائىبلىقىغا؛ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن چوڭ نەۋرىسى زىياۋۇدۇن ئەھمەد سۇلتان (تۆمۈر سۇلتان دەپ ئاتالغان) نى ئاقسۇ بىلەن ئۇچنىڭ نائىبلىقىغا؛ 12 - ئىنىسى ئابدۇرېھىم سۇلتاننى قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئورنىغا تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى. مۇھەممەدخاننىڭ

چوڭ شەھەرلەرنىڭ نائىبلىرىنى تەگشەشتىن مۇددىئاسى ئۆزىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىمكانلىكى ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھايات ئىنىسىنى يىراق جاي — تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا ئەۋەتىشى ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەخت تالىشىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، ئابدۇرېھىم سۇلتان بۇنىڭغا تەن بەرمىگەن، ئەينى چاغدا ھىندىستاندا تۇرغان مەھمۇد ئىبن ۋەلى ئاڭلىغان ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئابدۇرېھىم سۇلتان ۋەقە تۇغدۇرۇپ كۇچا بىلەن باينى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان، مۇھەممەدخان تۆمۈر سۇلتان بىلەن خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد قاسىم سۇلتاننى ئەۋەتىپ، ئابدۇرېھىم سۇلتاننى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە چالىش [42]نى تارتىۋالغان، لېكىن ئابدۇرېھىم سۇلتان يەنىلا تۇرپاننىڭ نائىبلىقىنى ئۆتىگەن.

مۇھەممەدخان 18 يىل تەخت سوراپ، ھىجرىيە 1018 - يىلى(1609-1610) 72 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە خانلىق قۇدرەت تاپتى. تەختى مۇستەھكەملىنىپ، خاننىڭ ھوقۇقى ئۆستى، مۇھەممەدخان پۈتكۈل خانلىقنى خېلى مۇستەھكەم كونترول قىلدى، «يەكەن، قەشقەر، ئۇچ، كۇچا، چالىش ۋە تۇرپاندىن قۇمۇلغىچە، خوتەن بىلەن سىرىققولدىن كېنى لەئىلگىچە[43] بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى مۇھەممەدخاننىڭ نامىغا قۇتبە ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇردى». ئۇ «ئاۋام پۇقرالارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، جازانىخورلارنى چەكلىگەن»، يەكەن شەھىرى «جەننەتتەك»[44] بولغانىدى. مۇھەممەدخان تەقۋادار مۇسۇلمان بولغاچقا، قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ پىرى خوجا ئىسھاقنىڭ خەلىپىسىنىڭ [45] ۋە قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغانىدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنى زىيادە مۇبالىغە قىلىشتىن خالىي بولالمىغان. لېكىن، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر يەكەن خانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى چاغلىرى ئىدى، پورتۇگالىيىلىك بېنېدىكتنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئەمىر - پەرمانلارنىڭ پۈتۈن

ئەلدە يولغا قويۇلغانلىقى، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى، سەيلە - ساياھەت بىخەتەر بولغانلىقىنى، بۇ ئىمپېراتور ئەكبەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھىندىستاندىن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆچلۈك ئىسپاتلىدى، بىنېدىكت يەكەن شەھىرىدىكى «سودا - سېتىق جانلانغان، ھەرخىل ماللار توپلانغان »گۈللىنىش مەنزىرىسىنى[46] ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندى.

## 2. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى قوشۇۋېلىش

### (1) شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەھۋاللار

مەنسۇرخاننىڭ ئاقسۇنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قوزغىغان بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمى مەغلۇپ بولدى. يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى تۇرپان، چالىش ۋە قۇمۇل رايونلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. مەنسۇرخان 60 يىلغا يېقىن ياشاپ، ھىجرىيە 950 - يىلى (1543 ـ 1544) كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى: «مەنسۇرخان تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەختىنى چوڭ ئوغلى شاھ سۇلتانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى» [47]، دەپ يازغانىدى. شاھ سۇلتان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مىڭ سۇلالىسى بىلەن تىنچ ئۆتتى، مىڭ سۇلالىسگە كۆپ قېتىم «تارتۇق يوللاپ» دائىملىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىنى ساقلىدى. «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، يەكەن خانلىقىدىكى مۇھەممەدخان سۇلتاننى ئاقسۇغا نائىبلىققا تەيىنلىگەندە، شاھخان بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇھەممەد سۇلتان كۇچادا ساياھەت قىلىۋاتقان شاھخاننىڭ قىزىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇنى بۇلاپ كېلىپ ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تويۇقسىز بۇلاڭچىلىقى ئىشقا ئاشمايدۇ، بۇ شاھخاندا ئىنتىقام ئېلىش

نىيىتىنى پەيدا قىلدۇ. شاھخان ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ، ئادەملەرنى قىرىپ، مال - مۈلۈكلەرنى بۇلايدۇ ھەمدە مۇھەممەد سۇلتاننى ئەسىر ئېلىپ چالىشقا ئەكېتىپ، كۆل ئوتتۇرىسىدىكى چۆللۈككە قاماپ قويىدۇ. ئابدۇكېرىمخان بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنۈپ شاھخانغا چاپارمەن ئەۋەتىدۇ؛ شاھخان مۇھەممەد سۇلتاننى قويۇپ بېرىدۇ[48]. قارىغاندا، ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى نورمال ئۆتكەندەك قىلىدۇ، ئۇ بىرقېتىملىق تاسادىپىي ۋەقەدۇر. لېكىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئويراتلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىزچىل تۈردە جىددىي بولۇپ كەلگەن، شاھخان ئويراتلارغا قىلىنغان بىرقېتىملىق «غازات» تىن ئولجا ئېلىپ قايتقاندا، يول ئۈستىدە زەربىگە ئۇچراپ «شېھىت»[49]بولغان. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دە، بۇ ۋەقە 1566 - يىلى يۈز بەرگەن بولسا كېرەك، «يات تائىپىلەر خانى شاھ سۇلتان شىمال تائىپىلىرىنىڭ قەبىلىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندا، ئوقيا ئوقى تېگىپ ئۆلدى»[50]. ئۇنىڭ ئاغا - ئىنىلىرى [51] مەسئۇد سۇلتاننى «تەختكە چىقاردى» ھەمدە مىڭ سۇلالىسىدىن «قوۋۇقتىن ئۆتۈپ تارتۇق - سالام بېرىشكە ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈندى» [52] دەپ خاتىرىلەنگەن. لېكىن، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» دا: «شاھخان ئۆلگەندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا قايتا خان بولمىدى»[53] دېيىلگەن. بۇ مەسئۇد سۇلتان موڭغۇللارنىڭ كونا ئەنئەنىسى بويىچە تەختكە چىقماي، باشقىلار تەرىپىدىن «تەختكە چىقىرىلغانلىقى»، شۇڭا ئومۇمىيۈزلۈك خان دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋېلىشىنى شارائىت ۋە باھانە بىلەن تەمىن ئەتكەن.

## (2) شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قوشۇۋېلىنىشى

1570 - يىلى ئابدۇكېرىمخان سوپى سۇلتان، مۇھەممەد سۇلتان، ئەبۇ سەئىدخان سۇلتان ۋە قۇرەيش سۇلتان«تۆت ئاكا - ئۇكىنى ئادەم

باشلاپ تۇرپانغا بېرىپ، خانلىقنى ئىگىلەشكە»[54] ئەۋەتتى، ئۇلار مەسئۇد سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتان مۇھەممەد ئالىپ باتۇر (باھادىر) نى تۇتۇپ يەكەنگە باغلاپ ئېلىپ كەلدى، مۇھەممەد سۇلتان تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەندى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى » دە، لۇڭچىڭنىڭ 4-يىلى (1570-يىلى) مۇھەممەد سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى-سوپى سۇلتان، قۇرەيش سۇلتان، ئالىپ سۇلتانلار ئەلچى ئەۋەتىپ مىڭ سۇلالىسىدىن «تارتۇق يوللاشنى تەلەپ قىلغان» لىقى، مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى بۇ تەلەپنى «تەستىقلىغانلىقى»[55] خاتىرىلەنگەن.

خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «مۇھەممەد تۇرپاندا تۆت يىل خان بولغان، تۇرپان شەھىرىنى ساقلاۋاتقان سەردارلار مۇھەممەدخانغا سادىق بولماي، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەتلەشكەن، مۇھەممەد بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە كەتكەن، كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ سۇلتان مۇھەممەد ئالىپ باتۇرنى سەمەرقەنتتىن ئەكېلىپ خان قىلغان.» [56] «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى » دە، سۇلتان مۇھەممەد ئالىپ باتۇر مىڭ سۇلالىسىگە 1957 ـ، 1576 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئات ، نەرسە ـ كېرەك تارتۇق قىلغانلىقى ، لېكىن 1579 ـ يىلى ھۆكۈمران ئالماشقانلىقى، «تۇرپانغا سۇلتان ئالىپ ناسىر ئەھمەد تەخت ۋارىسى» بولغانلىقى ھەمدە مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ نەرسە - كېرەك، ئات تارتۇق قىلغانلىقى [57] خاتىرىلەنگەن.

XVI ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، خوتەن نائىبى قۇرەيش سۇلتان ئىسيان كۆتۈرۈپ خان بولۇۋالدى [58] ؛ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتان 1583 ـ يىلى تۇرپاننى ئىشغال قىلدى ھەمدە مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە تارتۇق تەقدىم قىلىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈندى» [59] . ئابدۇكېرىمخان يەرلىك خانلارنىڭ مۇستەقىل بولۇۋېلىشىغا ئەلۋەتتە يول قويمايتتى، ئۇ دەرھال مۇھەممەد سۇلتاننى ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى، قۇرەيش سۇلتان چالىش بىلەن تۇرپانغا قاچتى، مەھمۇد سۇلتان ئۈچ ئايلىق ھەربىي يۈرۈش

ئارقىلىق ئىسياننى تىنچىتىپ، قۇرەيىش سۇلتاننى تۇتۇپ يەكەنگە ئەكەلدى، ئۇنىڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتان تۇرپانغا داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلدى، قارىغاندا، ئۇ نامدا ئابدۇكېرىمخانغا بەيئەت قىلغاندەك قىلىدۇ. كېيىن ئابدۇكېرىمخان قۇرەيىش سۇلتان ۋە ئۇنىڭ باشقا ئىككى ئوغلىنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى، ئۇلار 1589 - يىلى ھىندىستانغا باردى. قۇرەيىش سۇلتان ئۇ يەردە ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشتى، ھىجرىيە 1000- يىلى (1591 ـ 1592) تولغاق كېسىلى بىلەن ئۆلدى [60] .

مۇھەممەدخان ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن 1594 - يىلى ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئالەمدىن ئۆتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ نائىبلىرىنى ئالماشتۇردى، ئابدۇرېھىم سۇلتاننى ئىسيان كۆتۈرۈپ خان بولۇۋالغان خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئورنىغا تۇرپانغا نائىب قىلدى ھەمدە مىرزا شاھنى ئابدۇرېھىم سۇلتان بىلەن بىللە ئىسياننى تىنچىتىشقا ئەۋەتتى. «سەئىدىيە خىدندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خۇدابەندى سۇلتان ئىسيان كۆتۈرگەندە، قازاقلاردىن توكخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن؛ لېكىن ئابدۇرېھىم سۇلتان نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن چېگرىغا كەلگەندە، ئۇ يەنە ئويراتلاردىن ياردەم تىلىگەن. ئويرات قوشۇنى دەرھال كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار خۇدابەندى سۇلتاننى ئابدۇرېھىم سۇلتانغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇنى مىرزا شاھ يەكەنگە ئەكەتكەن [61] ، شۇنىڭ بىلەن خۇدابەندى سۇلتاننىڭ تۇرپاندىكى 12 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلىشىپ [62] ، ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. شۇ يىلى ھىجرىيە 1004 - يىلى (1595 — 1596) ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئىككى ھاكىمىيەت بۆلۈپ باشقۇرغان، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئىككى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ تىنىچلىقى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولدى ھەمدە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 3. خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى

يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خانلىقلارنىڭكىگە ئوخشاشلا مەزكۇر خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تارىخىي دەۋر (1514 — 1680) دە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغان. بۇ مەسىلىنى بايان قىلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، مىلادى 1600 - يىلنى ئۆلچەملىك يىل قىلىپ بەلگىلىدۇق، چۈنكى شۇ چاغدا بۇ خانلىق تازا قۇدرەت تېپىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەنىدى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى ئاساسەن مۇقىملىشىپ، ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاز بولغاچقا، كىشىلەر يەكەن خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى توغرىسىدا خېلى ئېنىق، مۇقىم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. تۆۋەندە شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال رەت تەرتىپى بويىچە ئالدى بىلەن بۇ خانلىقنىڭ ئۆلچەملىك يىلدىكى چېگرىسىنى كۆرسىتىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى توغرىسىدا توختىلىمىز.

### (1) شەرقىي تەرىپى جىيايۈيگۈەنگىچە بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى زېمىنىغا تۇتاشقان

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئويراتلار غەربكە يۈرۈش قىلغاچقا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمى جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، قۇمۇل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تالىشىدىغان مۇھىم ئوبيېكتقا ئايلانغان. 1472-يىلى تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان ئەلى قۇمۇلنى ئىشغال قىلغان، ئۇنىڭ يەزەك قىسمى مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىكى خەندۇڭ، چىجىن دېگەن ئىككى ياساۋۇلخانىسىغىچە ئىلگىرىلەپ بارغان. قۇمۇلنىڭ ئوغۇل تۇتۇقبېگى خەن شېن قوۋمىنى باشلاپ گۇاجۇنىڭ شەرقىگە چېكىنگەن [8]. خەن شېن قوۋمىنى باشلاپ خەندۇڭ، چىجىن ئىككى جاينىڭ قوللىشىدا قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ، سەككىز شەھەرنى ئارقا - ئارقىدىن

ئىشغال قىلغان [64].

1487 - يىلى ئەھمەدخان تۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن شەرققە ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، 1488 - يىلى قۇمۇلنىڭ سادىق ئىتائەتمەن خانى خەن شېننى ئۆلتۈرگەن ھەمدە «ئۇنىڭ شەھىرىنى تارتىۋالغان»[65]. مىڭ سۇلالىسى تارتۇق قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالىغان؛ 1491 - يىلى ئەھمەدخان قۇمۇلنى قايتۇرغان، مىڭ سۇلالىسى شانبانى سادىق ئىتائەتمەن خان قىلغان.

1493 - يىلى قۇمۇل باسقاۋۇلى ئامۇران تۇرپاننىڭ ئات - كالىلىرىنى بۇلىغانلىقى ئۈچۈن، ئەھمەدخان يوشۇرۇن ئەسكەر ئەۋەتىپ كېچىدە قۇمۇلغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار شانبانى تۇتۇپ، ئامۇراننى ئۆلتۈردى، بەيياھنى شەھەرنى ساقلاشقا ئەۋەتتى. 1495 - يىلى گەنسۇ باش مۇپەتتىشى شۈي جىن خەنزۇلارغا قارام ئەسكەرلەر ۋە خەنزۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، بەيياھ قاچتى، قوۋمى پېتىراپ كەتتى. شۈي جىن «زەپەر قۇچۇپ قايتتى، غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئوردىغا ئادەم ئەۋەتتى، بىرلەشمە قوشۇندىكىلەر جىيايۈگۇەندىن ئۆتتى، قارام ئەسكەرلەرگە ئۆز ياساۋۇلخانىلىرىغا قايتىش بۇيرۇقى بېرىلدى»[66]. قۇمۇلنىڭ ئۇدا ۋەيران قىلىنىشى قېپقالغان ئاھالىلەرنى دەككە - دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئەھمەدخان ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، ئەمما شەھەرنى ساقلىيالماي قايتىپ كەتتى. «ئادەملىرى غۇربەتچىلىك دەستىدىن شەھەرنى ساقلاشقا كۆزى يەتمەي، چېدىر - بارگاھلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە سۇجۇغا بېرىپ ياردەم قىلدى»[67]. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى ئۈچ قېتىم تالىشىپ، ئۇنى خانىۋەيران قىلدى. قۇمۇل مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مۇداپىئە توسىقى ئىدى، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىلسە، سۇجۇ ۋىلايىتى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قوشۇنىنىڭ ئالدىغا مانا مەن دەپ چوقچىيىپ چىقىپ قالاتتى، بۇ خېشى كارىدورى ۋە پوتكول ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۈچۈن تەھدىت ئىدى، شۇڭا مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا بولغان كونتروللۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن،

تۆرلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. 1499 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى يەنە شانبانى ۋە گەنسۇدىكى «يات قوۋملارنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئادىمى» نى قۇمۇلغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇلارغا «ساپان، ئۇرۇق، گەزلىمە، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق بەردى» (68) .

1505 ـ يىلى شانبا ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى بەيياھ ساداقەتلىك ئىتائەتمەن خان بولۇپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋە نامىدىن، بۇ «گۆدەك» (69) موڭغۇل بەگزادىسىنىڭ ئىسلاملىشىپ كەتكەنلىكىنى، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزى بىلەن بىردىندىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ چاغدا تۇرپان پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى مەنسۇر خان ئىدى. 1513 ـ يىلى «بەيياھ شەھەرنى تاشلاپ يۈز ئۆرۈپ تۇرپانغا بېرىۋالدى. مەنسۇر تاجىدىن خوجىنى ئەۋەتىپ قۇمۇلنى ئىگىلىدى» (70) . شۇنىڭدىن كېيىن مىڭ سۇلالىسى كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىلەشكەن ھەمدە «قوۋۇقنى تاقاپ تارتۇق قوبۇل قىلماسلىق» تەك ئىقتىسادىي جازالاش ۋاستىلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇمۇلنى ئىزچىل تۇردە كونترول قىلىۋالدى.

مىڭ سۇلالىسى خۇڭۋۇ، يۇڭلى يىللىرى (1424 ـ 1368) دا، جيايۈيگۈەننىڭ سىرتىدا ئەندىڭ، ئادۇەن، چۈيشيەن، خەندۇڭ، شاجۇ، قۇمۇل، چىجىن قاتارلىق يەتتە موڭغۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلدى. چېڭخۇا يىللىرى (1424 ـ 1465) دا، يەنە «غەربتىكى تائىپىلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن» ، خەندۇڭ سولقانات ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىندى. لېكىن، جياچىڭ يىللىرى (1566 ـ 1522) نىڭ باشلىرىدا، «يۈز يىلدىن بۇيانقى يىلدىن - يىلغا كاساتلىشىش، چۆلدەرەش ئەھۋالى كۆرۈلدى، ئادۇەن ياساۋۇلخانىسىنىڭ ئورنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان، چۈيشيەن ياساۋۇلخانىسى جەنۇبتا ئۇرساڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن، چىجىن، ئەندىڭ، خەندۇڭلاردا نەچچە يۈز كىشى بىر قوۋم، نەچچە ئون كىشى بىر توپ بولۇپ، سوجۇغا كېلىپ

بەيئەت قىلغان، . . . خەندۇڭ سولقانات ياساۋۇلخانىسىدىن جەڭگە يارايدىغان بىر - ئىككى مىڭ كىشىمۇ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىشقا كەلگەن، گۇاجۇ، شاجۇ ياساۋۇلخانىلىرى چۆلدەرەپ كەتكەن» [71] . بۇ لەشكىرىي پىرقىنىڭ ياندىش بېگى ۋاڭ تىڭشياڭ لەشكىرىي پىرقىگە يېڭىدىن دۇۋانبېگىلىككە تەيىنلەنگەن خۇ شىنىڭغا يوللىغان مەلۇماتىدۇر. 1529 - يىلى شەنشىدىكى سەنبيەن (چېگرىدىكى ئۈچ تەرەپ ) نىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرىدىغان لەشكىرىي پىرقىنىڭ دۇۋانبېگى ۋاڭ چيۇڭنىڭ دوكلاتىدىمۇ: «موڭغۇل، خەندۇڭ [72] ياساۋۇلخانىلىرى خېلى يىللاردىن بېرى زىيانكەشلىكتىن پاناقاپ بەيئەت قىلدى، ئەمدىلىكتە ئۇلار ماكانىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى، چۆيشيەن ياساۋۇلخانىسىدىكىلەر توغرىسىدا خېلىدىن بېرى تۆتىنىڭلا نامىنى ئاڭلىدىم؛ خەندۇڭ، ئەندىڭدىكى قوۋملار تارقىلىپ كېتىپتۇ ؛ ئادۇەننىڭ ئورنىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ. يەنى بۈگۈنكى سۇجۇ (گەنسۇدا - ت ) نىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1500 چاقىرىملىق جايدا ئادەمزات قالماپتۇ؟ » [73] دېيىلگەن. بۇ دەۋردە مىڭ سۇلالىسىنىڭ جيايۈيگۇەننىڭ سىرتىدا ھېچقانداق ياساۋۇلخانىسى قالمىدى دېگەنلىكتۇر. مىڭ سۇلالىسى جياچىڭ يىللىرىدىن كېيىن قوۋۇقتىن ئۆتۈپ ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتمىگەن، پەقەت شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ داۋاملىق شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ھەربىي جەھەتتە مۇداپىئەنى كۈچەيتكەن ھەمدە قوۋۇقنى ئېچىپ سوۋغات يوللاشقان، ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇلارغا نەپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زەئىپلەشكەندى، ئۇ چېگرىدىكى ئىككى رەقىبى — ئويراتلار بىلەن يەكەن خانلىقىغا تاقابىل تۇرالمايۋاتقان بولغاچقا، يەنە شەرققە كېڭەيىشكە ماجالى يەتمەي، جيايۈيگۇەندە توختاشقا مەجبۇر بولغانىدى. لېكىن، شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، قۇمۇلدىن جيايۈيگۇەنگىچە بولغان 1500 چاقىرىملىق ئارىلىقتا، يۇقىرىدىكى ئىككى تارىخىي ماتېرىيالدا ئېيتىلغاندەك «چۆلدەرەپ كەتكەچكە، ئادەمزات قالمىغان» ئەمەس، بەلكى «شاجۇ تەدرىجىي تۇرپاننىڭ

ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن (74) ھەمدە ئۇ رايوندا تىرىقچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىنغان» (75).

1570 - يىلى يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنىنى ئۆز دائىرىسىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقتىكى چېگرىسى جىيايۈيگۈەنگە تۇتاشتى. بۇ چاغدا مىڭ سۇلالىسى ئۆز ئىچىدىكى تۈرلۈك پىشكەلچىلىكلەر بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەچكە، قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىش، قوۋۇق سىرتىدىكى يەتتە ياساۋۇلخانىنى قايتا تەسىس قىلىشنى تىلغا ئالمىدى. رېئاللىقتا يەنى جىيايۈيگۈەننىڭ سىرتى يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى دېگەن رېئاللىققا سۈكۈت قىلىپ، قوۋۇقنى ئېچىپ تارتۇقنى قوبۇل قىلدى، ئىككى تەرەپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى دوستانە ئۆتتى. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇمۇل، تۇرپانلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى 1679 - يىلى ئويراتلارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غالدان ئۇ جايىنى ئىشغال قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى (76) .

## (2) جەنۇبىي تەرىپى كۇئېنلۇن، ئالتۇنتاغنى پاسىل قىلىپ، تىبەت، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ زېمىنى بىلەن تۇتاشقان.

ئېگىز ۋە كەڭ كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى بىلەن ئالتۇنتاغ تىزمىسى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتە تارىم ئويمانلىقىنى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ، تارىختىن بۇيان بۇ ئىككى تاغ سىياسىي، جۇغراپىيە جەھەتتە چېگرا بولۇپ كەلگەن. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسىم چېگرىسىمۇ ئاساسەن مۇشۇ ئىككى تاغنى پاسىل قىلغان. «تارىخى رەشىدى» دە ئېيتىلىشىچە، سۇلتان ئۇۋەيسخان (1417 - 1432) «ھەر يىلى تۇرپان، تارىم، لوپ، كېتەك قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ياۋا تۆگە ئوۋلايتتى» (77)، بۇ يۇقىرىقى جايلارنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇرۇنقىلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان لوپ، كېتەك دېگەن ئىككى جاينىڭ بىرى چەرچەن

دەرياسى ۋادىسىدا، يەنە بىرى لوپنۇر ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» دا، ئۇ ئىككى جاينىڭ بۈگۈنكى چاقىلىق ۋە چەرچەننىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا [78]، ئالتۇنتاغ ئېتىكىدىكى بوستانلىقتا جايلاشقانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات مۇنداق دەيدۇ: «تىبەتنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدە يەكەن، خوتەن، چەرچەن، لوپ، كېتىك، سېرىق ئۇيغۇر ئېلى بار» [79]. دېمەك، XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا تىبەت بىلەن يەكەن خانلىقى (يەكەن، خوتەن)، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى (چەرچەن، لوپ، كېتىك) يەنىلا كوئېنلۇن ۋە ئالتۇنتاغنى چېگرا قىلغان. لېكىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ چاغدا كۆچۈپ كەتكەنىدى.

سېرىق ئۇيغۇرلار يەنى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۋاڭتۇ (سېرىق باش) ئۇيغۇرلار [80] شاجۇنىڭ شەرقىدىكى، لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى، خوتەننىڭ شەرقىدىكى، چىڭخەي كۆلىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونغا تارالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۇلار يەنىلا مۇشۇ رايوندا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، «ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكى مىڭ چاقىرىم، ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە خەندۇڭغا، غەربتە تەڭرى كۆلگە، شىمالدا گۇاجۇ، شاجۇلارغا تۇتىشاتتى، جەنۇبتا تىبەت (تۇبۇت) [81] بىلەن چېگرىداش ئىدى». مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خۇڭۋۇ يىللىرى (1368 ـ 1398) دا سېرىق ئۇيغۇرلار زېمىنىدا ئەندىڭ، چۈيشيەن ياساۋۇلخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۇ جايلارنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. لېكىن، جېڭدې يىللىرى (1506 ـ 1521) غا كەلگەندە، «موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك سەردارى ئىبراھىم، ئارتۇشلار چىڭخەينى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، ئەندىڭ ياساۋۇلخانىسى ۋەيران قىلىنغاچقا، قوۋملىرىمۇ تارىلىپ كەتكەن» [82]؛ «چۈيشيەن دەپسەندە قىلىنغاچقا، قوۋملىرى پىتىراپ كەتكەن، چۈيشيەن ياساۋۇلخانىسىمۇ گۇمران قىلىنغان» [83]. شۇڭا، يەكەن خانلىقىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل

قىلىش، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۆلەكچىلىك ھەۋەسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1517 - يىلى سەئىدخان قوشۇن چىقىرىپ سېرىق ئۇيغۇرلارغا «غازات ئۇرۇشى» قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئۇلار خوتەندىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغىچە بولغان جايلاردا ئىككى ئاي ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، «باشقا دىندىكىلەرگە دائىر ھېچقانداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان» [84] . بۇ چاغدا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى شەرققە - خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ، بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئايلانغان. سېرىق ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى زېمىنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولغان. 1570- يىلى يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغان. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنىغا موڭغۇللاردىن دەسلەپتە ئىبراھىم بىلەن ئارتۇش، كېيىن خانزادە، قەبىلە باشلىقى بورقاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ 1599 - يىلى يانداخان «چىڭخەينىڭ بايلىقىغا قىزىقىپ» يەنە «ئۇنىڭ زېمىن ئىگىدارچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان» [85] ، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە نەۋرىسىمۇ بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان؛ 1637- يىلى موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسىنىڭ خوشۇت قوۋمىنىڭ گۇشخانى قوۋمىنى باشلاپ شەرققە كۆچۈپ، چىڭخەيگە كىرىپ ئۇ يەرنى ئىگىلىگەن ۋە ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغا بۇ زېمىننى ئىدارە قىلغان، 1725 - يىلغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى خوشۇتلارنى ئۆز تەۋەسىگە ئېلىپ 20 خوشۇنغا ئايرىغان، ياداەمچى ئەمىر قويۇپ، جاساق تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇزغان.

### (3) غەربىي جەنۇبىي تەرىپى قاراقۇرۇم تېغىنى پاسىل قىلىپ، تىبەتتىكى لاداق، بولۇر بىلەن تۇتاشقان

«تارىخى رەشىدى » نىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «مىرزا ئابابەكرى بۇ قېتىم ئەھمەدخاننى يەڭگەندىن كېيىن [86] ، ئەتراپقا كېڭىيىشكە

باشلىدى. دەسلەپتە تىبەتكە قوشۇن ئەۋەتتى. نەتىجىدە پارلاق غەلىبىگە ئېرىشىپ، تىبەتنىڭ كۆپ قىسىم رايونىنى بويسۇندۇرۇپ، كەشمىرنىڭ چېگرىسىغا قەدەر ئىلگىرىلەپ باردى... ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ بولۇرغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازاندى» [87]. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەمىر ۋەلىنىڭ تۆھپىسى، ئۇ «بولۇر بىلەن تىبەت رايونىنى كونترول قىلدى»[88]. بۇ يەردە ئېيتىلغان تىبەت ئاساسلىقى ئۇرساڭ بىلەن لاداخنى كۆرسىتىدۇ. روسىيىلىك شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق دەيدۇ: X
V ئەسىرگە كەلگەندە، بەدەخشان بىلەن كەشمىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇر، تىبەتنىڭ بارلىق زېمىنى دوغلات جەمەتىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانى ئابابەكرىنىڭ سەركەردىسى ئەمىر ۋەلى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى [89]. 1514 - يىلى سەئىدخان يەكەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئابابەكرى تىبەتتىكى لاداخ رايونىغا قاچقان، «ئۇ قەلئەنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ قەلئەنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، ئادەملەرمۇ تارىلىپ كەتكەچكە، شەھەر ئىچى ۋە مال - مۈلۈكلەرنىڭ تىبەتلىك كۆپپارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن» [90]. شۇڭا ئۇ بۇ يەردە تۇرالماي، قايتىپ بېرىپ سەئىدخانغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان.

سەئىدخان سىياسىي جەھەتتىكى ئېھتىياج ۋە مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا كۆپ قېتىم «غازات» قىلغان [91]. 1527 - يىلى ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننى «كۆپپارلار دۆلىتى» بولۇرغا «غازات» قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلار ئۇ يەردە بىر قىشنى ئۆتكۈزۈپ، كۈزدە «ئولجىلىرىنى ئېلىپ، سالامەت قايتىپ كەلگەن.» [92] روشەنكى، بۇ قېتىمقى «غازات» يەر ئىگىلەشنى ئەمەس، مال - مۈلۈك بۇلاشنى مەقسەت قىلغان. 1532 - يىلى سەئىدخان شەخسەن ئۆزى تىبەتكە يۈرۈش قىلغان، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتنى ئوغلى ئىسكەندەرنى قوغداش ئۈچۈن ئالدىدا ماڭدۇرغان. ئۇلار كەشمىر رايونىغا كىرگەندە، كەشمىر ھۆكۈمرانى سەئىدخانغا ئاتاپ خۇتبە ئوقۇشقا ۋە ئۇنىڭ نامىدا پۇل سوقتۇرۇشقا ھەمدە ھەر يىلى باج - خىراج تاپشۇرۇشقا ماقۇل

بولغان [93] ، يەنى ئۆزىنىڭ بېقىندىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىپ، يەكەن خانلىقىغا قارىغان. لېكىن، بۇ ئەھۋال ناھايىتـــى تېز ئۆزگەرگەن، سەئىدخان يەكەنگە قايتىش سەپىرىدە ئۆلگەن؛ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەخت ۋارىسى بولۇپ، دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان. مۇھەممەد ھەيدەر لىخاساغا قىلغان يۈرۈشتە مەغلۇپ بولۇپ لاداخقا چېكىنگەندىن كېيىن تىبەتكە يۈرۈش قىلغان بارلىق قىسىملارغا: «ھازىر تىبەتتىكى ھەربىيلەرنىـــڭ توقال خوتۇنلىرى، تاۋابىئاتلىرى بىر دەك سىنىۋېتىلدى، مەزكۇر بۇيرۇق يېتىپ بارغان كۈنى بارلىق ئەسكەرلەر دەرھال تارقىلىپ يەكەنگە قايتسۇن» [94] ، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ ئىشغالىيەت زېمىنىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلىغانلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تىبەتكە يۈرۈش قىلغان قىسىملار دەرھال يىمىرىلىپ، ئەسكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن يەكەنگە قايتتـــى، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتمۇ ئۇ يەردە تۇرالماي، تاغلاردىن ئۆتۈپ ھىندىستاندىكى ھۇمايۇن ئىمپېرىيىسىگە بېقىنغان. شۇنداق قىلىپ، يەكەن خانلىقى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىدا قايتا قوشۇن تۇرغۇزمىغان، تاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى كونتروللۇقىدىن چىـــقىـــرىپ قويغان. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈمرانلىقـــى دەۋرى (1533 ـ 1560) دە، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسىي كۈچى موغۇلىستانغا، يەنى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئىدارە قىلىشقا قارىتىلغان. ئەمىن ئىبن ئەھمەد رازى يازغان «ھەفت ئىـــقلىـــم» دىكـــى خاتىـــرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 3 - ئوغلى ئابدۇرېھىم «ئاتىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن تىبەتكە يۈرۈش قىلغان ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن» [95] . شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇمات بار [96] . شۇنىڭدىن كېيىن يەكەن خانلىقى توغرىسىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا تىبەت بىلەن بولۇرغا دائىـــر مەلۇمات ئۇزاققىچە تىلغا ئېلىنمىغان. قارىغاندا، بۇ رايونلار 1600 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقىي زېمىن دائىرىسىنىڭ سىرتىـــدا بولسا كېرەك. لېكىن، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقىي دەۋرىدە، تەخمىنەن ھىجرىيە 1050

- يىلى (1640 ـ 1641) [97] ئابدۇكېرىمخان قوشۇن باشلاپ بولۇرغا يۈرۈش قىلغان. شۇ چاغدا بولۇرنىڭ ھۆكۈمرانى شاھ بابۇر ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ئوغلىنى نۇرغۇن سوۋغات بىلەن ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ كەچۈرلۈك قىلىشنى ئۆتۈنگەن. «خان ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، قايتىپ كەتكەن» [98] .

## (4) غەربىي تەرىپى پۈتكۈل پامىر، خىۋە ۋە ۋاخان رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە جايلار بىلەن قوشنا بولغان، ئۆزبېكلەر بىلەن ئالاي تېغىنى پاسىل قىلغان

XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئابابەكرى ئەمىر دوغلات ۋەلى باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ «پەرغانىدىكى بەزى جايلارنى، مەسىلەن، ئۆزكەنت (بۇ رايوندىكى ئەڭ مۇھىم شەھەر) ، ئۇش، مادۇ، چاغراق قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن، بۇ جايلار ئەنجاننىڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقانىدى. ئۇ يەنە قاراتىكىن ۋە بەدەخشاننىڭ بىر مۇنچە جايلىرىنى كونترول قىلغان» [99] . بۇ يەردە ئېيتىلغان بەدەخشاندىكى بىر مۇنچە جايلار ئۇستۇن ھازاردىكى بىر قىسىم جايلارنى، يەنى سېرىق چۇپان، گۇند، پارۋاز، يارخ، پاسار، خىۋەئى شىغنان قاتارلىق جايلار» [100] نى كۆرسىتىدۇ.

1511 - يىلى، سەئىد مۇھەممەد دوغلات ئۆزبېك خانى شەيبانىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، پەرغانىدىكى ئەنجان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالدى ۋە بۇ شەھەرلەرنى سەئىد سۇلتانغا تاپشۇردى. سەئىد سۇلتان يەنە ئابابەكرىنىڭ شەرق تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، پۈتكۈل پەرغانە رايونىنى كونترول قىلدى. لېكىن، 1514 - يىلى ئۆزبېكلەرنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى چېگرىغا يېقىنلاشقاندا، سەئىد سۇلتان ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزلۈكىدىن پەرغانە رايونىنى تاشلاپ، قەشقەر رايونىغا كەلدى. شۇنىڭدىن

ئۆزبېك ھۆكۈمرانى كونترول قىلدى. 1516-
ئېتىبارەن پەرغانە رايونىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
يىلى سەئىدخان پەرغانە رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
نىيىتىدە ئۆزى شەخسەن قوشۇن باشلاپ ھەربىي يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئۆتۈپ، چاتىركۆل ئەتراپىدىكى
ئارپىيازى (ئارپا يازى) دېگەن جايغا كەلگەندە، يۈرۈشنى توختىتىپ ئوۋ
قىلىپ، زىياپەت ئۆتكۈزگەن، ئارقىدىن «ھازىر شارائىت ياخشى ئەمەس،
كۆز يەسلىمۇ كىرىپ قالدى» دەپ ⟨101⟩ ، يېقىن يول بىلەن قەشقەرگە
قايتىپ كەتكەن، ئۇ گەرچە ئەتىيازدا يەنە يۈرۈش قىلىمىز دېگەن بولسىمۇ،
لېكىن ۋاقتىنى 1525 - يىلىغىچە كېيىنگە سۈرگەن، ئۇ ئۆزبېك خانى
سۈيۈنچ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 2 - قېتىم ھەربىي يۈرۈش
قىلغان، سەئىدخان يۈرۈش داۋامىدا ئۆزكەنت بىلەن مادۇنى ئىشغال
قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاققىچە ھۇجۇم قىلىپمۇ ئۇشنى ئالالمىغان،
ئۇ يەنە ئەنجاندا ئۆزبېكلەرنىڭ «100 مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك» قوشۇنى
توپلانغانلىقنى ئاڭلاپ، ئۆزلۈكىدىن قوشۇن چېكىندۈرگەن ⟨102⟩ . بۇ يەكەن
خانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ پەرغانە رايونىنى قايتۇرۇۋېلىشقا تېخى
قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان
(1533 - 1560) تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن قازاقلار بىلەن
قىرغىزلارغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تاشقى سىياسەتنى تەرتىپكە
سېلىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە توغرا كەلگەچكە، تەبىئىيكى،
قوشۇن چىقىرىپ پەرغانىگە ھۇجۇم قىلالمايتتى ⟨103⟩ . شۇنىڭدىن كېيىنكى
خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە بۇ ھەقتە ئاساسەن مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان.
ئابدۇرېھىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، ھىجرىيە 1050-
يىلى (1640 - 1641) دىن باشلاپ پەرغانە رايونىغا ئۈچ قېتىم ھەربىي
يۈرۈش قىلغان: بىرىنچى قېتىمدا ئۇشنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
قىرغىزلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاچقا، قوشۇن چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر
بولغان، ئىككىنچى قېتىمدا ئەنجاننى ئىشغال قىلىپ، قەشقەرگە قايتىپ
كەلگەن؛ ئۈچىنچى قېتىمدا «خان ئەمدىلا ئەنجاندىن قايتىپ كەلگەندە،
ئەنجان ئاھالىلىرى يەنە ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتكەن» ،

ئابدۇكېرىمخانمۇ «ئەسكەرلىرىنى قايتىدىن قوراللاندۇرۇپ» ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىغان، «خان ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قايتقان، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ پايتەختكە كەلگەن» (104). مەھمۇد جوراسنىڭ ئەگىشىپ ئېيتقان بايانلىرىدىن ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يۈرۈشىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، ئۇنىڭ ئۆزبېكلەر زېمىنى بىلەن بولغان چېگرىسى ئاساسەن ئالاي تېغىنى پاسىل قىلغان.

1514 - يىلى سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرىنىڭ يەكەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن بەدەخشاننىڭ ئۈستۈن ھازار دېگەن يېرىدىكى بەزى جايلارنى، يەنى خىۋە (پەنج دەرياسىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق رايون) دىن ۋاخان (ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىدىكى ۋادا) غىچە بولغان جايلارنى «خوددى قەشقەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلارغا ئوخشاش، بىر نەچچە كىچىك (تەۋە) رايونغا بۆلۈپ» (105)، ئەمىر بەگ مۇھەممەدنى ئۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىن بەدەخشاننىڭ ھۆكۈمرانى مىرزاخان سېرىق چوپاننى ئىشغال قىلىۋالدى، سەئىدخان ئۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاقىلەشكەن بولسىمۇ، ئۇنۇمى چىقمىغاچقا، 1518 - يىلى قوشۇن باشلاپ بەدەخشانغا كىردى. مىرزاخان قالائى زافار دېگەن جايغا چېكىندى، يەكەن خانلىقى بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1529 - يىلى بەدەخشاندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز بەرگەندە، سەئىدخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ رايونغا يەنە بىر قېتىم كىردى. ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى قالائى زافار شەھىرىگىچە ئىلگىرىلەپ بېرىپ، شۇ يەردىكى ھۆكۈمراندىن بىر قىسىم جايلارنى بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇ تەلەپ رەت قىلىندى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنى شەھەرنى ئىشغال قىلالماي، ئەتراپتىكى جايلارنى بۇلاپ - تالاپ يەكەنگە قايتتى. سەئىدخان يەكەنگە قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئىمپېراتور بابۇر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ يازغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالدى (106). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يەكەن خانلىقى بەدەخشان تەرەپلەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلمىدى، مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى

رەشىدى» نى يازغانغا قەدەر (1541 ـ 1547)، يەكەن خانلىقى ئۇستۇن هازاردىكى بەزى جايلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى ‹107›. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» غا ئاساسلانغاندا، ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 ـ 1592) مۇھەممەد تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن 12 - ئىنىسى ئابدۇرېھىم سۇلتانغا سارىقول بىلەن ۋاخان رايونىنى بۆلۈپ بەرگەن ‹108›. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكىمۇشكىن مۇنداق دەيدۇ: «قارىغاندا، ئاپتورىمىز (شاھ مەھمۇد جوراسنى دېمەكچى) سارىقولنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى بىلەن تاغدۇمباش ۋادىسىدىكى ۋاخاننىڭ شەرقىي قىسمىنى ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ زېمىنى دەپ ھېسابلىغان بولسا كېرەك» ‹109›. شاھ مەھمۇد جوراس مۇھەممەدخان (1609 ـ 1952) نىڭ تۆھپىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىنى «سارىقولدىن كېنى لەئلە رايونىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى» ‹110› دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «كېنى لەئلە»، يەنى قىزىل ياقۇت كېنى بېرونى يازغان «مەدەنشۇناسلىق» ناملىق كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بەدەخشاندا ئىكەن ‹111›، شۇڭا شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، 1600 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىن دائىرىسى پۈتكۈل پامىرنى ۋە پەنج دەرياسىنىڭ غەربىدىكى خىۋەنى ھەمدە ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىدىكى ۋاخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1609 ـ 1618) دا، يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى زېمىن دائىرىسى يەنىلا «سارىقولدىن بەدەخشانغىچە بولغان جايلار» ‹112› نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئابدۇلېتىپخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1619 ـ ؟ 1631) دە، ئۇ مىرزا قۇربان جوراسنى سارىقول رايونىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن ‹113›؛ ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 1048 - يىلى (1638 ـ 1639) يەكەن خانلىقىنىڭ خاقانى بولغاندىن كېيىن شاۋاز جوراسنى بۇ

رايوننى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن ‹114› . تەخمىنەن ھىجرىيە 1050- يىلى (1640 ـ 1641) ئابدۇكېرىمخان ئۆزى قوشۇن باشلاپ بولۇر بىلەن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلغان، خان «ئۈچ ئايغا يېقىن داۋاملاشقان بىر قېتىملىق يۈرۈشتە بەدەخشاننى بويسۇندۇرغان ھەمدە پايتەختكە قايتقان» ‹115› ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

### (5) شىمالىي تەرىپى تىيانشان تىزمىسىنى پاسىل قىلىپ، قازاقلارنىڭ، قىرغىزلارنىڭ، ئويراتلارنىڭ زېمىنى بىلەن قوشنا بولغان

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا ئۇۋەيسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1417 ـ 1432) دىلا بېشبالىقنى مەركەز قىلغان شەرقىي موغۇلىستاننى ئويراتلار ئىگىلىۋالغانىدى، سۇلتان ئۇۋەيسخان «قەبىلىلىرىنى غەربكە كۆچۈرۈپ، دۆلەت نامىنى ئىلبالىققا ئۆزگەتكەن» ‹116› ، يەنى پايتەختىنى ئىلبالىق (بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرى) قا يۆتكىگەن. كېيىن ئەھمەدخان تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1487 ـ 1502) دە، ئۇ ئويراتلارغا كۆپ قېتىم يۈرۈش قىلىپ، «جەڭلەردە غەلىبە قازىنىپ، رەقىبىنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالغان» ‹117› . قارىغاندا، ئۇ شەرقىي قىسىم موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋالالمىغان بولسا كېرەك، قايتۇرۇۋالغان بولسا، مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات بۇ ئىشنى ئالاھىدە مۇبالىغە قىلىپ يازغان بولاتتى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى — شاھخان 1565 ـ يىلى ئويراتلارغا قىلغان «غازات» تا ئۆلگەن ‹118› .

1570 ـ يىلى يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغاندىن كېيىن تۇرپان نائىبى ئاساسەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان، چالىش (قاراشەھەر) ، قۇمۇلدىن ئىبارەت ئۈچ جاينى باشقۇرغان، بەزىدە كۇچامۇ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگەن، ئۇنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جايلارنى باشقۇرغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسىم رايونى شەرقىي قىسىم چاغاتاي

خانلىقىغا مەھمۇدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1487 ـ 1508) نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. كېيىن قازاقلارمۇ بۇ رايونغا كىرىپ، سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى شەھەرلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇزاققىچە ئۇرۇشقان ‹119› .

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشىگە ئەگىشىپ، قىرغىزلار تەدرىجىي موغۇلىستاننىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى سىياسىي كۈچكە ئايلانغان، كېيىن ئۇلار بۇ رايونغا كىرگەن قازاقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىنى ئاساسەن كونترول قىلغان.

يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەر ئىككىلىسى موغۇلىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى، ئالدى بىلەن موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان. 1517 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان قوشۇن چىقىرىپ موغۇلىستاندىكى قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلغان، بۇ قوشۇن قىرغىزلارنىڭ سەردارى مۇھەممەدنى ئەسىر ئېلىپ قايتقان ‹120› . 1522 ـ يىلى يەكەن خانلىقى زېمىن ئىگىلەش مەقسىتىدە يۈرۈش باشلىغان، سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى قوشۇن باشلاپ يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇ ھەربىي جەھەتتە بەزى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن «قىرغىزلارنى تىنچىتالمىغان» ‹121› . تاھىرخان قىرغىزلار ئۆزبېكىستاندىكى قازاق خانلىقىغا قېچىپ بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1525 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ ئوتتۇرا قىسىم موغۇلىستانغا كىرگەن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتبېشى دېگەن جايغا چېكىنگەن. 1526 ـ يىلى قىپچاق دالاسىدا مانغىتلار باش كۆتۈرۈپ چىققاچقا، قازاقلاردىن «200 مىڭ كىشى تىرىكچىلىك قىلىشقا چارىسىز قېلىپ» ‹122› ، موغۇلىستانغا كېلىپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇزاققىچە ئولتۇراقلاشماقچى بولغان، سۇلتان سەئىدخان «ئادىمى كۆپ ئۆزبېكلەرگە (قازاقلارغا ـ نەقىل ئالغۇچىنىڭ ئىزاھى) تاقابىل تۇرۇشقا مادارى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە» ، «سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە موغۇلىستاندىكى بارلىق

موغۇللارنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتقان» ‹123› . شۇنداق قىلىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتى بەش يىلدىن كېيىن ئاياغلاشقان.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن سىرتقا قارىتا تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشىپ، موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا بارلىق كۈچى بىلەن تاقابىل تۇردى. 1537 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئۆزبېك شەيبانى خانلىقىنىڭ خانى ئۆبەيدۇللانىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا قازاقلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تارمار قىلدى ‹124› . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەكەن خانلىقى موغۇلىستاننى يەنە تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزدى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى ئاقسۇ بىلەن ئۈچنىڭ (ئۈچتۇرپاننىڭ) نائىبلىقىغا تەيىنلىدى، «ھەفت ئىقلىم» دا خاتىرىلىنىشىچە، «ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن موغۇلىستانغا بېرىپ بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان، قىرغىزلار ۋە قازاقلار بىلەن ئۇدا جەڭ قىلىپ غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر ئۆلتۈرۈلگەن» ‹125› . سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوغلى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلاپ، تەخمىنەن 1556 ـ يىلى ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ ھەمكارلىششى بىلەن يەنە بىر قېتىم قوشۇن چىقىرىپ رەقىبلىرىنى ئىلى دەرياسى بويلىرىغىچە قوغلاپ بېرىپ، قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ‹126› . تارىخىي كىتابلاردا، ئۇنىڭ موغۇلىستاندا قوشۇن قالدۇرغانلىقى ياكى رەقىبلىرىنىڭ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان.

«بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» ناملىق كىتابتا، ئابدۇكېرىمخان (1560 ـ 1592) قازاقلار بىلەن قىرغىزلارغا كۆپ قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى ھەمدە ھەر قېتىم غەلىبە قازانغانلىقى ‹127› خاتىرىلەنگەن، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا

خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەد سۇلتان قەشقەرگە نائىب بولغان چاغدا، چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەرياسى بويىدىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغان‹128›، ئۇلار ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغان بولسىمۇ، يۈرۈش قىلغان جايلىرىنى ئىشغال قىلمىغان. شۇڭا، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا مۇھەممەدخان بىلەن ئەھمەدخاننىڭ زېمىن دائىرىسى ئۈستىدە توختالغاندا، موغۇلىستاننى تىلغا ئالمىغان، ئۇلارنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى زېمىنلىرى: قەشقەر، ئاقسۇ، چالىش، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇل ‹129› دىن ئىبارەت تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئىدى. ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 ـ 1592) دىن كېيىن ئۇزاققىچە موغۇلىستان توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1639 ـ 1667) گە كەلگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ قىرغىزلارغا بىر قېتىم يۈرۈش قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. شاھ مەھمۇد جوراس: «كىشىلەر قىرغىزلارنى تۈركىستان جاڭگىلىنىڭ شىرلىرى دەپ ئاتىشىدۇ» ‹130› دەيدۇ. بۇ ئەينى چاغدا قىرغىزلار موغۇلىستاندىكى مۇھىم سىياسىي كۈچلەرنىڭ بىرىگە، يەكەن خانلىقىنىڭ قورقۇنۇچلۇق رەقىبىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىز يۇقىرىقىلاردىن، يەكەن خانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى زېمىن دائىرىسى ئاساسەن تىيانشان تىزمىلىرىنى پاسىل قىلغانلىقىنى، پەقەت سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەۋرلىرىدىلا ئىككى قېتىم تىيانشاندىن ئۆتۈپ موغۇلىستاننى كونترول قىلغانلىقىنى، لېكىن كونترول قىلغان ۋاقتى خېلى قىسقا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## ئىزاھلار:

① «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 434 - بەت.

② ئابدۇرەشىدخان 1509 - يىلى ئەنجاندا ئۆزبېكلەرنىڭ تۈرمىسىدە تۇغۇلغان. شۇ چاغدا سەئىد كابۇلغا قېچىپ كەتكەنىدى، سۇلتان سەئىدخان ئەنجانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ئابدۇرەشىدخان ئاندىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن.

③ بۇ مەلۇمات «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 435- بېتىدىكى خاتىرىگە ئاساسلىنىلدى، لېكىن بۇ كىتابنىڭ 1 - قىسىم، 369 - بېتىدە «940 - يىلى مۇھەررەمنىڭ 10- كۈنى» دېيىلگەن، بۇ كىتابنى ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلغۇچى بۇنى مىلادى 1533- يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دېيىش خاتا، ئۇ 1533- يىل 8- ئاينىڭ 1 - كۈنى بولۇشى كېرەك، دەپ ئىزاھ بەرگەن. لېكىن ئۇنى «تارىخى ھەيدەر» ، «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») ، «قەشقەر تارىخى» قاتارلىق تارىخى كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرساق، يۇقىرىقى ۋاقىت 939 - يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى (1533 - يىل 7- ئاينىڭ 22 - كۈنى) بولۇشى كېرەك، تەپسىلاتىنى خرونىكىنى تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ 258 - بەتتىكى 33 - ئىزاھىدىن كۆرۈڭ.

④ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكىمۇشكىن ھىجرىيە 939- يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى (1533 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) چارشەنبە بولماستىن، سەيشەنبە دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنى چىن خۇەن ئەپەندى تۈزگەن «24 تارىختىكى كەبىسە كۈنلەر جەدۋىلى» گە سېلىشتۇرساق، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى بىلىمىز. لېكىن، ئاكىمۇشكىن يەنە بۇ مۇسۇلمانلار يىلنامىسىنىڭ ئادىتى بىلەن، يەنى بىر كۈن تۈن كېچىدىن ئەمەس، بەلكى كۈن ئولتۇرغان چاغدىن باشلاپ ھېسابلىنىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (خرونىكىنى تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ 258 - بەتتىكى 33 - ئىزاھى) ، دەيدۇ. ئەمما، بۇ گەپ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى ئاي، كۈن ۋە ھەپتە مەلۇم بىر ۋاقىت (مەسىلەن، كۈننىڭ ئولتۇرۇشى) تا ئالمىشىدۇ، ھەرگىز بۇ ۋاقىت ئالدى - كەينىدە كېلىپ، كۈن، ئاي ۋە ھەپتىنىڭ بىر كۈن ئالمىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

⑤ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 435 - بەت.

⑥ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 441 - بەت.

⑦ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 443 - بەت.

⑧ TR ، 459 - بەت ھەمدە «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2- قىسىم، 448 - بېتىگە قاراڭ.

⑨ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 449 - بەت.

⑩ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 371 - بەت.

⑪ خرونىكا 154 - بەتكە قاراڭ. «تارىخى ھەيدەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، مەنسۇرخان يەكەن خانلىقىغا جەمئىي ئۈچ قېتىم، يەنى ھىجرىيە 942 - يىلى (1535 ـ 1536) ، 943 - يىلى (1536 ـ 1537) ۋە 946- يىلى (1539 ـ 1540) ھەربىي

يۇرۇش قىلغان (سابىق لېنىنگراد دۆلەتلىك ئاممىۋى كۇتۇپخانىدا NHC 230 نومۇر قويۇلۇپ ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىنىڭ 428 - بېتى، خىرونىكىدا نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 259 - بەتتىكى 35 - ئىزاھى). لېكىن، بۇ يىللار كېيىنرەك دېيىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، بولۇپمۇ 1 - قېتىملىق ھەربىي يۇرۇش سەئىدخان ئۆلۈپ ئۈچ يىلدىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، بۇ «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» دېگەن سۆزگە توغرا كەلمەيدۇ.

⑫ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 372 - بەت.

⑬ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 440 - بەت.

⑭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قانچە ئوغلى بارلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلەر بىردەك ئەمەس. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر 13 ئوغلى بار دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەمىن ئىبن ئەھمەد رازى يازغان «ھەفت ئىقلىم» («يەتتە ئىقلىم») ۋە ھەيدەر ئىبن ئەلى يازغان «تارىخى ھەيدەر» دېگەن كىتابقا قارراڭ؛ ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر توققۇز ئوغلى بار، دەيدۇ. بۇ ھەقتە مەھمۇت ئىبن ۋەلى يازغان «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») گە قاراڭ؛ ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر 12 ئوغلى بار دەيدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «يىلنامە» بىلەن نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» غا قاراڭ. بۇ كىتابتا ئۈچىنچى خىل قاراش ئاساس قىلىندى. بۇ 12 ئوغۇلنىڭ ئىسمىلىك رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: ئابدۇلېتىپ، ئابدۇكېرىم، ئابدۇرېھىم، ئىبراھىم (سوپى دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر)، مەھمۇد، ئەبۇ سەئىد، قۇرەيىش، مۇھەممەد باقى، مۇھەممەد شاھ، يۇنۇس، ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم (سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆلۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلغان). تەپسىلاتىنى خىرونىكىنىڭ 154 -، 155 -، 157 - بەتلىرىدىن ۋە تەرجىمانىنىڭ 261 -، 262 - بەتلىرىدىكى 44 - ئىزاھتىن كۆرۈڭ.

⑮ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 372 - بەت.

⑯ تەپسىلاتىنى خىرونىكا، تەرجىماننىڭ 266 -، 269 - بەتلەردىكى 58- ئىزاھىدىن كۆرۈڭ.

⑰ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 372 - بەت.

⑱ خىرونىكا، 155 - بەت.

⑲ «ھەفت ئىقلىم» («يەتتە ئىقلىم»)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا C 17P 5 - نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقان قولىيازما، 611 - بەتنىڭ كەينى يۈزى، خىرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىماننىڭ 263 - بەتتىكى 48 - ئىزاھى.

⑳ خىروونىكا، 155 ـ بەت.

㉑ «تارىخى ھەيدەر» نىڭ قولىيازمىسى، 428 ـ بەتنىڭ كەينى يۈزى ۋە 429 ـ بەتنىڭ ئالدى يۈزىدە ئۇنىڭغا «ئوقىيا ئوقى تەگكەچكە» ، «ئۇنىڭ ئىشلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى» دېيىلگەن؛ خىروونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 264 ـ، 265 ـ بەتلەردىكى 53 ـ ئىزاھى.

㉒ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا C 576 نومۇر قويۇلۇپ ساقلىنىۋاتقان قولىيازما 62 ـ بېتىنىڭ كەينى يۈزى، 63 ـ بېتىنىڭ ئالدى يۈزى؛ « XV ـ XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، س. ك . ئىبراھىموف، ن . ن . مىنگولوف، ك . ئا. پىشۇلىنا، ۋ . پ . يۇدىنلارنىڭ ماقالىلىرى، ئالما ـ ئاتا، 1969ـ يىل، تۈۋەندە قىسقارتىپ MNKX دەپ ئاتىلىدۇ، 412 ـ، 413ـ بەتلەر.

㉓ خىروونىكا، 156 ـ بەت.

㉔ سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «قازاق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخى» (ئالما ـ ئاتا، 1979 ـ يىل) دىمۇ ئاساسەن يۇقىرىقىغا ئوخشاش كۆز قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بۇ قېتىمقى جەڭ XVI ئەسىرنىڭ «50 ـ 60 ـ يىللىرى» دا يۈز بەرگەن، دەپ قارالغان ( 2 ـ توم، 274 ـبەت) . لېكىن، «تارىخى ھەيدەر» دە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن باراقخان (ئەسلىي تېكىستتە بوداگخان، يەنى نەۋرۇز ئەھمەدخان) نىڭ بىرلەشمە قوشۇنى 951ـ يىلى (1544 ـ 1545) قازاقلارغا ھۇجۇم قىلدى، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ھەمدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن نەۋرۇز ئەھمەدخان مۇھەممەد بارلاسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سىڭلىسىنى نەۋرۇز ئەھمەدخانغا ياتلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزدى، دېيىلگەن («تارىخى ھەيدەر» نىڭ قولىيازمىسى، 417 ـ بەتنىڭ كەينى يۈزى، خىروونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 268 ـ، 269 ـ بەتلەردىكى 58 ـ ئىزاھى) . «قەشقەر تارىخى» دىمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مۇھەممەد خاننى ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان («قەشقەر تارىخى» نىڭ قولىيازمىسى، 62 ـ بەتنىڭ كەينى يۈزى ۋە 63 ـ بەتنىڭ ئالدى يۈزى؛ MNKX تىن

نەقىل ئېلىنغان، 413 - بەت). مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» نىڭ 2 - قىسمىدا: «يېقىندا مۇھەممەد قازا قىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم» دېگەن. («تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 440 - بەت.) بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى 1 - قىسىمنىڭ «خاتىمە»سىدە، بۇ قىسىم ھىجرىيە 953 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرى (1547 - يىل 2 - ئاي) دا يېزىلىپ تاماملاندى، دېگەن، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ 2 - قىسمى ئۇنىڭدىن بۇرۇن تاماملانغاندى. بۇ مۇھەممەد بارلاس ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1547 - يىلدىن بۇرۇن ئۆلگەنلىكىنى، چۈنكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن نەۋرۇز ئەھمەدخاننىڭ بىرلەشمە قوشۇنى قازاقلارنى مەغلۇپ قىلغان يىلى ئەڭ كېچىككەندىمۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن، ھەيدەر ئىبىن ئەلى يەنە ئابدۇلېتىپ سۇلتان 29 يېشىدا ئۆلگەن، 1547 - يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ ئاران 38 ياشتا ئىدى، دەيدۇ. نۇرغۇن تارىخىي كىتابلاردا يىل - دەۋر خاتىرىلەنمىگەنلىكى، يەنە كېلىپ يىل - دەۋر خاتىرىلەنگەن بىردىنبىر كىتاب — «تارىخى ھەيدەر» دىكى مەلۇماتلارمۇ زىددىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ھازىرچە شۇ قېتىمقى ئۇرۇش يۈز بەرگەن ئېنىق يىلنى بېكىتىشكە ئاجىزمىز.

㉕ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 173 - بەت.

㉖ TR، 148 - بەت ھەمدە «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 376 - بەتكە قاراڭ.

㉗ «ھەفت ئىقلىم» («يەتتە ئىقلىم») نىڭ قولىيازمىسى، 611 - بەتنىڭ كەينى يۈزى؛ خىرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىماننىڭ 262- بەتتىكى 44 - ئىزاھى.

㉘ خىرونىكا، 154 - بەت.

㉙ خىرونىكا، تەرجىماننىڭ 66 - ئىزاھى: «يەنى خاننىڭ ھەشەمەتى ۋە قائىدە- يوسۇنىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئادەتتىكى سەيلە - ساياھەت، قەلەندەر - مۇساپىر بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان دەرۋىش، ئۇ ئۆزىنى پانىي دۇنيادىكى خۇشاللىقلاردىن چەتكە ئېلىشى كېرەك (لېكىن ئۇ ھەۋەسنى چەكلىگۈچى ئەمەس)، ئۇنىڭ كۆزلەيدىغان ئاساسلىق نىشانى مەنىۋى جەھەتتىكى تەكىۋۇللۇق ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى تەسەللىدىن ئىبارەت.» (270 - بەت).

㉚ خرونىكا، 157 ـ، 158 ـ بەتلەرگە قاراڭ. «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») غا، ئابدۇكېرىم سۇلتان «ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن» (ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان ئىشلىرى بۆلۈمىدە 1496 ـ نومۇر قويۇلۇپ ساقلىنىۋاتقان قولىيازما؛ 82 ـ بەتنىڭ ئالدى يۈزى؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 273 ـ بەتتىكى 74 ـ ئىزاھى).

㉛ خرونىكا، 159 ـ، 160 ـ بەتلەر.

㉜ خرونىكا، 161 ـ بەت. نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇمات بار: «خان ئادىللىقى بىلەن داڭق چىقاردى، ئۇ ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم دەۋالارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر يېنىدا قازى بىلەن مۇفتى، يەنە بىر يېنىدا ۋەزىر بىلەن ھاكىم ئولتۇراتتى. شەرىئەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قازى بىلەن مۇفتى بىر تەرەپ قىلاتتى. قائىدە ـ نىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋەزىر باشچىلىقىدىكى ئەمىرلەر بىر تەرەپ قىلاتتى» دېيىلگەن (بارتولد: «تۈركىستاندىكى كاماندىروپكىدىن خۇلاسە» گە قاراڭ، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن، موسكۋا، 1973 ـ يىل، 8 ـ توم، 175 ـ بەت).

㉝ «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى»)، 82 ـ بەتنىڭ كەينى يۈزى؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 274 ـ بەتتىكى 91 ـ ئىزاھى.

㉞ «ئابدۇمانان تەزكىرىسى»، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا 231 A (C581a) نومۇر قويۇلۇپ ساقلىنىۋاتقان قولىيازما، 11 ـ بەتنىڭ ئالدى يۈزى، خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 274 ـ بەتتىكى 91 ـ ئىزاھى.

㉟ ئابدۇكېرىمخاننىڭ ۋاپات بولغان يىلى توغرىسىدىكى دەلىل ۋە ھۆكۈمنى خرونىكىدىن، تەرجىمانىنىڭ 271 ـ، 279 ـ 280 ـ بەتلەردىكى 69 ـ، 115 ـ، 116 ـ ئىزاھلىرىدىن كۆرۈڭ.

㊱ خرونىكا، 170 ـ بەت.

㊲ خرونكا، 170 - بەت.

㊳ «قەلب نۇرى» نىڭ ئاپتورى تەخمىنەن 50 مىڭ كىشى دەيدۇ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا A1615 - نومۇر قويۇلۇپ ساقلىنىۋاتقان قولىيازما، 30 - بەتنىڭ كەينى يۈزى، 31 - بەتنىڭ ئالدى يۈزى؛ خرونكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 285 - بەتتىكى 137 - ئىزاھى). ئاكمۇشكىن بولسا يەنىلا خېلى كۆپ دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇ «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ئاپتورىنىڭ 100 كىشى دېگىنىگە قارىغاندا ئەمەلىيەتكە خېلى يېقىن.

㊴ شاھ مەخمۇد جوراس يازغان «ئەنىس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى»)، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا Pers . 45 - نومۇر قويۇلۇپ ساقلىنىۋاتقان قولىيازما، 107 - بەتنىڭ كەينى يۈزى؛ خرونكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 285 - بەتتىكى 137 - ئىزاھى.

㊵ بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىردەك ئەمەس. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخچى شاھ مەھمۇد جوراس ئۆزبېكلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچتى، ئالاي ياپلىقىدا يەنە قوغلاپ كەلگۈچىلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئۇلار بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە جەمئىي 40 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم چىقىم تارتتى، دەيدۇ (خرونكا، 174 - بەت). لېكىن، چەت ئەللىك ئاپتور مەھمۇد ئىبن ۋەلى «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») ناملىق كىتابىدا، يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى ئاخىر مەغلۇپ بولدى، خان شەھەرگە قايتىپ ئۇنى چىڭ ساقلىدى؛ ئۆزبېك قوشۇندىكىلەر بۇ ئەلنى بۇلاپ - تالىغاندىن كېيىن ماۋرائۇننەھرگە قايتتى، دەيدۇ (كۆچۈرمە نۇسخا 84 - بەت؛ خرونكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 286 -، 287 - بەتلەردىكى 146 - ئىزاھى). قارىغاندا، ئۆزبېكلەر بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان، ئۇلار يەكەن خانلىقىنىڭ ھېچقانداق چوڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلالماي، ئاخىر يەنە چېكىنگەن، بۇ يەكەن خانلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا زور غەلىبە ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

㊶ خرونكا، 173 -، 174 - بەتلەرگە قاراڭ.

㊷ «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق

روھىنىڭ سىرلىرى») ، 84 - بەتنىڭ ئالدى يۈزى؛ خىرونىكىدىن ئېلىنغان نەقىل؛ تەرجىمانىنىڭ 290 -، 291 - بەتلەردىكى 167 - ئىزاھى.

㊸ خىرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 163 - ئىزاھىدا: «ئېھتىمال، بۇ يەردە ئېيتىلغان جاي بەدەخشاندىكى قىزىل ياقۇت كېنى بولسا كېرەك» دېيىلگەن (290 - بەت).

㊹ خىرونىكا، 177 - بەت.

㊺ خەلىپە، مەنىسى ئىز باسار، ۋەكالەتچى مەنىسىدە، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نىڭ پارسچە ئەسلى تېكىستىنىڭ بەزى جايلىرىدا خەلىق دېيىلگەن، ئۇ ئادەتتە خەنزۇچىدا «HA LI FA» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ، خەلىفە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسلام دۆلەتلىرىدە ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنى بىرلەشتۈرگەن داھىينىڭ نامى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسىدىمۇ ئۇنىڭ يېزىلىشىدا پەرق بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەلفە ۋە خەلىفە دەپ يېزىلغان («ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» كە قاراڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى) . ئېلىمىز خۇيزۇلىرىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا خەلىپە دېگەن نام بەزىدە «HAI LI FA » دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

㊻ «بېنېدىكتىنىڭ قىتاي (جۇڭگو) دىكى زىيارەت خاتىرىسى» ، جاڭ شىڭلياڭنىڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، 2 - قىسىم، 495 - بەت، فۇرېن ئۇنىۋېرسىتېتى، 1930 - يىل.

㊼ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 350 - بەت.

㊽ خىرونىكا، 166 -، 168 - بەتلەرگە قاراڭ.

㊾ خىرونىكا، 166 - بەتكە قاراڭ.

㊿ «مىڭ شىزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 556 - جىلد، جياجىڭنىڭ 45- يىل 3 - ئاينىڭ رېنيەن كۈنى.

(51) شى ماۋخۇا: «شەنشى ۋالىيسى يى ئەننىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» 6 - جىلد، «يىراقتىكى تائىپىلەرنىڭ شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تارتۇق تەقدىم قىلىشىنى ئۆتۈنگەنلىكى توغرىسىدا» ؛ چېن گاۋخۇا: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل- تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، 421 - بەت ھەمدە ۋېي لياڭتاۋنىڭ «مىڭ سۇلالىسى دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ

شەجەرىسى — قوشۇمچە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ، «تارىخ تەتقىقاتى»، 1986 ـ يىل، 6 ـ سان.

(52) «مىڭ شىزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 56 ـ جىلد، جىياجىڭنىڭ 45- يىل 3 ـ ئايىنىڭ رېنيەن كۈنى.

(53) «قەشقەر تارىخى» كۆچۈرمە نۇسخا، 71 ـ بەتنىڭ ئالدى يۈزى، خىرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىڭ 382 ـ بەتتىكى 123 ـ ئىزاھى.

(54) شى ماۋخۇا: «شەنشى ۋالىيسى يى ئەننىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» 6 ـ جىلد، «يىراقلىقتىكى تائىپىلەرنىڭ شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تارتۇق قىلىشىنى ئۆتۈنگەنلىكى توغرىسىدا»؛ «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل-تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 419 ـ بەت.

(55) «مىڭ سۇلالىسى مۇزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 49- جىلد، لۇڭچىڭنىڭ 4 ـ يىل 9 ـ ئايىنىڭ جياشۇي كۈنى.

(56) شى ماۋخۇا: «شەنشى ۋالىيسى يى ئەننىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپلىرى» 6 ـ جىلد، «يىراقتىكى تائىپىلەرنىڭ شاپائەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تارتۇق قىلىشىنى ئۆتۈنگەنلىكى توغرىسىدا»؛ «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل - تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 419 ـ بەت.

(57) «مىڭ سۇلالىسى شىنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 37 ـ جىلد، ۋەنلىنىڭ 3 ـ يىل 4 ـ ئايىنىڭ شىنيى كۈنى، 49 ـ جىلد؛ ۋەنلىنىڭ 4 ـ يىل 4- ئايىنىڭ چېيى كۈنى؛ 92 ـ جىلد، ۋەنلىنىڭ 7 ـ ئايىنىڭ 10 ـ كۈنى بىڭزى كۈنى.

(58) مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى بۇ ۋەقە توغرىسىدا مەلۇمات چۇۋالچاق ۋە ئۇلاردا ئۇنىڭ ئېنىق يىل دەۋرى يوق، «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى»)، «ئەنىس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى») ۋە «ئەكبەرنامە» لەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ ھەقتە مەلۇمات بار، تەپسىلاتىنى خىرونىكىدىن كۆرۈڭ، تەرجىماننىڭ 280 ـ، 281- بەتلەردىكى 118 ـ ئىزاھى.

(59) «مىڭ سۇلالىسى شىنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 142 ـ جىلد، ۋەنلىنىڭ 11 ـ يىل 10 ـ ئايىنىڭ ۋۇۋۇ كۈنى.

(60) خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 280 ــ، 281 ـ بەتلەردىكى 118 ـ ئىزاھى ۋە 278ـ بەتتىكى 108 ـ ئىزاھىغا قاراڭ.

(61) خرونىكا، 176 ـ بەت.

(62) «قەشقەر تارىخى» كۆچۈرمە نۇسخا، 72 ـ بەتنىڭ ئوڭ يۈزى؛ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 289 ـ بەتتىكى 155 ـ ئىزاھىدىن نەقىل ئېلىندى. بۇ ۋاقىت خەنزۇچە تارىخىي كىتابلار ئارقىلىق دەلىللەندى، 1583 ـ يىلى خۇدابەندى سۇلتان تۇرپاندا «يېڭى خان» بولغان («مىڭ سۇلالىسى شىنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 142 ـ جىلد، ۋەنلىنىڭ 11 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ۋۇۋۇ كۈنى). ئاخىرقى قېتىم «ئەلچى ئەۋەتىپ ئوردىغا تارتۇق تەقدىم قىلغان» ۋاقىت 1594 ـ يىلى (273 ـ جىلد، ۋەنلىنىڭ 22 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ يىچيۇ كۈنى). ئاكمۇشكىن خۇدابەندى سۇلتان تۇرپانغا ئۈچ يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەپ قاراپ، ئۇنىڭ 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىيال ئاساسى كەم بولغاچقا، ئۇنىڭ قارىشىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشى قىيىن.

(63) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 329 ـ جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» I .

(64) «مىڭ سۇلالىسى شىيەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 226 ـ جىلد، چېڭخۇانىڭ 18 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ كۈيچيۇ كۈنى.

(65) «مىڭ سۇلالىسى شاۋزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 20 ـ جىلد، خۇڭجىنىڭ تۇنجى يىلى 11 ـ ئاينىڭ بىڭشۇي كۈنى.

(66) شۈي جىن: «يات تائىپىلەرنى تىنچىتىشنىڭ ئۆتمۈشى»، «جىنشىڭ يۈيجېن توپلىمى» مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈلگەن.

(67) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 329 ـ جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» I ھەمدە «مىڭ سۇلالىسى شاۋزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 123 ـ جىلد، خۇڭجىنىڭ 10 ـ يىلى (1497 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ رېنشۇي كۈنى.

(68) ماۋۋېنشېڭ: «قۇمۇلنى قايتۇرۇۋېلىش خاتىرىسى»، «جىنشىڭ يۈيجېن توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن.

(69) بۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بەييامقا بېرىلگەن ئەستايىدىل باھادىر، «ئالاھىدە رايون توغرىسىدا دوكلات خاتىرىسى» 12 ـ جىلد «قۇمۇل» غا قاراڭ.

(70) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 329 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» I .

(71) ۋاڭ تىڭشياڭ: «ۋاڭ جەمەتىدە ساقلىنىۋاتقان تۈپلاملار» 29 - جىلد، «تۇرپان توغرىسىدىكى كىتابلار ھەققىدە خۇجىگىيەن بىلەن سۆھبەت»؛ «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل - تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 377 -، 378 - بەتلەر.

(72) كونتېكىست ۋە ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، «موگغۇل» ياساۋۇلخانىسى، يەنى چىچىن موگغۇل ياساۋۇلخانىسى، ئۇنىڭ ئورنى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۈيمىن شەھىرىنىڭ غەربىي چىچىن قەلئەسىگە، «خەندۇڭ» ياساۋۇلخانىسى، يەنى خەندۇڭ سول تەرەپ ياساۋۇلخانىسى، ئورنى شاجۇ ئايمىقىغا، يەنى بۈگۈنكى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.

(73) يەن سۇگجيەن: «ئالاھىدە رايون توغرىسىدا دوكلات خاتىرىسى» 14 - جىلد «چىچىن موگغۇل رايونى».

(74) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 330 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» II .

(75) «مىڭ سۇلالىسى شىزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 350 - جىلد، جياجىڭنىڭ 24 - يىلى (1545 - يىلى) 11 - ئاينىڭ كۈيمو كۈنى؛ 370 - جىلد، جياجىڭنىڭ 25 - يىلى (1546 - يىلى) 1 - ئاينىڭ بىڭشۈي كۈنى.

(76) «چىڭ سۇلالىسى شىڭزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 82 - جىلد، كاڭشىنىڭ 18 - يىل 7 - ئاينىڭ جياچېن كۈنى؛ 83 - جىلد، 7 - ئاينىڭ جياچېن كۈنى؛ 83 - جىلد، كاڭشىنىڭ 18 - يىل 8 - ئاينىڭ جىچيۇ كۈنى.

(77) «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 249 - بەت.

(78) تەن چىشياڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى»، 7 - قىسىم، 88 -، 89 - بەتلەر، خەرىتە نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى.

(79) TR، 406 - بەت.

(80) 儿 兀 長 里 撒 — سېرىق ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە بۇ نام 回 纥 ياكى 回 鹘 دەپ ئاھاڭ تەرجىمە قىلىنغان، «سېرىق ئۇيغۇرلار» گەنسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، «قارام تائىپىلەر» 4؛ «سۇڭنامە»

490 - جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى» 6.

(81) «مىلى سۇلالىسى تەيزۇ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 90 - جىلد، خۇڭۋۇنىڭ 7- يىل 2 - ئاينىڭ رىنشۇي كۈنى.

(82) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 330 - جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» II . «ئەندىڭ ياساۋۇلخانىسى» .

(83) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 330 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» II . «چۈيشيەن ياساۋۇلخانىسى» .

(84) «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 283 -، 284 - بەتلەر.

(85) «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 330 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» II . «غەربىي تائىپىلەر رايونىدىكى ياساۋۇلخانىلار» .

(86) بۇ ھىجرىيە 905 - يىلى (1499 - 1450) ئابابەكرى دوغلات شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەھمەدخاننىڭ قەشقەرگە قىلغان ھۇجۇمنى چېكىندۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

(87) «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 144 - بەت.

(88) «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 241 - بەت.

(89) ئۇ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئۈچۈن يازغان تىبەت ماددىسىغا قاراڭ، 1 - نەشرى، 3 - توم، 742 -، 743 - بەتلەر ھەمدە «بارتولد ماقالىلىرى» ، 3 - توم، 511 - بەت.

(90) «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 246 - بەت.

(91) «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى تەھرىرلىگەن ئېلىئاس مۇنداق دەيدۇ: «. . . تۈركىستان (شىنجاڭ - ت) دىن لاداخقا ھۇجۇم قىلغانلىق ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوقتەك قىلىدۇ. مىرزا ھەيدەر ئېيتقان ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ خىل ۋەقە XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەزمەن، دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان. . . ئەمىر مەجىدمۇ ئۇ رايونغا بېسىپ كىرگەن، ئەمما ئۇ ئۇ يەردە بېشىغا تاش چۈشۈپ ئۆلگەن. . . ئەمىر مەجىد ئۇ يەرگە بېسىپ كىرگەن ۋاقىت جەزمەن ھىجرىيە 923 - يىلى (مىلادى 1517- يىلى) » (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 369- بەتتىكى 1- ئىزاھ) .

بارتولدمۇ ئەمىر مەجىد 1517 ـ يىلى لاداخقا بېسىپ كىرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ («ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» 1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 743ـ بەتكە قاراڭ).

⑫ TR، 386 ـ بەت «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2ـ قىسىم، 343 ـ بەتكە قاراڭ.

⑬ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 424 ـ بەت.

(94) TR، 459 ـ بەت ھەمدە «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 448ـ بەتكە قاراڭ.

⑮ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىڭ 262 ـ بەتتىكى 44 ـ ئىزاھى.

⑯ خرونىكا، 154 ـ بەت.

⑰ «قەشقەر تارىخى»دا، بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش ئابدۇكېرىمخان مىرزا ئەمىر مۇھەممەدنىڭ ئىسيانىنى باستۇرغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان، دېيىلگەن، خرونىكا، تەرجىمانىڭ 308 ـ بەتتىكى 267 ـ ئىزاھى.

⑱ خرونىكا، 213 ـ بەت.

(99) TR، 320 ـ بەت ھەمدە «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 241ـ بەت.

(100) TR، 353 ـ بەت ھەمدە «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 292 ـ بەت.

(101) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 282 ـ بەت.

(102) «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 327ـ، 328 ـ بەتلەر.

(103) مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات: «ئۇ (سۇلتان ئابدۇرەشىدخان) ئۆزبېكلەر (قازاقلارنى كۆرسىتىدۇ ـ نەقىل ئالغۇچىنىڭ ئىزاھى) نى يەڭگەندىن كېيىن ئەنجان بىلەن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغان. لېكىن، بۇنىڭ تەپسىلاتىغا دائىر خەۋەرلەرنىڭ مەنبەسى ئىشەنچلىك بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلمىدى» دەيدۇ («تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 372 ـ بەت).

(104) خرونىكا، 214 ـ، 220 ـ، 200 ـ بەتلەر.

〈106〉 «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 346 ـ بەت.

〈107〉 «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 295 ـ بەت.

〈108〉 خىرونىكا، 170 ـ بەت.

〈109〉 خىرونىكا، تەرجىماننىڭ 283 ـ، 284 ـ بەتلەردىكى 132 ـ ئىزاھى.

〈110〉 خىرونىكا، 177 ـ بەت.

〈111〉 خىرونىكا، تەرجىماننىڭ 290 ـ بەتتىكى 163 ـ ئىزاھى.

〈112〉 خىرونىكا، 192 ـ بەت.

〈113〉 خىرونىكا، 200 ـ بەت.

〈114〉 خىرونىكا، 212 ـ بەت.

〈115〉 خىرونىكا، 213 ـ بەت.

〈116〉 «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332ـجىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» IV .

〈117〉 «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 338 ـ بەت.

〈118〉 «مىڭ سۇلالىسى شىنزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 556 ـ جىلد، جىياجىڭنىڭ 45 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ رىنيەن كۈنى ھەمدە خىرونىكا، 166 ـ بەتكە قاراڭ.

〈119〉 «قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى تارىخى» ، 2 ـ توم، 268 ـ، 276 ـ بەتلەرگە قاراڭ، ئالما ـ ئاتا، 1979 ـ يىل.

〈120〉 «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 285ـ، 288 ـ بەتلەر.

〈121〉 «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 325 ـ بەت.

〈122〉 «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 356 ـ، 357 ـ بەتلەر.

〈123〉 TR، 379 ـ بەت، «تارىخى رەشىدى» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 333 ـ بەتكە قاراڭ.

〈124〉 خىرونىكا، تەرجىماننىڭ 366 ـ، 369 ـ بەتلەردىكى 58 ـ ئىزاھى.

〈125〉 خىرونىكا، تەرجىماننىڭ 263 ـ بەتتە نەقىل ئالغان 48 ـ ئىزاھى.

〈126〉 خىرونىكا، 156 ـ بەت.

〈127〉 خىرونىكا، تەرجىماننىڭ 274 ـ بەتتىكى 91 ـ ئىزاھى.

〈128〉 خىرونىكا، 170 ـ بەت.

〈129〉 خىرونىكا، 177 ـ، 192 ـ بەتلەر.

〈130〉 خىرونىكا، 223 ـ بەت.

# بەشىنچى باب
# خانلىقنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە ھالاكىتى

## 1. خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

### (1) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئىسلام دىنى

X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاۋام خەلق ئارىسىدىمۇ ئىسلاملىشىش جەريانى باشلاندى. قاراختاي (غەربىي لياۋ) ئىمپېرىيىسى بىلەن چاغاتاي خانلىقى ئاساسەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، ئىسلام دىنى باشقا دىنلار بىلەن بولغان رىقابەتتە تېخىمۇ روناق تاپتى ۋە كېڭەيدى. بولۇپمۇ ئۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېخىمۇ تېز ئەۋج ئالدى. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە «شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى تامامەن ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولدى»، ئۇلارنىڭ ئىسلاملىشىشى «تارىخىي مۇقەررەرلىك» كە ئايلاندى①. ئوخشاشلا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زېمىنىدىكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئىسلاملىشىشىمۇ «تارىخىي مۇقەررەرلىك» بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ جەريان خېلىلا مۇرەككەپ ۋە ئۇزاق ۋاقىتتا تاماملاندى.

شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى قورچاق بولۇشنى خالىمىغان تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ھاكىمىيەت ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدىغان دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر بىردەك ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلام دىنىدىن مەدەت تىلەشتى، ئۇلار دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن كەڭ ئىسلام دىنى

مۇرىتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، 1353 - ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا دىنىي زاتلارنىڭ تەرغىباتى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق، ئەينى يىللاردىكى بۇددا دىنى مەركىزى بولغان تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىدىكى بارلىق پۇقرالار ئاساسەن ئىسلام دىنىغا كىردى[2]. بۇ دەۋردىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. مەۋلانە ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى بۇخارانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇجتەھىدى (دەلىللەشكە ئىشتىراك قىلمايلا ھۆكۈم چىقىرىدىغان فىقىھ، شەرىئەتنى شەرھلىگۈچى) خوجا ھەفىسدىنىنىڭ ئىنىسى شۇجائىدىن مەھمۇد ئىدى. شۇجائىدىن چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن تېخى يېڭى خان تەختكە ئولتۇرمىغان چاغدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ جەمەتى شۇ يەردە دىن تارقىتىشقا باشلىغان[3]. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى پۈتكۈل خانلىققا كېڭەيدى.

XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇۋەيسخان ماۋرائۇننەھردە سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا نەقشبەندى مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن بۇ مەزھەپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىردى. يۇنۇسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن نەقشبەندى مەزھىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا سۈرۈپ چىقىرىلدى، ھەتتا خوجا تاجىدىنمۇ نەقشبەندى مەزھىپىگە كىردى. شۇنداق قىلىپ XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نەقشبەندى مەزھىپى ئاتاقتا پۈتكۈل شەرقىي چاغاتاي خانلىقى زېمىنىغا كېڭەيدى.

## (2) نەقشبەندىيە مەزھىپى

نەقشبەندىيە مەزھىپى ئىسلام دىنىنىڭ سوپى مەزھىپىدىكى بىر كىچىك مەزھەپ بولۇپ، ئۇنىڭ نامى مۇشۇ مەزھەپنىڭ ئىجادچىسى نەقشبەندى (1317 — 1389 - يىللار) دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. بۇ مەزھەپ بىلەن ئادەتتىكى سوپى مەزھىپىنىڭ پەرقى شۇكى، ئۇنىڭدا توپلىشىپ تىلاۋەت قىلغاندا زىكىر (dhikr - ساما ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىلاھ بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى) كەلىمە - كەلىمەس ۋارقىراپ ئوقۇلماستىن، بەلكى پەس ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ. سوپى مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى بىر چوڭ مەزھەپ بولۇپ، VIII - IX ئەسىرلەردە ئىراندا پەيدا بولغان. بۇ سىرلىق، يېرىم راھىبلىق مەزھەپ. سوپى (Sufi) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «يىرىك يۇڭدىن توقۇلغان بۇيۇم»، «خام توقۇلما» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ نامرات، تەركىدۇنيا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا كۆپلىگەن سوپى مەزھىپى مۇرىتلىرى دەۋرىش بولۇپ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى تەشكىللەپ، بىر خىل زور ئىجتىمائىي سىياسىي كۈچكە ئايلانغان ۋە ھۆكۈمران سىنىپلار دائىم «غازات» قىلىشتا تايىنىدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالغان. سوپى مەزھىپى تاشقى ئېتىقاد شەكلىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، بەلكى ھەقىقىي ئىلاھنىڭ ئەقلىگە ئىنتىلىپ ئىلاھ بىلەن سىرلىق تۈردە بىرلەشمەكچى بولىدۇ. بەزى سوپى مۇرىتلىرى پانئىلاھچىلىق (پانتېئىزم) دۇنيا قارىشىغا يېتىپ (ئىلاھ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە، پۈتۈن دۇنيا ئىلاھنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە يورۇتۇشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەن قاراش)، «قۇرئان» دىكى ئاللا بىلەن ئادەم ئىلاھى ئوخشاش دېگەن ئۇقۇمدىن ھالقىپ كەتكەن. ئەڭ دەسلەپكى سوپى مەزھىپى ئىسلام دىنى ئىچىدە تەرىقەتچىلىك شەكىللىرىنى قوللانغان ئۆكتىچىلەر بولۇپ، تەرەققىي قىلىش ۋە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش جەريانىدا تەدرىجىي سۈننىي مەزھىپى بىلەن شىئە مەزھىپىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن. ھەر ئىككىلا مەزھەپ سوپى مەزھىپىنى قانۇنلۇق دەپ قارىغان. ئەڭ دەسلەپكى

سوپى مەزھىپى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ راھەت - پاراغەتتە ياشاپ خەلق ئاممىسىغا زالىملىق قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، پانىي ئالەمدە كەيىپ - ساپا سۈرۈشكە قارشى ۋەز ئېيتقان. ئۇ شەھەر - يېزىلاردىكى قول سانائەتچىلەر بىلەن تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ فېئوداللارنىڭ زۇلمىغا، بايلىق تەقسىماتىنىڭ ئادىلسىزلىقىغا كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى④. XI ئەسىردە سوپى مەزھىپى خۇراسان ۋە ماۋرائۇننەھردە كەڭ تارقالدى ۋە تەدرىجىي بىر خىل ئىجتىمائىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن سوپى مەزھىپى سىياسىي جەھەتتىن ئىككى چوڭ مەزھەپكە — خەلق مەزھىپى بىلەن فېئوداللار مەزھىپىگە ئايرىلدى. خەلق مەزھىپى يەنىلا قول سانائەتچىلەر (ھۈنەرۋەنلەر) ۋە تۆۋەن قاتلام ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالدى، ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر سوپى مەزھىپى ئالىملىرى ۋە شائىرلىرى يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، غەزاللىنىڭ «پەيلاسوپنىڭ مەقسىتى» ۋە «قايمۇقۇشتىن قۇتۇلۇش»، سانائىنىڭ «ھەقىقەت بېغى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ بەرگەن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىدۇر. فېئودال روھانىيلار مەزھىپى بولسا ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن بىرلىشىپ، خەلقنى دىنىي ئەھكاملارغا ھۆرمەت قىلىش، ھاكىمىيەتكە ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى مۇرىتلاردىن قوراللىق قىسىم تەشكىللەپ، ئۇلارنى ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن «غازات» قىلىشقا سالدى. فېئودال روھانىيلار مەزھىپىنىڭ باشلىقى ئەسلىدىنلا چوڭ فېئودال ئىدى. نەقشىبەندى مەزھىپىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىمامى ئەھرارخان تۆمۈرىيلەر خاندانلىقىنىڭ خانى ھۈسەيىننىڭ مەنىۋى ئۇستازى، ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، ماۋرائۇننەھردىكى ئەمەلىي ھۆكۈمرانىغا ئايلانغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ بارتولد: 1451 - يىلى «ھۈسەيىننىڭ غەلبىسى ئوخشاشلا خوجا ئەھرارنىڭ غەلبىسى بولغان»⑤ دەپ يازىدۇ. غاپپاروف: «خوجا ئەھرار - ھەقىقىي فېئودال،

ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە زور مىقداردىكى بايلىق ۋە ناھايىتى كەڭ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلغان»[6] دەپ كۆرسىتىدۇ. خوجا ئەھرارخان ئىمام بولغان چاغدا نەقشبەندىچىلىك مەزھىپى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا تېخىمۇ كەڭ تارقالدى. يۇنۇسخان ئۇنىڭ مۇرىتىغا ئايلاندى [7]. مەھمۇدخان بولسا خوجا ئەھرارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مۇرىتى مۇھەممەد داموللىنىڭ مۇرىتى ئىدى[8]. بۇنىڭدىن نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تارقىلىپ كىرىشى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، سىياسىي جەھەتتە فېئودallارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

سەئىدخان يەكەن خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن ئەھرارخاننىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەنگە كەلدى. «تارىخىي رەشىدى» دە خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان «خوجىغا مۇرىت بولغان»، ئۇنى كۈتۈش ئارقىلىق دەرۋىش بولۇپ «مۇرادىغا يېتىش» نى ئارزۇلىغان. ئەمما ئۇ خوجا ئۇنىڭغا «تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، دەرۋىشلەردەك پەرھىز تۇتسىڭىز، ئاندىن تىلىكىڭىزگە يېتىسىز» دەپ پەندى - نەسىھەت قىلغان، خوجا يەنە «راستىنى ئېيتقاندا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ‹ئاللا› غا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ئاقىلانە يولى، لېكىن خانلار ئۆز ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. خانلارنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى دەرۋىشلەر (مەيلى ئۇ قانداق تەرىقەت قىلسۇن) نىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان شاپائىتىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك ھوقۇقتۇر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخان بىر مەھەل دىنىي ئەسەبىيلىكتىن پەسكارىغا چۈشىدۇ[9]. دەرۋىشلەر گۇرۇھىنىڭ سەردارى دىنغا بېرىلگەن نۇرغۇن مۇرىتلارغا موھتاج بولۇپلا قالماي، ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشىغا تېخىمۇ موھتاج ئىدى. شۇڭا خوجا مۇھەممەد شېرىپ ھەم سەئىدخاننى مۇرىت قىلىشى، ھەم ئۇنى داۋاملىق خان قىلىپ، ھاكىمىيەت ئارقىلىق ئۆز مەزھىپىگە تېخىمۇ كۆپرەك «ئىلتىپات» ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئاكىسى خوجا نۇرى، ئەرشىدىنىنىڭ پۈشتى خوجا تاجىدىن ئىلگىرى -

كېيىن بولۇپ يەكەنگە كېلىپ دىنىي سەردارلىق ھوقۇقىنى تالاشتى ھەمدە ئۇلار يەكەن خانلىقىدىكى بىر مەزھەپكە يار - يۆلەك بولدى. كۆرەش نەتىجىسىدە خاننىڭ ئىشەنچىگە ئاۋۋال ئېرىشكەن خوجا مۇھەممەد شىرىپ ئاكىسى خوجا نۇرىنى سىقىپ چىقاردى، ئەمما دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولغان خوجا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ جەمئىيەتتە يەنىلا ناھايىتى چوڭ تەسىرى بار ئىدى، خوجا مۇھەممەد شىرىپنىڭ پائالىيىتى بولسا پەقەت ئوردا بىلەن يۇقىرى قاتلام تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۈچىنى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا خوجا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ دىنىي تەسىرىگىمۇ زەربە بەردى. ئۇ خوجا مۇھەممەد شېرىپنى پائال قوللاپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى؛ بۇ خوجىمۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي چوڭ ئىشلىرىغا پائال ئىشتىراك قىلىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشى ۋە غەلىبە قىلىشىغا ياردەمدە بولدى. خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد ۋەلى سوپى ئوردىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا تېخىمۇ بەكرەك قول تىقتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قازا قىلىشى بىلەنلا ئۇ ئۆز مۇرىتى سۇلتان ئابدۇكېرىمخانغا ئادەم ئەۋەتىپ مەخپىي خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى تەختنى تارتىۋېلىشقا ئۈندىدى [10]. ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1560 ـ 1592) دە دىنىي كۈچلەر زورايدى، ئۇ ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم كىشىلەرنى قوبۇل قىلغاندا، مۇسۇلمان يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشتۇردى [11] . لېكىن بۇ دەۋردىكى نەقشبەندىيە مەزھەپىدىكىلەر يەنىلا دەھرى ھاكىمىيەتنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولۇپ، تېخىمۇ دەھرى ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى.

## (3) خوجىلار جەمەتىنىڭ كۆچىيىشى

سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد سەردارى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا ⑫ ئىسھاق ۋەلى يەكەن خانلىقىغا كەلدى، ئۇلار نەچچە ئەۋلاد دىن تارقىتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن تەدرىجىي دەھرىي ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىگۈچىلەرگە ئايلاندى.

مەختۇم ئەزەم ئۇلۇغ ئىگەم دېگەن مەنىدە، ئەھمەد كاسانىنىڭ لەقىبى (laqab – شەرەپ نام دېگەن مەنىدە) ئىدى. «تەزكىرەئى ئەزىزان» («خوجىلار تەزكىرىسى») دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭ تۇنجى ئاتا بوۋىسى ئەرەبىستاندىكى مەدىنىلىك بولۇپ، بوۋىسى پەرغانە رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ⑬. مەختۇم ئەزەم ھىجرىيە 866 ـ يىلى (1461 — 1462 ـ يىلى) پەرغانىدىكى كاسان دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئۇ تاشكەنت مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان چېغىدا نەقشبەندىيە مەزھىپىگە كىرگەن ھەمدە خوجا ئەھرارنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد غازىنىڭ مۇرىتى بولغان. مۇھەممەد غازى ھىجرىيە 921 ـ يىلى (1515 — 1516 ـ يىلى) قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ بۇ مەزھەپنىڭ سەردارى بولۇپ ھىجرىيە 949 ـ يىلى (1542 — 1543ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن. خوجىلار مەزھىپىدىكى مۇرىتلار ئارىسىدا ئۇ نەقشبەندى مەزھىپىدىكى ئەڭ كاتتا ئابرۇيلۇق خۇداگۇي (ئىلاھىيەتچى) ۋە نەزەرىيىچى دەپ تونۇلغان. مەختۇم ئەزەم سۈننىي مەزھىپىدە بولۇپ، نۇقتىئىنەزىرى پانئىسلاھچىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ سوپىلار دائىم خانىقا ⑭لاردا تۇرۇپ تەرىقەت قىلىشى، دىن تارقاتقاندىلا ئۇزاق مۇددەت سىرتتا تۇرۇشى كېرەك، دېگەننى تەرغىب قىلاتتى. ئۇ شەخسنىڭ زاھىد تەركىدۇنيا بولۇشىنى ئىنكار قىلاتتى. نەقشبەندى مەزھىپىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئەگەردە مۇرىتلار مەزھەپ ئىچىدىكى رەسمىي پائالىيەتلەردە «پەس ئاۋازلىق زىكىر» ئۈچۈن خىراج تۆلىسە، ئۇلارنىڭ «يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر قىلىشى» ۋە ساما ⑮ ئويۇنىغا ئىلتىجا

بەردى ھەمدە مۇزىكا ساما ئۇسسۇلى ئۇچۇن زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلدى. سىياسىي جەھەتتە مەختۇم ئەزەم ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر قانچە ئەۋلاد دىنىي شەيخۇلئىسلاملارغا ئوخشاشلا شەيبانىلار خاندانلىقىنىڭ ھەربىي ۋە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى ھەمدە ئىچكى كۈرەشلىرىگە پائال ئىشتىراك قىلدى[16]. مەختۇم ئەزەم ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ماۋرائۇننەھردە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ قەشقەرلىك بىر خوتۇنىنىڭ بارلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ قەشقەرگىمۇ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن [17]، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بولغان مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى زادىلا تىلغا ئالمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىن چىققان مۇئەللىپ شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق ئەسىرىدە ئىمكانىيەت بولسىلا خوجىلار جەمەتىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئالاھىدە ماختاشنى قولدىن بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ مەختۇم ئەزەمنىڭ يەكەنگە كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان. مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، مەختۇم ئەزەمنىڭ پەرزەنتى كۆپلۈكى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كونكرېت سانى ئېنىق ئەمەس. لىۋ جېڭيىن ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىچە، ئۇ 13 پەرزەنت كۆرگەن [18]. مەختۇم ئەزەم ھايات ۋاقتىدا بالىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چوڭ ئوغلى مۇھەممەدئىمىن (ئىشان كالان دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر) نى نەقشىبەندى مەزھىپى - خوجا مەزھىپى سەردارىنىڭ ۋارىسلىقىغا، باشقا بالىلىرىنى ھەرقايسى جايلاردىكى مۇشۇ مەزھەپنىڭ سەردارلىقىغا بەلگىلىگەن. لېكىن، مەختۇم ئەزەم قازا قىلىش بىلەنلا بالىلىرى مەزھەپنىڭ ئەڭ چوڭ ھوقۇقىنى تالىشىپ كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەش قىلدى. بۇ كۈرەشتە چوڭ ئوغلى مۇھەممەدئىمىن باشقىلاردىن نامى سۆزى يۇللۇق بولغاچقا، تەبىئىي ھالدا ئۇستۇنلۇك قازاندى. لېكىن، 4- ئوغلى [19]ئىسھاق ۋەلى مەختۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ھەمدە بۇ خوتۇن سەئىد جەمەتىدىن [20]كېلىپ چىققاچقا، ئىسلام دىنىدىكى «ئوغۇل ئانىسى نەسەبىدىن

ئەتىۋارلىق » دېگەن ئەنئەنە بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ «خوجائى قەشقەرى» ( Khwaja - i Kashghari ) دەپ ئاتالدى، يەنە كېلىپ ئۇ قابىلىيەتلىك بولغاچقا، ئۇمۇ مۇھەممەدئىمىن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان كۈچكە ئايلاندى. ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش نەتىجىسىدە نەقشىبەندى مەزھىپى پارچىلىنىپ، مۇھەممەدئىمىن باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلارمەزھىپى بىلەن ئىسھاق ۋەلى باشچىلىقىدىكى قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خوجىلار گورۇھى شەكىللەندى.

## (4) خوجا ئىسھاقنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى پائالىيەتلىرى

ئىككى مەزھەپنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى كۈرىشى ئۇزۇن مۇددەت بېسىقمىدى، ھېچقايسى تەرەپ تولۇق غەلىبە قازىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسھاق ۋەلى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇ سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ㉑ نەقشىبەندى مەزھىپىنىڭ تەسىرى خېلى كۈچلۈك بولغان يەكەن خانلىقىغا كېلىپ ئانىسىنىڭ يۇرتى قەشقەرنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ تۇنجى بېكىتى قىلىپ تاللىدى. ئەمما، ئەينى چاغدىكى قەشقەر نائىبى سوپى سۇلتان ئۇنىڭ كېلىشىنى ئانچە ياقتۇرماي، سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا كەتتى. بۇنىڭدىن ئىسھاق خوجا ناھايىتى خاپا بولۇپ، «ئۆلۈك شىردىن تىرىك مۇشۇك ياخشى» دېدى ㉒. لېكىن، ئاقسۇ نائىبى مۇھەممەد سۇلتان ئىسھاق خوجىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بەك خۇشال بولۇپ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاقسۇدىن ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا كەلدى ھەمدە ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ قۇللۇق بىلدۈردى. شۇنىڭدىن تارتىپ قاراتاغلىق خوجىلار يەكەن خانلىقىنىڭ كەلگۈسى چوڭ خانى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىدى. ئىسھاق خوجا قەشقەر نائىبىنىڭ تېگىشلىك ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى، مەۋلانە

قاسىم ھەمدە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭغا مۇرىت ياكى مۇخلىس بولدى. خوتەنلىك مەۋلانە ئىبن يۇسۇپمۇ مۇرىتلىرى بىلەن بىللە كېلىپ ئىسھاق خوجىنىڭ بوسۇغىسىغا باش ئۇردى ھەمدە «ئۇنىڭ مۇبارەك ئاستانىسىنى سۆيۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى» ، بۇ ئىككى مەۋلانە ئىسھاق خوجىنىڭ خەلىپىسى بولدى. ئىسھاق خوجا يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن يەكەنگە قاراپ ئاتلاندى. لېكىن، يەكەن سوپى مۇھەممەد ۋەلىنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان بىلەن ۋەزىر خوجا ئۆبەيدۇللا ئۇنىڭ مۇرىتى بولغانلىقتىن، ھوقۇق تەمەسى كۈچلۈك بولغان بۇ خوجىمۇ يا دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ، يا سىياسىي ساھەدىكىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىشىغا ئېرىشەلمىدى، ئۇ ئۇ يەردە تۇرالماي خوتەنگە قاراپ يول ئالدى. خوتەن نائىبى قۇرەيش سۇلتان ئاقسۇ نائىبى مۇھەممەد سۇلتانغا ئوخشاش ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ دىنىي كۈچىنىڭ تەسىرى زور دەپ قاراپ، چوڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتاننى قۇمراباتقا بىرىپ ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتتى [23] ، ئۆزى تۆرىلەر بىلەن شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى كۈتتى. ئىسھاق خوجا خوتەندە ئۈچ يىل دىن تارقاتتى، كېيىن قۇرەيش سۇلتان بىلەن چىقىشالمىدى، ئۇ قۇرەيش سۇلتاننى: «سىنىڭ ئەۋلادىڭ مەڭگۈ خان بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. بۇ قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئىسيان كۆتۈرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، سىياسىي جەھەتتە زېرەك ئىسھاق خوجا ئۇنىڭ مۇقەررەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا پەملەپ بۇ جايدىن ئاقسۇغا كەتتى. نائىب مۇھەممەد ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئۇ بۇ سۇلتان بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا: «ئەۋلادلىرىڭىزنىڭمۇ خان بولۇشىنى تىلەيمەن» دەپ بەخت تىلىدى. مۇھەممەد سۇلتان ئىسھاق خوجا ئۈچۈن ئاقسۇغا بىر خانىقا سالدۇردى. ئۇ ئاقسۇدا زور كۆلەمدە دىن تارقاتتى. ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىت توپلىدى ھەمدە تۇرپانغا خەلىپە ئەۋەتتى. ئىسھاق خوجىنىڭ دىنىي پائالىيىتى روشەن سىياسىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ چوڭ خانغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاش، ئۇنىڭ ئورنىنى

ئىگىلەشنى قوللاش ۋە شۇنداق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ بىر مۇرىتى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ: «ئەگەر خوجا ئىسھاق بۇ ئەلدە يەنە بىر مەزگىل ھەرىكەتلەنگەن بولسا، ئابدۇكېرىمخان دېگەن بۇ موغۇل تۈگەشكەن بولاتتى، ھەتتا تامامەن يوقىلاتتى» دېگەن. شۇڭا بۇ ئىش سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىماي قالمىدى، شۇنىڭ بىلەن خان ئۇنىڭ ئوردىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويمايلا قالماستىن، يەرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغىمۇ ئىجازەت بەرمىدى، كېيىن ئۇنى خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا يارلىق قىلدى. ئەينى چاغدا ئاقسۇ نائىبى مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئەمەلىي كۈچى تېخى ئوردا بىلەن قارشىلاشقۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ خوتەن نائىبى قۇرەيىش سۇلتاننىڭ ساۋىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلدى، ئىسھاقنى ئاقسۇدىن قىرغىزلار ئېلى تەرەپكە ئېبرىپ ئاندىن سەمەرقەنتكە قايتىپ كېتىشىنى تەكلىپ قىلدى. ئىسھاق خوجا يەكەن خانلىقىدىن ھەيدەلگەن بولسىمۇ، ئەمما خانلىقنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ۋارىسلىرى بار ئىدى. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «ئەنىس ئەل تالىبىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دوستى) ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، يەكەن خانلىقى تەۋەسىدە ئۇنىڭ 64 خەلىپىسى بولغان[24]. ئىسھاق خوجا دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ دىنىي قوللىشىنىڭ مۇھىم رولىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە، ئۇ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك ئادىمى شۇتۇرنى قەشقەرنىڭ خەلىپىسى(بۇ ۋاقىتتا سوپى سۇلتان ئاللىقاچان قازا قىلىپ مۇھەممەد سۇلتان ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەر نائىبى بولغانىدى) بولۇشقا ئەۋەتتى ھەمدە مۇھەممەد سۇلتاننى «خەلىپەتۇل خەلىپە» لىككە تەيىنلەپ، يەكەن خانلىقىدىكى بارلىق خەلىپىلەرنى باشقۇرۇشقا قويدى. قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان بۇ ئىش كېيىن مۇھەممەد سۇلتان خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن مۇشۇ مەزھەپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلەنگەن تەييارلىق ئىدى[25].

## (5) قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەتكە قول تىقىشى

ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 — 1592 - يىلى) سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ 5 - ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلار سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلۈمى ئىسھاق خوجىنىڭ «كارامىتى» دىن بولغان دەيدۇ㉖. بۇ ئىسھاق خوجا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دېگەنلىكتۇر. لېكىن بۇ ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس. چۈنكى، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتكەندە ئاللىقاچان «يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان»، يەنى 63 ياشقا كىرگەنىدى. بۇ ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ياش چەكلىمىسى ئىدى. ئەينى دەۋردىكى تارىخچىلارمۇ سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلۈمى ئىسھاق خوجىنىڭ «كارامىتى» بىلەن ئۆلگەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرمىغان، مۇسۇلمان يازغۇچىلار بولۇپمۇ قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئاپتورلار بۇنداق ۋەقەنى يازماي قويمايتتى. ئۇلار بۇ راستىنلا خوجىنىڭ «ئۇلۇغلۇقى» ۋە يارانقۇچىنىڭ «كارامىتى» دەپ قارىغان بولسا، بۇ ھەقتە چوقۇم تارىخنامىلەردە توختالغان بولاتتى.

يەنە بىر جەھەتتىن مۇھەممەد سۇلتاننىڭ خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى موگغۇللارنىڭ «چوڭى خان بولۇش» دېگەن ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق كېلەتتى، ئۇ ھالدا «ئورۇنلۇقنىڭ گېپى يوللۇق» بولاتتى - دە، قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ھايات ۋاقتىدىلا «ۋەلىئەھد» لىك ئورنىغا — قەشقەرنىڭ نائىبلىق ئورنىغا ئولتۇرۇپ بولغانىدى، رەسىم - قائىدە بويىچىمۇ يەكەن خانلىقىدا خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار بۇ مەنسەپكە ئېرىشەلەيتتى. گەرچە مۇھەممەد سۇلتاننىڭ خانلىق تەختكە چىقىشى قاراتاغلىقلار ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى بولىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى مۇقەررەر قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى زور غەلىبىسى بولدى. ئۇلار مۇھەممەد خاننىڭ قوللىشىدا باشقا مەزھەپلەرگە زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى

مۇسۇلمان سىقىپ چىقىرىپ ئۆز مەزھىپىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ۋەزىرى خوجا ئۇبەيدۇللا خاندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتى ۋە ئىشەنچلىك يېقىن ئادەملىرى خوتەنگە پالانغان، ئۇنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى شۇتۇر خەلىپە ئىگىلىۋېلىپ، كېيىن ئاتخانىسىغا (ئېغىلغا) ئۆزگەرتىۋالغان. شۇتۇر خەلىپە كەڭ كۆلەمدە مۇرىت توپلىغان، ئۇ دائىم ئاتقا مىنىپ ئۇزۇن ھاسىسىنى كۆتۈرۈپ بىر توپ ئەسەبىي مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. بەزى چاغلاردا مۇرىتلىرىنىڭ سانى 4000 - 5000 دىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. ئۇ كېتىۋېتىپ ھاسىسى بىلەن جاھىللارنى، يەنى قاراتاغلىقلار مەزھىپىگە كىرمىگەن مۇسۇلمانلارنى پات - پات ئەدەبلەپ تۇراتتى [27].

قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ كۈچلىرىمۇ سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى راسا قوللىدى. بولۇپمۇ ھىجرىيە 1003-يىلى (1594—1595 - يىلى) مۇھەممەدخان ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن جەڭدە، بۇ مەزھەپتىكىلەر خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە غەيرەتكە كەلتۈرۈش جەھەتتە زور رول ئوينىدى. مۇھەممەدخان قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ سەمەرقەنتتە تۇرۇۋاتقان ئىسھاق خوجىغا يازغان خېتىدە ئۆزىنى «كەمىنە قۇلىڭىز بېشىمنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلىشنى خالايمەن» دېگەن [28]. قاراتاغلىق خوجىلار جەمەتىنىڭ يەكەن خانلىقىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىسھاق خوجا 1596 - يىلى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى مۇھەممەد يەھيا خوجا (شادى خوجا دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر) نى يەكەنگە ئەۋەتتى [29]. شادى خوجا شۇتۇر خەلىپىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلگەندە، مۇھەممەدخان شەھەر سىرتىغا چىقىپ قارشى ئالدى. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دە خاتىرىلىنىشىچە ئۇ شادى خوجا مىنگەن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بوينىغا سېلىپ، يېتىلەپ ئوردىغا كىرگەن، ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۈچ كۈن كاتتا

زىبايەت بەرگەن ھەمدە شادى خوجىنى مەنىۋىي ئۇستاز تۇتقان [80].

شادى خوجا ئۈچۈن مەخسۇس ئالىي قورۇ - جاي تەييارلاپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا پەيزىئاباد (Peyzabad) بىلەن سانقاش (San-Kash) كەنتىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن [81]. كېيىن يەنە ئارقا - ئارقىدىن كەنتلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەتكەن ھەمدە قاشتېشى قېزىشتىن كىرگەن كىرىمنى ئۇنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرغان. شۇنداق قىلىپ قاراتاغلىق خوجىلار جەمەتى خانلىقنىڭ قوللىشى بىلەن كۆپلىگەن مۇرىت ۋە تالىپلارنى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى كۆپ بايلىققا ئېرىشكەچكە، ئىسلام دىنىدىكى باشقا مەزھەپلەر قارشىلىشىشقا پېتىنالمايدىغان دەرىجىدە كۈچەيگەن. خوجا ئەرشىدىن جەمەتى بىلەن مۇھەممەد ۋەلى سوپى مەزھىپى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان. 1610 - يىلى مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتكەندە شادى خوجا 21 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىران يىگىتلىك ۋاقتى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى تىزگىنلەپ ئۆز قولىدا تۇتۇپ، نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە سىياسىيغا قول تىقىپ ئۆز تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يەكەن خانلىقىدىكى يۇقىرىدا ھەربىي، سىياسىي ساھە جەھەتتىكى مۇھىم ئىشلاردىن تۆۋەندە ئاددىي پۇقرانىڭ تۇرمۇشىغىچە بولغان ئىشلار خوجىلار جەمەتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىدى.

## 2. خانلىق ھوقۇقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە خانلىقتىكى ماجىرالار

### (1) سۇلتان ئەھمەدخان دەۋرىدىكى سۇلتان ۋە ئەمىرلەر توپىلىڭى

ھىجرىيە 1018 - يىلى (1609 — 1610 - يىلى) مۇھەممەدخان

ئالەمدىن ئۆتتى. شادى خوجا، ۋەزىر خوجا لېتىپ، قوشبېگى مىرزا غىياس، ئىشىكئاغا مىرزا ئابدۇللا خاننىڭ چوڭ ئوغلى قەشقەر نائىبى شۇجائىددىن ئەھمەد سۇلتانغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى، ئۇ يەكەنگە كېلىپ خانلىق تەختكە ئولتۇردى. ئەينى چاغدا يەكەن ھاكىمى مىرزا شاھ قازا قىلغاچقا، ئەھمەدخان دەرھال ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى ئەسقەر شاھ (شاھ ئىبن فارىبھ دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر) نى بۇ مۇھىــــم مەنسەپكە تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىرزا ھەيدەر جوراس بىلەن مىرزا ھاجى بارلاسنى لەشكەر بېشىلىققا تەيىنلىدى. ئۇلارنى قوشۇن باشلاپ خوتەنگە بېرىپ شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتاننى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، ئۇنى ماۋرائۇننەھر رايونىغا پالىدى. قارىغاندا، موغۇللارنىڭ قەدىمي ئەنئەنىسى بويىچە ئەھمەد سۇلتاننىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشى قانۇنلۇق بولمىسا كېرەك. چۈنكى، چوڭلارنىڭ ئىچىدىكى 12 ـ تاغىسى، تۇرپان نائىبى ئابدۇرېھىم سۇلتان تېخى ھايات، تەڭتۇشلىرىدىن ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئوغلى، خوتەن نائىبى شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتان چوڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىســــــلا ئەھمەد سۇلتاندىن ئاۋۋال تەختكە ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. لېكىـــــن، ئەھمەد سۇلتان شادى خوجا ۋە ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىقىپ ئوردا ئىچى بىلەن پۈتكۈل خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى ۋاقتىنچە مۇقىملاشتۇرۇپ تۇردى. ئەھمەدخانغا خانلىق تەختىنىڭ نېسىپ بولۇشى قانۇنلۇق بولمىغانلىقتىن، تەختىنــى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ پەقەت ئاتىسى ئورناتقان تۈزۈلمىنى ساقلاپ تۇردى، خوجاجەمەتى بىلەن چوڭ ۋەزىر - ۋۇزرالارنىــــڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنــــى داۋاملىق ئۆستۈردى؛ خوجا لېتىپ ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى؛ مىرزا غىياس ساغرىچى قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئەبۇ گور قوشبېگى ۋە ئۇچبېگىلىكىگە تەيىنلەندى؛ مىرزا ئابدۇللا قازا قىلغاندىن كېيىن ئورنىغا كۈيئوغلى ئەبۇ مائانشاھ ئىشىكئاغىلىققا تەيىنلەندى. كېيىنكىسى مەرھۇم يەكەن ھاكىمى مىرزا شاھنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھازىرقى يەكەننىڭ ھاكىمى شاھ ئىبن فارىبھنىڭ ئىنىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ مىرزا شاھ

جەمەتى ئوردا بىلەن خان سارىيىنى بىۋاستە كونترول قىلىۋالدى. شادى خوجىنىڭ تەسىر كۈچى تېزلىك بىلەن كېڭىيىپ مۇرىتلىرى 10 مىڭدىن ئاشتى. بۇ ئەسەبىيلىكتىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان زور كۈچ ئىدى. خان ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلتىپات قىلغان يەر، ئۆي ـ جاي ۋە پۇل بىلەن ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىمۇ كۆپىيىپ، كۈچلۈك فېئودالغا ئايلاندى [32]. خوجا جەمەتى بىلەن مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئەكس تەرەپكە كېڭىيىشى بىلەن خان ھوقۇقى كۈنسېرى ئاجىزلاشتى.

قىرغىزلار مۇھەممەدخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 5000 ئادەم توپلاپ بايمۇت قارانىڭ باشچىلىقىدا ئاقسۇغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى بۇلاپ ـ تالىدى. ئاقسۇ نائىبى زىياۋۇدۇن ئەھمەد سۇلتان (تۆمۈر سۇلتان دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر) ئاتالىق (پىر ئۇستاز مەنىسىدە) مىرزا قاسىم بايرىننىڭ قوللىشى بىلەن قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بەردى ھەمدە ئۇچتۇرپان ھاكىمى مىرزا قاسىم جوراسقا قوشۇن باشلاپ ئۇلارغا توسۇپ زەربە بېرىشنى ئۇقتۇردى. قىرغىزلار قوشۇنى يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن بەرگەن زەربىسىدە مەغلۇپ بولدى. 2000 غا يېقىن ئادىمى ئۆلدى، قالغانلىرى تەسلىم بولدى. تۆمۈر سۇلتان قىرغىزلارغا كەڭچىلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر سۇلتان يەكەنگە قاراپ ئاتلاندى، ئۇ ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەرنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەندى: قەشقەر ھاكىمى مىرزا ھەيدەر جوراس ئۇنىڭ ئاتالىقىغا بەلگىلەندى [33].

شۇ يىلى (ھىجرىيە 1018 ـ يىلى، مىلادى 1609 — 1610 ـ يىلى) خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى. چالىشتىكى مۇھەممەد قاسىم سۇلتان [34] ئەھمەدخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە تۇرپاننىڭ نائىبى ئابدۇرېھىم سۇلتان بىسلەنمۇ چىقىشالمايتتى، شۇڭا ئۇ جەڭگە ھازىرلىنىپ ئويراتلاردىن ياردەم سورىدى. ئويراتلار ئۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما چالىش بىلەن تۇرپان ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ باشلانغاندىن كېيىن

ئۇلار ئەسكەرلىرىنى جەڭگە قاتناشتۇرماي ئۇلارنىڭ ئېلىشىشىنى كۆرۈپ تۇردى. چالىش قوشۇنى يېڭىلگەن چاغدا ئۇلار تۇرپان قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ چالىش قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى. مۇھەممەد قاسىم سۇلتان ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، چالىشقا چېكىندى. ئويراتلار راسا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئاندىن قايتىپ كەتتى. ئابدۇرېھىم سۇلتان قوشۇنى چالىشنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھەممەد قاسىم سۇلتان ئېغىر ئەھۋالدا قالغاچقا، ئابدۇرېھىم سۇلتاندىن چېكىنىدىغان يول بېرىشنى ئۆتۈندى. ئابدۇرېھىم سۇلتان ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن كۇچاغا قاچتى. ئابدۇرېھىم سۇلتان قوشۇنىنى باشلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باردى. ئۇ مۇھەممەد قاسىم سۇلتانغا ئادەم ئەۋەتىپ، «بۇ يەرگە ئىسيان كۆتۈرگىلى ئەمەس، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ۋە بىرلىشىپ، يەكەنگە (بىزنىڭ) ئاتا مىراس زېمىنىمىزنى تەلەپ قىلىپ كەلدۇق» [35] ، دېدى. مۇھەممەد قاسىم سۇلتان ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭمۇ ئەھمەدخانغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئۆزى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئەمىرلەرگە مەسلىھەت سالدى. ئەمىرلەرنىڭ بەزىلىرى تەسلىم بولۇشقا قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچىسى تەسلىم بولۇشقا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. تۇرپان قوشۇنى كۇچا شەھىرىگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەد قاسىم سۇلتان گۇللۇكتە ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ مۇلازىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئابدۇرېھىم سۇلتان ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى باغلاپ كۇچادىن بىللە ئېلىپ كەتتى، چۈنكى بۇ چاغدا تۆمۈر سۇلتاننىڭ ھەربىي يۈرۈش قوشۇنى يېقىنلاپ قالغانىدى.

قەشقەر نائىبى تۆمۈر سۇلتان ئاتىسى ئەھمەدخاندىن ئىلتىجا ئېلىپ، ئاسىي ئابدۇرېھىم سۇلتانغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇنىڭ ئاتالىقى مىرزا ھەيدەر جوراس مەسلىھەتچى بولۇپ قوشۇنغا ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇچتۇرپان ھاكىمى قاسىم جوراس بىلەن ئاقسۇ ھاكىمى مىرزا قاسىم بايرىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ بىرلەشتى، ئۇلار كۇچاغا بارغاندىن كېيىن يەرلىك قوشۇندىكىلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن تەشكىل قىلىندى. ئەمما، كىم ئالدىدا مېڭىش مەسىلىسىدە

ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ئاخىر تۆمۈر سۇلتان ئارلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى قوشۇنىنى باشلاپ ئالدىدا ماڭسۇن، دەپ ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ، زىددىيەت ھەل بولمىدى. نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن كورلىغا يېتىپ بىرىپ ئالدىدا ماڭغان لەشكىرىي قىسىم كىلى (Kili) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئارقىدىن كېلىۋاتقان قىسىملار دەل ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكتىن ئارلات قەبىلىسىنىڭ ئۈچ ئەمىرىدىن ئىككىسى ئۆلۈپ، بىرى يارىلاندى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قامىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ چالىش رايونىغا كىردى. ئابدۇرېھىم سۇلتان چالىشتىن تۇرپانغا كەتتى. تۆمۈر سۇلتان چالىش شەھىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ شەھەرنى ئالالماي قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ پايتەختكە قايتتى.

ئىككىنچى يىلى (ھىجرىيە 1019 - يىلى، مىلادى 1610— 1611- يىلى) تۆمۈر سۇلتان يەنە قوشۇن باشلاپ ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلاندى. بۇ قېتىمقى ئالدىن يۈرەر قىسىم بايرىن قەبىلىسى بىلەن ئارلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرلىرىدىن تەشكىللەندى. ئۇلار كورلىدىن چىقىپ باشئەگىم ئېغىزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. ئۇلار كۆپ قېتىملىق ئېلىشىشتىن كېيىن دۈشمەن قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ، چالىشنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا ئابدۇرېھىم سۇلتان چالىشتىن تۇرپانغا كەتكەنىدى. تۆمۈر سۇلتان ئەسكەرلىرىنى ئىككى تارماققا بۆلدى، بىر تارماق قوشۇننى ئابدۇرېھىم سۇلتانغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە، بولۇپمۇ شاھ خازان خاننى تىرىك تۇتۇپ كېلىشكە ماڭدۇردى؛ بۇ قوشۇن ئۇلارنى قوغلاپ يەتتى. شاھ خازان خاننى تىرىك تۇتتى، بىراق قايتىش سەپىرىدە قىساسكارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يەنە بىر تارماقتىكى قوشۇن چالىش شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنى مۇھەممەدبەگ ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ھەيدەر جوراسنىڭ ئىنىسى ئىدى. ھەيدەر جوراس ئۇنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ قوشۇنى شەھەرنى ئىشغال قىلالماي

چېكىندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئاسىي ئابدۇرېھىم سۇلتانغا قىلغان جازا يۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى㊱. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرېھىم سۇلتان قايتا مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىن ئايرىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ خان دەپ ئاتالغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن.

تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئىككى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشى گەرچە ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئاخىرقى مەقسىتىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئىسيانچىنىڭ ھۇجۇمىنى توختاتتى ھەمدە كۈچانى قايتۇرۇۋالدى، بۇ يەكەن خانلىقىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئاتالىقى، قەشقەرنىڭ ھاكىمى مىرزا ھەيدەر جوراس ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. شۇڭا ئۇ ئىش - ھەرىكىتىدە تەكەببۇرلىشىپ، قەشقەردىكى ئەمىرلەرگە بېسىم ئىشلىتىپلا قالماي، تۆمۈر سۇلتانغىمۇ ھۆرمەت قىلمىدى، ھەتتا ئۇنى چەكلىمىگە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەكەندىكى شاھ جەمەتىنىڭ ھوقۇقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ جوراس ئەمىرلىرى جەمەتىگە تاقابىل تۇردى. ئۇلار جوراس ئەمىرلىرىنى تۆمۈر سۇلتان بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە بىر - بىرلەپ ئوردىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى، شۇنداق قىلىپ ھەيدەر، ئايۇپ، ئابدۇۋەلى ئارقا-ئارقىدىن ئوردىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ سۇلتان ئەلى ئىسىملىك بىر ئىنىسى قىرغىزلار يۇرتىغا قېچىپ بارغاندا ئۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. پەقەت ئىككى ئىنىسى — لېتىپ بىلەن مۇھەممەد رەھىملا يەكەنگە قېچىپ كېلىپ، ئەھمەدخاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەيدەر جوراسنىڭ سىياسىي رەقىبى مىرزا ئەلى مەردان قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى؛ تۆمۈر سۇلتان كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتتى ۋە زوراۋانلىق قىلدى. ھەيدەر جوراس ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن يەنى ھىجرىيە 1023 - يىلى (1614 — 1615 - يىلى)㊲ تۆمۈر مەستلىكتە ئات مىنىپ سەيلە - ساياھەت قىلىۋاتقاندا بىر كېنىزەكنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ شام گۆرگە چۈشۈپ ئۆلدى ㊳.

تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمىدىن ئەھمەدخان ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دەرھال شاھ ئىبن فاربىھنى قەشقەرگە ھال سوراشقا ئەۋەتتى. ئەمما، بەزى ئەمىرلەر (جۈملىدىن لېتىپ جوراس بىلەن مۇھەممەد رېھىم جوراس) ئەھمەدخان تۆمۈر سۇلتاننىڭ دەپنە ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ شەرەفىدىن سۇلتاننى ھىمايە قىلىپ قەشقەرگە باردى. ئۇلار شاھ ئىبن فاربىھتىن چاققان كېلىپ، تۈن نىسپىدە شەھەرگە كىرىپ شەرەفىدىن سۇلتاننى خان دەپ ئېلان قىلدى، ئەلى مەردان بىلەن بەزى ئەمىرلەرنى زىندانغا تاشلىدى. شەرەفىدىن سۇلتان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى، يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى، ئەھمەدخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدى. ئەھمەدخان شەرەفىدىن سۇلتاننىڭ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال مىرزا ماناق جوراسنى قوشۇننى باشلاپ ئۇنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپ، قوشۇننى شاھ ئىبن فاربىھنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالدى. شەھەرگە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە دىنىي ساھەدىكىلەر يەكەن خانلىقى تەرەپتە تۇردى، مەۋلانە قارى ئىبن ئاقسۇ زىنداندىكى ئەلى مەردانىنى ۋە باشقا ئەمىرلەرنى قويۇۋەتتى. ئۇلار شەھەر سىرتىغا چىقىپ، يەكەن قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئاسىيلار قوشۇنى ئەسكەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قاچتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەكەن قوشۇنىدىكىلەر تۇتۇۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى يالاپ ئېلىپ كەتتى. ئەھمەدخان بەزى ئاسىي ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، شەرەفىدىن سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مەھدى سۇلتان ھەمدە نۇرغۇن ئەمىرلەرنى خانلىق زېمىنىنىڭ سىرتىغا سۈرگۈن قىلدى.

ئەھمەدخان شەرەفىدىن سۇلتان توپىلىڭىنى ئوڭۇشلۇق باستۇرغاندىن كېيىن ئەھمەدخانغا ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ توپىلىڭىنى تېزرەك بېسىقتۇرۇش كېرەكلىكى، بولمىسا ۋاقىت ئۇزارغانسېرى توپىلاڭنى تىنچىتىش قىيىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. مىرزا گور ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغاندا چالىشتا يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ

بولغانىدى. ئەھمەدخان بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئەسكەرلەرنى يىغىشقا بۇيرۇق قىلدى. مىرزا نەزەر مۇھەممەد جوراس 1000 كىشىلىك يەكەن قوشۇنىنى، مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپ خوتەن قوشۇنىنى، مىرزا قاسىم بايرىن ئاقسۇ قوشۇنىنى، مىرزا قاسىم جوراس ئۇچ قوشۇنىنى باشلاپ بىرلىكتە ئابدۇرېھىم سۇلتانغا بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئۇلار كورلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئابدۇرېھىم سۇلتان باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ كەسكىن ئېلىشتى. ئابدۇرېھىم سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان قازاقلار خانى ئىسكەندەر سۇلتان دۈشمەن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرپان قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەندە دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ئەھمەدخاننىڭ ئەمىرلىرى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇردى. خان ئىسكەندەر سۇلتاننى ئاقسۇ نائىبلىقىغا، مىرزا قاسىم بايرىننى يەنىلا ھاكىملىقىقا تەيىنلىدى ㊴.

شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا خاتىرىلىنىشىچە، قەشقەر ئاھالىسى «كەمبەغەل بىلەن بايلار، پۇقرالار بىلەن ئاقسۆڭەكلەر» نىڭ ھەممىسى ئەھمەدخاندىن كىچىك ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى قەشقەرگە نائىب قىلىپ ئەۋەتىشنى ئىلتىجا قىلدى. خان ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسىغا «ھۆرمەت» قىلىپ، ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى قەشقەرگە ئەۋەتتى ھەمدە ئەبۇ گور ساغرىچىنى ئاتالىقىقا تەيىنلىدى. ئەمىرلەرمۇ پەرزەنتلىرىنى بۇ سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئەۋەتتى ㊵. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئەھمەدخاننىڭ «خەلق رايى» بىلەن ئەمىرلەرنىڭ «ھىمايىسى» دىن پايدىلىنىپ ئۆز ۋارىسىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان. لېكىن، شۇنداقتىمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بالا - چاقىلىرى كونا قائىدە - يوسۇن بويىچە خانلىق تەختكە ۋارىس بولۇشنى ياكى تەختنى تارتىۋېلىشنى ئويلىدى. ئاقسۇ نائىبى ئىسكەندەر سۇلتان ئۇزاققا قالماي يەنە ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئىسكەندەر سۇلتان، يەنى قۇرەيىش سۇلتاننىڭ نەۋرىسى، خۇدابەندىنىڭ ئوغلى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەھمەدخاننىڭ كۈيئوغلى ئىدى.

شۇڭا ئۇ مۇھىم شەھەرنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەندى. «بەھرۇلئەسرار. فى مەنكىب ئەل - ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») دا خاتىرىلىنىشىچە، ئىسكەندەر سۇلتان ئاقسۇدىكى سۇيۇرغاللىق زېمىنىغا ئېرىشىپ بىر يىلدىن كېيىن ئابدۇرېھىم سۇلتان بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەمدە ئاقسۇ ھاكىمى مىرزا قاسىم بايرىن ۋە مەركەز ھاكىمىيىتىگە سادىق بەزى ئەمىرلەرنى ئۆلتۈردى ㊶. ئەھمەدخان ئۆزى ھەربىي يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى، ئۇ ئەسكەرلىرىنى يىغىپ ھەربىي مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن ئاقسۇغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاقسۇ بىلەن تۇرپاننى مۇھاسىرىگە ئالدى، شەھەر ئاھالىلىرىنى ئاچ قويۇپ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى، ئاندىن ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ئاھالىلەر بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى. ئۇ بىر ئەسىرگە: «بۇ ئەل مېنىڭ ئاتا مىراس سۇيۇرغاللىق زېمىنىم، ئۇلار (ئاھالىلەرنى دېمەكچى — نەقىل ئالغۇچىدىن) نىڭ بۇ يولدا مېڭىشى ئەمىرلەرنىڭ خورلىغانلىقىدىن بولغان» دېدى. ئاھالىلەر خاندىن يەكەنگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشتى، ئاندىن ئۇلار خانغا بەيئەت قىلدى. ئەھمەدخان بۇ ئىككى شەھەر ئاھالىسىگە مۇددەت بەلگىلەپ بېرىپ، يەكەنگە قايتىپ كەتتى ھەمدە شاھىمقۇلنى بىر تۈركۈم ئادەم بىلەن ئاقسۇغا تەسلىمنى قوبۇل قىلىشقا ماڭدۇردى. ئاھالىلەر خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، ئىسكەندەر سۇلتان قورغاننى 40 كۈن ساقلىغان بولسىمۇ، ئاشلىق تامامەن تۈگەپ كەتكەچكە، قورغاندىن چىقىپ تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شاھىمقۇل ئۇنى يەكەنگە يالاپ ئېلىپ كېتىۋېتىپ يېرىم يولدا ئۆلتۈرىۋەتتى. ئەھمەدخان شاھىمقۇلغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى خەير - ساخاۋەت ئورگىنىنىڭ تەپتىشلىكىگە تەيىنلىدى. تۆمۈر سۇلتاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەدنى ئاقسۇنىڭ نائىبلىقىغا، مىرزا ماناقبەگ جوراسنى ئاقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى ㊷. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئاقسۇغا جازا يۈرۈشى قىلغاندىن كېيىن ئەبۇ سەئىد سۇلتاننىڭ ئوغلى ئەبۇقا سۇلتان شاھ جەمەتىنىڭ ئارىغا

بۆلگۈنچىلىك سىيلىشى بىلەن ئەھمەدخان بىلەن چىقىشالمىغان. شۇنىڭ بىلەن خان، يەنى ئەبۇقا سۇلتاننى بەلخكە سۈرگۈن قىلغان [43]. مۇشۇ چاغقا كەلگەندە يەكەن خانلىقىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن شەرقىي قىسىمدا مۇستەقىل بولۇۋالغان ئابدۇرېھىم سۇلتاندىن باشقا، ئەھمەدخاننىڭ جەددى - جەمەتىلا خېلى روناق تاپتى، باشقا تارماقتىكىلەر يا ئۆلتۈرۈلدى، يا سۈرگۈن قىلىندى، ئۇلاردا ھېچقانچە كىشى قالمىدى. نەتىجىدە پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلىدى، ئەكسىچە ئەمىرلەرنىڭ تەسىر كۈچى نىسپىي ھالدا كۈچەيدى. ئەھمەدخان مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئورنى ۋە كېلىپ چىقىشى تۆۋەنرەك، ئۆزىگە سادىق ئەمەلدارلارنى يۇقىرى مەنسەپكە قويۇپ، ئۇلارنى ئاشۇ زالىم، قۇدرەتلىك ئەمىرلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇ شاھ جەمەتىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغاچقا، ئۇلار خانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قەسەم قىلدى [44].

خانلىق پارچىلاندى، خاننىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشتى. بىراق، ئەھمەدخان بۇرۇنقىدەكلا سەيلە - ساياھەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى، قارچىغا بىلەن ئوۋ ئوۋلاشقا ھېرىسمەن بولۇپ كەتتى. ھىجرىيە 1028 - يىلى (1618 — 1619- يىلى)، يەنى ئەھمەدخان تەختكە چىقىپ 11 - يىلى، يەنە ئوۋغا چىقماقچى بولدى، ئەينى چاغدا شاھ جەمەتىدىن ئەبۇ مائانى بىلەن مۇھەممەد قاسىم ئاكا - ئۇكىلار توپىلاڭ كۆتۈرگۈدەك دېگەن گەپ تارالدى، ئۇلاردىن چوڭى خاننىڭ ئىشىكئاغىسى، كىچىكى بولسا سىرىققۇل ھاكىمى ئىدى. ئۇلار تەخمىنەن 500 كىشىلىك ئاسىي قوشۇن تەشكىللىدى. شاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ چوڭى شاھ ئىبن فارىبھ بۇ ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ئاسىيلارنى يوقىتىشقا دەۋەت قىلدى. خان «بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قاراپ: «بىز شاھ ئەبۇ مائانى بىلەن مۇھەممەد قاسىمنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئۇلارغا شاپائەت قىلدۇق، مۇبادا ئۇلار ئەمدى نىيىتىنى بۇزۇپ بىزگە قارشى چىقسا، بۇنى ھەممىدىن ئۇلۇغ ئاللا كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە بىزگە شاھىت بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنىلا ئوۋغا چىقتى، نۇرغۇن جايلارنى ساياھەت قىلدى، بارغانلا يېرىدە بىر نەچچە كۈن تۇردى، مۇلازىم ۋە ھەمراھلىرى بىلەن بارچۇق (بۇگۈنكى مارالۋېشى

ناھىيىسى) گە بارغاندا شاھ ئەبۇ مائانى بىلەن شاھ مۇھەممەد قاسىم 200 چەۋەندازنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلارغا كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بارگاھىنى قورشىۋالىدۇ. خان بىلەن ئۇنىڭ مۇلازىملىرى مۇزخانىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئەمما، ئاسىيلار شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىشۇەرگەچكە، خان بۇ قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، كۆڭلىدە: «بۇ بەتنىيەت مېنى ئىزلەۋاتىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئامانلىقىنى دەپ مىڭ ئادەمنى قازا قىلىشقا بولمايدۇ، مەن بۇ يەردە توڭلاپ نېمە قىلىمەن؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، «سىلەر ئىزلەۋاتقان خان مانا بۇ يەردە!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقتى. ئەبۇ مائانى شاھ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «پادىشاھىم، قورقمىسىلا، ھېچ ئىش بولمايدۇ» دېدى. نادىم ئىسىملىك بىر ئەبلەخ بۇ ئوبدان پۇرسەت دەپ خانغا خەنجەر سالدى، خان ھېچ نەرسە دېيەلمەي توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇدى. ئەبۇ مائانىنىڭ ئاشپىزى يۇسۇپ خاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاماملىدى. ئىپلاس شاھ ئەبۇ مائانى بىلەن رەزىل شاھ مۇھەممەد قاسىم خان ئالدىدىكى ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ شەھەرگە قايتىپ كەتتى. خاننىڭ جەستى قان ئىچىدە قالدى ㊺. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ بۇ بايانى ئەھمەدخاننىڭ ئۆلۈش جەريانىنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىپلا قالماي، بەلكى ئەينى دەۋردىكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

## (2) ئابدۇلېتىپخان دەۋرىدە قاراتاغلىق خوجىلار تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى

دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكى زاتلار بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوللىمىدى. ئۇلار ئەھمەدخان ئۇچۇن كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ھەمدە مۇھەممەد يەھيا خوجا بىلەن خەلىپە شۇتۇرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. ئۇلار خاننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تېپىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئەبۇ

مائانى شاھ قىلچە تەپتارتماستىن: «خاننى مەن قەتل قىلدىم» دېدى. دىنىي زاتلار ئۇنىڭغا يول قويۇپ، ئۇنىڭدىن خاننى زادى كىم ئۆلتۈردى، دەپ سورىدى. ئەبۇ مائانى شاھ غەزەپلىنىپ: «خاننى مەن ئۆلتۈردۇم، سىلەر نېمىگە ئاۋارە بولىسىلەر؟»[46] دېدى. ئۇنىڭ ئىنىسى شاھ ئىبن فارىبھ بۇ ئىشنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى بىلىسىمۇ، بىراق ئاسىيلارنىڭ قورال كۈچىدىن قورقۇپ، دەسلەپتە سۈكۈت قىلدى، كېيىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەبۇ مائانى شاھ مۇھەممەد قاسىم شاھ بىلەن ئەھمەدخاننىڭ ئەمىرلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى. ئەمىرلەر ئۆزلۈكىدىن بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بەزىلىرى بىسىم ئاستىدىمۇ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىدى. ئۇلار قۇرەيش سۇلتاننى خان دەپ جاكارلىدى. قۇرەيش سۇلتان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 10 - ئوغلى يۇنۇس سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىدى؛ ئۇ ئەھمەدخان بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ، ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن قەشقەر نائىبى ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ئاتىسى ئىدى، موغۇللارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنىڭ خان بولۇشى تېخىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. قۇرەيش سۇلتان خاننىڭ نامى بىلەن قەشقەرگە «قەدىمىي ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە، مەن خانلىققا تەيىنلەندىم. خۇتبە مېنىڭ نامىمغا ئوقۇلسۇن ۋە مېنىڭ نامىمغا پۇل قويۇلسۇن، سىلەر شۇ ئارقىلىق ماڭا ئىتائەتمەنلىكىڭلارنى بىلدۈرۈڭلار، قائىدە - يوسۇن بويىچە مەن قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ھاكىملىرىنى باشقىدىن تەيىنلەيمەن، ئەمىرلەر ئەسلى مەنسىپىدە قالىدۇ ياكى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ بۇ ئەلدىن ھەيدىلىدۇ»[47] دەپ پەرمان چۈشۈردى. لېكىن، قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەد يۇسۇپ بايرىن بىلەن يېڭىسار ھاكىمى مىرزاھاجى بارلاس پەرمانغا ئىتائەت قىلماي، خان ئۈچۈن قىساس ئالماق بولۇپ، ئاسىيلاردىن «قانخور» نى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەبۇ مائانى شاھ بىلەن مۇھەممەد قاسىم شاھ يەنە قەشقەر ۋە يېڭىسارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەمىرلەر بىلەن بىۋاسىتە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ سىياسىي ھۇجۇمنى كۈچەيتىدۇ، بەزىلەر ئۇلارغا مايىل بولۇشقا باشلايدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ بايرىن سەزگۈر ھەربىي ئىدى. ئۇ مەسىلىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ دەرھال

ئەمىرلەرگە خىزمەت ئىشلەيدۇ، بولۇپمۇ ياشلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولۇپ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرىدۇ ھەمدە قوشۇن تەشكىللەپ ئاسىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا يەكەنگە ئاتلىنىدۇ.

ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ يەكەندىكى قوللىغۇچىسى ۋەزىر خوجا لېتىپ ۋە بەزى ئەمىرلەرمۇ قەشقەر بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىپ: «قەشقەردىكى ئەمىرلەر بىلەن ئابدۇلېتىپخان تېزرەك كەلسۇن، بىز سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارغا ئىنتىزار، رەزىل شاھ جەمەتىنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن بىز ئىنتايىن مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدۇق»[48] دەيدۇ. دىنىي ساھەدىكىلەر قوللىمىغانلىقى، بەزى ئەمىرلەر پاسسىپلىق قىلىشى بىلەن شاھ جەمەتى ئاران 2000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلدى، شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن شاھ جەمەتى قوشۇنى بىتچىت قىلىندى. مۇھەممەد قاسىم شاھ ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى، شاھ ئىبن فارىبھ جەڭدە قازا قىلدى، ئەبۇ مائانى شاھ جەڭگاھتىن قېچىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. شۇنداق قىلىپ مىرزا شاھتىن باشلاپ كۆچەيگەن شاھ جەمەتى كۆچلىرى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىلدى. خوجا جەمەتىنىڭ تەسىرى خانلىق تەۋەسىدە تېخىمۇ كېڭەيدى.

شاھ مۇھەممەد قۇرەيش سۇلتانمۇ جەڭگاھتىن قاچتى، جوراس: «بىراق، بۇ ياراتقان ئىگەمگىلا ئېنىق»[49] دەيدۇ. مۇھەممەد ئىبن ۋەلى قۇرەيش سۇلتان ئىنىسى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەن. دەپ يازغان؛ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» دىمۇ قۇرەيش سۇلتان باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دەپ خاتىرىلەنگەن[50]. قارىغاندا، پەقەت توققۇز كۈنلا تەختتە ئولتۇرالىغان بۇ سۇلتان باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، شاھ مەھمۇد جوراس بۇ ئىشنى يوشۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ (خاننىڭ ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشى سەتچىلىك)، بىراق مۇجمەل سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، بۇ ئىشنى «ئاللا» نىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا ئىتتەرگەن، كېيىنكى ئىككى ئاپتور يەكەن خانلىقىنىڭ پۇقراسى بولمىغاچقا، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقان. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

قۇرەيش سۇلتان يەكەندە بولمىغانىكەن، ئۇنداقتا ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ تەختكە چىقىشى يوللۇق بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد يەھيا خوجا (يەنى شادى خوجا) بىلەن بەگ - خوجاملار «قەدىمىي ئادەت بويىچە ئابدۇلېتىپخاننى تەختكە چىقاردى.» بەزى تارىخىي كىتابلاردا ئۇ ئاقباشخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 1028 - يىلى (1618 — 1619-يىلى) ئىدى ⑤١.

ئابدۇلېتىپخاننىڭ ھىمايىچىلىرى سەلتەنەتنى قايتىدىن تەقسىملەشتى: مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن خاننىڭ ئاتالىقى ھەم يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا؛ خوجا ئابدۇلېتىپ يەنە ۋەزىرلىككە؛ ئابدۇغاپپار قۇشبېگىلىككە؛ مىرزا ئابدۇساتتار ئاقباراق ئىشىكئاغىلىققا تەيىنلەندى؛ مىرزا ھاجى بارلاس قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا، مىرزا قۇربان جوراس سىرىقۇل ھاكىملىقىغا، ئەمىر خۇسراۋ بايرىن قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ مىراب (mirab سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار) لىققا، تاھىر مۆتىۋەللى (mutavvali مەسچىت ياكى مەدرىسلەرنىڭ مۈلكىنى نازارەت قىلغۇچى) لىككە تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئەھمەدخاننىڭ نەجىب ⑤٢ خوجا ئابدۇرازاق بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى خانلىق تەۋەسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قارار قىلدى. بۇ خوجا نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد شەيخۇلئىسلامى ئەھرار خوجىنىڭ پۇشتى بولۇپ، ئوردىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋىتى بار ئىدى. ئۇ يەكەن خانلىقىدىن ھەيدەلگەندىن كېيىن شادى خوجا خانلىقتىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئادىمى بولۇپ قالدى.

ئابدۇلېتىپخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەكەن خانلىقىدا ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە تاشقى ئاپەت تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمران ئابدۇرېھىمخان ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يەنە ئەسكەر چىقىرىپ كۇچاغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. كۇچا ھاكىمى مىرزا ئەبۇ ھادى ئابدۇرېھىمخانغا: «ئەگەر چوڭ ئوغلىڭىز ئابدۇللا سۇلتاننى شەھەر ئىچىگە كىرىشكە ئەۋەتكەن بولسىڭىز، مەن كەمىنە قۇلىڭىز ئوغلىڭىزنى بوينۇمغا مىندۇرۇپ دەرھال خانغا باش

ئۇراتتىم»[53] دېدى. ئابدۇرېھىمخان ئۇنىڭ تەكلىپىگە كۆندى، لېكىن كۇچا ھاكىمى ئابدۇللا سۇلتاننى گۆرۈگە تۇتۇۋالدى، ئابدۇرېھىمخان مۇھاسىرىنى بوشىتىپ، ئاقسۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە ئابدۇرېھىمخان ئاقسۇدا تالاپەتكە ئۇچراپ ئۆز زېمىنىغا قايتىپ كەتتى. ئۇ ئەھمەدخاننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە ئەسكەر چىقاردى، قازاقلار خانى ئەسىمخانمۇ تاشكەنتتىن لەشكەر باشلاپ كەلدى، ئۇلار بىرلىكتە ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بىراق، ئاقسۇ ئەمىرلىرى پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان، شەھەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرمۇ دەل ۋاقتىدا جەڭگە ئاتلانغانلىقتىن، ئابدۇرېھىمخان ئاز - تولا غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن شەھەرگە ئۈچ ئاي ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلېتىپخان بىلەن شادى خوجا ياردەمچى قوشۇننى باشلاپ كەلدى، ئەسىمخان ئابدۇلېتىپخان بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولدى، ئەمما ئابدۇرېھىمخان بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئۇ ئابدۇلېتىپخان شادى خوجىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى، تەلۋە مۇرىتلار ئۇنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەنلا جېنىنى تىكىپ ئېلىشىدىغانلىقىنى، يەكەن ۋە قەشقەر قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى، ئۇنىڭ بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكىنى ھەممە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى[54]. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەسكەرلىرىنى چېكىندۇردى. ئابدۇلېتىپخان كېلىپ ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالاردىن ھال سورىدى. ئاقسۇنى باشقۇرۇشنى كۇچەيتىش ئۈچۈن مىرزائەلى مەردانىبەگنى ئاقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى [55]. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرېھىمخان قازاق خانى ئەسىمخان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئاقسۇغا ئۇدا بەش يىل ئارقا - ئارقىدىن بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئويراتلارمۇ ئارىغا چۈشۈپ قازاقلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن باي شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا ئىككى قېتىم كېلىپ، ئۇ جايلارنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك تىركىشىش جېڭىدە ئاقسۇ رايونىدىكى ئاھالىلەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل خانلىقمۇ ھالسىراپ قالدى. ئاخىر ئابدۇلېتىپخان باينى تاشلاپ بەردى، ئابدۇرېھىمخان باينى

سۈيۈرغاللىق زېمىنىغا قوشۇۋالدى. كۇچا ھاكىمى ئەبۇ ھادى ئۆز دائىرىسىدە تەسىرىنى كېڭەيتتى، ھەر ئىككى تەرەپكە بەيئەت قىلىپ، شامالغا بېقىپ ئىش تۇتۇپ تەسىرىنى كېڭەيتىۋالدى.

ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەمىرلەرنىڭ ھوقۇق تالىشىشى كۈنسېرى كەسكىنلەشتى. خاننىڭ ئاتالىقى، يەكەن ھاكىمى مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن خوتەن ھاكىمى مىرزا ئەبۇ گورنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى، چۈنكى كېيىنكىسى دەسلەپتە ئابدۇلېتىپخانغا ئاتالىق بولغانىدى، ئۇ بەزى ئەمىرلەرنى قوشۇن باشلاپ بېرىپ مىرزا ئەبۇ گورنى تۇتۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۇرساڭغا سۈرگۈن قىلدى، مىرزا ئەبۇ گور سانجۇغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ قېلىپ قايتىپ كەلدى، مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى، مۇھەممەد يۈسۈپ بايرىن خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ئەمىرى بولۇۋالغاندىن كېيىن ھەممە ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلدى، ياتلارنى چەتكە قېقىپ، ئىلگىرى ئۆزىنى قوللىغان ئەمىرلەرنىمۇ خانلىق سىرتىغا قوغلاپ چىقاردى. بۇ ئابدۇلېتىپخان بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى خانىم پادىشاھنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. ئۇلار قەشقەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئەمىرلەرگە «مىرزا مۇھەممەدنىڭ قىلغانلىرى ھوقۇق دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ»[56] دېدى. قەشقەر ئەمىرلىرىمۇ مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ مۇستەبىتلىكىدىن نارازى بولۇپ تۇراتتى، ئۇلار سەرخىل 500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە تۇيۇقسىز كېلىپ، مۇھەممەد يۈسۈپنى تۇتۇپ خان ئوردىسىغا ئاپاردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ تاغىسى مىرزا خۇسراۋ بايرىنىنىمۇ تۇتتى؛ ئەمما مىرزا قۇربان جوراس ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، مۇلازىملىرى ۋە يېقىنلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى. شۇ چاغدا ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى، خان بىلەن خانىم مالىمانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇھەممەد يۈسۈپكە كەڭچىلىك قىلىش، ئۇنى يەنىلا يەكەن ھاكىمى ۋە خاننىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلەش قارارىغا كەلدى. ئۇلار مۇھەممەد يۈسۈپنى دەرھال قويۇۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى، خان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى

بەردى [57]. بارلىق سەۋەنلىكلەرنى مىرزا خۇسراۋغا دۆڭگەپ ئۇنى بەلخكە سۈرگۈن قىلدى.

لېكىن، شادى خوجا مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپ بەگنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئوردىدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا بەك نارازى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۈيۈك خەلپە شۇتۇرنىڭ بارلىق دىنىي ئىشلارنى تىزگىنلىۋالغانلىقىدىن تېخىمۇ غەزەپلىنەتتى، شۇڭا ئۇ ئابدۇلېتىپخان بىلەن خوشلىشىپ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە كەتتى. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ خاتىرىلىشىچە، شادى خوجا بىلەن ھاپىز ناسىر خەلپە قەبرىستاندىكى خانىقادا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشتى. دۇئا - تىلاۋەتتىن كېيىن ھاپىز ناسىر خانىقانىڭ سىرتىدىكى باشقا خەلپىلەرگە: «مۇھەممەد يەھيا خوجا (شادى خوجىنىڭ ئىسمى — نەقىل ئالغۇچىدىن) خەلپە شۇتۇر بىلەن مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپنى يەڭدى» دەپ جاكارلىغان. ئۇلار يەكەن خانلىقىغا قايتىش يولىدا سارت (SHART) داۋانغا كەلگەندە شۇتۇر خەلپە بىلەن مىرزا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدا ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكى «سىرلىق» سوپى - شادى خوجا ئۈچ كۈندىن كېيىن باقىي ئالەمگە كېتىپتۇ دېگەن گەپ تارالدى[58]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكمۇشكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ قارايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا، قۇدرەتلىك ئىشانلار بىلەن خوجىلار يوشۇرۇن قەتل قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى بىزار بولغانلارغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ۋە تەزكىرىچىلەر بۇ ئىشنى «مۆجىزە»[59] دەپ ئاتايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

شادى خوجا يەكەنگە كەلگەندە ئابدۇلېتىپخان بىلەن ۋەزىرلەر داغدۇغىلىق قارشى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلتاي (بەگ - سىپاھلار چوڭ يىغىنى مەنىسىدە) ئېچىلىپ ھوقۇق قايتا تەقسىم قىلىندى: يەكەننى باشقۇرۇش ھوقۇقى مىرزا ھاجى بارلاسقا، قەشقەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى مىرزا قۇربان جوراسقا بېرىلدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي قازاق خانى تۇرسۇنخاننىڭ ئوغلى تاشكەنتتىن يەكەنگە كەلدى. ئۇ ئابدۇلېتىپخاننىڭ

ئانىسىنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى، ئۇ مىرزا قۇربانىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە قەشقەرگە ئەۋەتىلگەندە قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئابدۇلېتىپخان يەنە جىيەنى سۇلتان مەھمۇد (تۆمۈر سۇلتانىنىڭ ئوغلى) نى قەشقەرنىڭ نائىبلىقىغا ئەۋەتتى. مىرزا قۇربانىنى ئۇنىڭغا ئاتالىق، قەشقەرنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. ئابدۇلېتىپخان 12 يىل تەخت سوراپ، 26 يېشىدا قازا قىلدى. بۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 1040 - يىلى (1630 — 1631-يىلى) ئىدى ⑩.

## (3) سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان دەۋرلىرىدە مەركەزدىكى خان ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى

«بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل - ئەخيار» (ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى) دا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇلېتىپخاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۈشكەندە تەسىرى كۈچلۈك ئەمىرلەر تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ نامزاتىنى مۇزاكىرە قىلىشقان ⑪. ئۇلار ئاقسۇ نائىبى سۇلتان ئەھمەدخاننى تەخت ۋارىسى قىلىشنى قارار قىلغان. ئابدۇلېتىپخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار مىرزا مەسئۇدبەگنى ئاقسۇغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەن. سۇلتان ئەھمەد مەسئۇدبەگنى ئاقسۇنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەلى مەردانبەگ بىلەن دەرھال يەكەنگە قاراپ ئاتلانغان.

سۇلتان ئەھمەد كەلگەندىن كېيىن ئەمىرلەر بىلەن بەگ - غوجاملارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ۋە شەھەرگە ئېلىپ كىرىلىپ خان دەپ ئېلان قىلىندى. «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شادى خوجىمۇ خاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان ⑫. سۇلتان ئەھمەدخان مىرزا ساتتارنى ئىشىكئاغىلىققا، شاھ مەنسۇربەگنى قارىقاشنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن، ئەلى مەردانبەگ سۇلتان ئەھمەدخانغا مۇلازىم بولغان. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاقسۇ ئوردىسىدىكى جەمەتىنىڭ قولىغا

چۈشۈپ كەتتى، بۇ يەكەن ئەمىرلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ ئەلى مەردانبەگنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى تەقسىملىۋەتتى ھەمدە ئەلى مەردانبەگنى ئاقسۇغا قايتۇرۇۋەتتى، ساتتاربەگنى بالىتقا سۇرگۈن قىلدى (ئەمەلىيەتتە ئۇ يول ئۈستىدە ئوردىدىكى بەگ جەمەتى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپ قەشقەرگە ئېلىپ كېتىلدى)؛ شاھ مەنسۇربەگمۇ قارىقاشتىن كۇچاغا قاچتى، كېيىن يەنە قەشقەرگە بېرىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ خىزمىتىدە بولدى. سۇلتان ئەھمەدخان پايتەختنىڭ تەرتىپىنى كۇچەيتىش ئۈچۈن، ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلالمىغان مىرزا ھاجى بارلاسنى يەكەننىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا مىرزا قۇربان جوراسنى قويدى. خاننىڭ ئىشلارنى بۇنداق بىر تەرەپ قىلىشى ئوردىدىكى يەنە بىر قېتىملىق كۆرەشكە سەۋەب بولدى.

قەشقەر نائىبى سۇلتان مەھمۇد قەدىمىي قائىدە - يوسۇن بويىچە تەخت ۋارىسى بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تاغىسى ئابدۇلېتىپخان ئۆلگەندىن كېيىن خانلىق تەختكە ئاقسۇ نائىبى سۇلتان ئەھمەد ۋەلىئەھد بولدى، ئۇ بۇنىڭدىن قورسىقى كۆپتى، يەنە كېلىپ پايتەختتىكى ئۈزلۈكسىز مالىمانچىلىق ئۇنىڭ خانلىقنى تارتىۋېلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. يەكەننىڭ ئەمىرلىرىنىڭ كۆرىشىدە كىم يېڭىش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان چاغدا، سۇلتان مەھمۇد كېلىپ ۋەزىيەتنى كۆزەتتى، تەسىرىنى كېڭەيتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ۋەزىر خوجا لېتىپنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى، بىراق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا، خوجا لېتىپنىڭ قىزىنى خان ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاسىم خوجىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ قەشقەرگە قايتتى. ئۇ يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كېلىپ، ئەسكەر ۋە قورال - ياراغ ھازىرلىدى، ئاقسۇ ئەمىرلىرىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلدى، نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، قىرغىزلارمۇ ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان، ئۇنىڭ ئەسكىرى 7000 غا يەتكەن [13]. ئۇلار يەكەنگە 20 كۈن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپمۇ ئىشغال قىلالماي، ئەسكەرلىرىنى قەشقەرگە چېكىندۈرگەن.

بىر يىلدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد يەنە ئەسكەر چىقىرىپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان ئەھمەدخان ھەربىي يىغىن ئېچىپ تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى مۇزاكىرىلەشتى. ۋەزىر خوجا لېتىپ بىلەن يەكەن ھاكىمى مىرزا قۇربان جوراس شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەن ھالسىرىغاندا دۈشمەنگە ئاندىن زەربە بېرىش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، كۆپ ساندىكى ئەمىرلەر شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىشنى قۇۋۋەتلىدى. خان كۆپ سانلىقلارنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق كۆردى، ئۇ سۇلتان مەھمۇد بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ جەڭ قىلىشقا ئەسكەر باشلاپ شەھەر سىرتىغا چىقتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تارتىپ جەڭگە ھازىرلاندى، خان قوشۇنىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپى پاتىپاراق بولۇپ، ئاساسلىق سەركەردە ئالدى بىلەن قاچتى، قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان سۇلتان ئەھمەدخانمۇ جەڭگاھتىن چېكىنىپ ئاقسۇغا قاچماقچى بولدى. جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ ئاقسۇغا قاراپ قاچتى. مىرزا قۇربان جوراس خاننى توختىتىپ، ئۇنىڭدىن جەڭگە ئاتلىنىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، بىراق خان يەنىلا ئاقسۇغا بەدەر تىكىۋەتتى. مىرزا قۇربان جوراس ئەسكەرلىرى بىلەن تۈن كېچىگىچە ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلدى، ۋەزىر خوجا لېتىپ ئۇنى سۇلتان مەھمۇدقا تونۇشتۇردى. لېكىن، سۇلتان مەھمۇد تەختكە چىققاندىن كېيىن تەسلىمچىلەرگە قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي، خوجا لېتىپ، مىرزا قۇربان جوراس ۋە بىر تۈركۈم ئەمىرلەرنى بەلخكە پالىدى. مىرزا مۇھەممەد دوست ئارلات يەكەن ھاكىملىقىغا، مىرئەزەم شاھ ۋەزىرلىككە ۋە مۆھۈردارلىققا تەيىنلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى چوڭ شەھەرنىڭ ھاكىملىرىغىمۇ بىر ئەمىر بەلگىلەپ بېرىلدى. «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، سۇلتان مەھمۇد ھىجرىيە 1042 - يىلى (1632 — 1633- يىلى) تەختكە چىققان ⑭.

ھىجرىيە 1044 - يىلى (1633 — 1634 - يىلى) يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىدىكى سۇلتان ئابدۇرېھىمخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئورنىغا چوڭ ئوغلى ئابدۇللا ۋەلىئەھد بولدى. ئۇ ئەسكەر چىقىرىپ كۇچانى ئىشغال قىلىپ سۇلتان ئەھمەدنىڭ ئەمىرلىرى ئابدۇللاغا قارشى يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇغا

ھۇجۇم قىلدى، ئابدۇللا ئاقسۇنى تاشلاپ يەكەنگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدنى سۇرگۈن قىلىشنى يارلىق قىلدى، شادى خوجا بىلەن خاننىڭ ئانىسى سۇلتان مەھمۇدتىن رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ: «سىز ئابدۇللاخاندىن قۇتۇلۇپ پاناھلىق ئىزدەشكە بۇ يەرگە كەلدىڭىز، ئەمدى ئۇنى سۇرگۈن قىلسىڭىز بەك رەھىمسىزلىك بولىدۇ» دېدى [65]. خان سۇلتان ئەھمەدنى قوغلاپ چىقىرىش يارلىقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى ۋە شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى شامالباغنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلدى.

سۇلتان مەھمۇدخان ئاقسۇنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆردى. ئەمما، ھىجرىيە 1045 - يىلىنىڭ بىر كۈنى ئۇ بىر كەچلىك مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقاندا «ئىچىنىشلىق ۋەقە» يۈز بەردى. ئۇ تەختتە ئۈچ يىل ئولتۇردى، 22 يېشىدا قازا قىلدى. شاھ مەھمۇد جوراس «ئەنىس ئەل تالىبىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى) ناملىق يەنە بىر ئەسىرىدە «ئىچىنىشلىق ۋەقە» نىڭ ھەقىقىي جەريانىنى خېلى ئېنىق بايان قىلغان: سۇلتان مەھمۇدخان (كېرىمخان) شادى خوجا تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىنىڭ تۇغقىنى خەلىپەبەگ بىلەن پەنجىبەگ بۇ قۇدرەتلىك ئىشاننىڭ بىۋاستە يولىيورۇقى بىلەن بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقانىدى [66].

سۇلتان مەھمۇد قازا قىلغاندىن كېيىن بەگ - خوجىلار قەدىمىي ئۆرپ- ئادەت بويىچە سۇلتان ئەھمەدخاننى خان قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى. خان شادى خوجىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كۆمان كەنتىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بەردى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلەشتى، نەتىجىدە «قوشۇن بىلەن پۇقرالار ئۇنىڭدىن بىزار بولدى» [67]. بۇ چاغدا ئابدۇللاخان ئەسكەر چىقىرىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى، سۇلتان ئەھمەدخان قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىقتى. ئىككى قوشۇن تورغاي دېگەن جايدا جەڭ قىلدى، جەڭدە يەكەن قوشۇنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئەمما «خوجا مۇھەممەد يەھيانىڭ ئابدۇللاخانغا مىھرى بولغاچقا»، ئۇنىڭ قوللىشىدا، ئابدۇللاخان ئامان - ئېسەن قايتىپ باردى [68]. بۇ چاغدا شادى

خوجا ئەسكەرلەر بىلەن خەلقنىڭ پوزىتسىيىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەچكە، ئۇ تاقەت قىلىپ پادىشاھنى ئۆز ئالدىغا چاقىرماي، بەلكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيىتىنىمۇ بەلگىلىيەلەيتتى، ھەتتا پادىشاھمۇ ئۇنىڭ «كارامىتى» دىن ئېھتىيات قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ خانلىق تەقدىرىنىڭ بەلگىلىگۈچىسى بولۇپ قالغانىدى.

شادى خوجا ئابدۇللاخانغا مايىل بولغاچقا، خوتەننىڭ ئەمىرلىرى سۇلتان ئەھمەدخاندىن بۆلۈنگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئاقسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ ئابدۇللاخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بەزى نامدار باھادىرلار (باتۇرلار) مۇ قەشقەر بىلەن يەكەندىن ئابدۇللاخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئاقسۇغا كەلدى. «قەشقەرتارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، شادى خوجىمۇ كۆپىئوغلى پادىشاھ خوجىنى ئابدۇللا خاننىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ئاقسۇغا ئەۋەتكەن ⑱. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللاخاننىڭ ئەتراپىغا بىر تۈركۈم جەڭگە ماھىر ئەمىر ۋە باھادىرلاردىن باشقا، يەنە بىر تۈركۈم قاراتاغلىق خوجىلار مەزھىپىدىكى ئەسەبىي مۇرىتلارمۇ يىغىلدى. ئۇ ھىجرىيە 1048 - يىلى (1638 — 1639 - يىلى) ئۇ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپ قەشقەر شەھىرىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ۋەزىيەتنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ئۆز ئىلىنى تاشلاپ بەلخكە كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى ھېچقانداق توسالغۇسىز يەكەن شەھىرىگە كىردى. سۇلتان ئەھمەدخان بەلختىن ماۋرائۇننەھرگە بېرىپ غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ خانى ئىمامقۇلىغا بېقىندى، ئۇزاق ئۆتمەي ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قازا قىلدى.

## 3. ئابدۇللاخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەكەن خانلىقى

### (1) ئابدۇللاخاننىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى

ئابدۇرېھىمخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 12 - ئوغلى بولۇپ، ئۇ

ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلغانىدى. مەھمۇدخان ھىجرىيە 1004 - يىلى (مىلادى 1595 — 1596 - يىلى) ئۇنى تۇرپاننىڭ نائىبى قىلىپ تەيىنلىگەن، مەھمۇدخان ھايات ۋاقتىدا ئابدۇرېھىمخان تەپرىقە خاھىشىنى ئاشكارىلاپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن قوراللىق توقۇنۇشقانىدى. ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1609 - يىلدىن تەخمىنەن 1618 - يىلغىچە) دە ئۇ تەختنى تارتىۋېلىش قەستىدە غەربكە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلغان ھەم كېيىن ئۆزىنى خان دەپمۇ ئاتىغانىدى. ئابدۇلېتىپخان ھۆكۈمران قىلغان دەۋر (تەخمىنەن 1618 — 1631 - يىللىرى) دە ئابدۇرېھىمخاننىڭ تۇرشاۋۇل قىسىملىرى كۇچادىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ باينى ئىگىلىۋالغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەنىدى. ئابدۇرېھىمخان كۈچىنى توپلاپ يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى، ئويراتلار ۋە قازاقلار بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن دوستانە باردى - كەلدىنى ساقلىغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەربىي توقۇنۇش ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەنىدى. ئابدۇرېھىمخان يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم تەرەپلىرىدە (غەربتە ئاقسۇ، كورلا ئارىلىقىدىكى جايلاردىن باشلاپ شەرقتە جىيايۇيگۇەنگىچە) «ئۆز ئالدىغا 40 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان» [70]. ئۇ 77 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ھىجرىيە 1044 - يىلى (مىلادى 1634 — 1635 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن [71]. ئۇ توققۇز ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. ئۇلار ئابدۇللاخان، ئەبۇل مۇھەممەدخان، ئىبراھىم سۇلتان [72]، ئىسمائىلخان، باباق خان، ئاقباش سۇلتان، شاھ سۇلتان، مەنسۇر سۇلتان ۋە پىچان سۇلتان [73] قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى چاغدا يەكەن خانلىقى تارىخىدا زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى.

ئابدۇرېھىمخان ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭ 2 - ئوغلى ئەبۇل مۇھەممەدخان قۇمۇلدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئەمىر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئەبۇل مۇھەممەدخان دادىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال توپىلاڭچى ئەمىر بىلەن كېلىشىم

تۇزدى ـ دە، تەخت ۋارىسى بولۇش ئۈچۈن چالىشقا تېزدىن ئاتلاندى. ئابدۇرېھىمخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇللاخان يەتتە ياش چېغىدىلا كۇچا ھاكىمى مىرزا ئەبۇ ھادى تەرىپىدىن بارىمتايلىققا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى شۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەبۇ ھادى «ئېسىل مال بەرسە جاي ئىگىلىيەلەيدىغانلىقىنى» بىلگەچكە، قىزىنى ئابدۇللاخانغا ياتلىق قىلغانىدى. ئۇ ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابدۇللاخاننى ئېلىپ دەرھال چالىشقا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەبۇل مۇھەممەدخان موغۇللارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى بويىچە خانلىق تەختىنى ئاكىسى ئابدۇللاخانغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى تۇرپانغا قايتىپ كېتىدۇ. ئەبۇ ھادى پۈتكۈل شەرقىي قىسىم رايونلارنى كونترول قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم يەرلىك ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن سىرت، يەنە ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى بارلىق كىشىلەرنىمۇ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نەۋرىسىنى تەختكە چىقىرىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ چاڭگىلىغا كىرگۈزمەكچى بولىدۇ. مۇشۇ مەقسەتتە ئۇ تۇرپاندىكى ئەبۇل مۇھەممەدخانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. لېكىن، ئابدۇللاخان قېيناتىسىدىن ئەبۇ ھادىنىڭ سۇيىقەستىنى ئۇققاندىن كېيىن ئەمىرلەر بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ [74]. شۇنداق قىلىپ يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا تەرتىپ يەنە مۇقىملىشىدۇ. ئابدۇللاخان پۈتۈن زېھىن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دادىسى ئورۇندىيالمىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، يەنى يەكەندىكى خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىپ پۈتكۈل خانلىقنىڭ چوڭ خانى بولۇشقا جىددىي تەييارلىق كۆرىدۇ.

ھىجرىيە 1045 ـ يىلى (مىلادى 1635 — 1636 ـ يىلى) ئابدۇللاخان ھەربىي يۈرۈشنى باشلايدۇ. بۇ چاغدا يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ ھەمدە ئابدۇللاخان شادى خوجا ۋە بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (مىلادى 1638 — 1639 ـ يىلى) نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ يەكەن شەھىرىگە

كىرىپ، خانلىقنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ شادى خوجا، خوجا ناسىر، موللا سالىھ ۋە باشقا ۋەزىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن بىرلىكتە چوڭ خانلىق تەختىگە چىقتى.

ئابدۇللاخان يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە تەختكە چىققان خانلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇنى «يەكەن خانلىقىنى قايتا گۈللەندۈرگەن خان» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى شۇكى، ئۇ ناھايىتى زور كۈچ چىقىرىپ مەركەز ۋە يەرلىكتىكى ئەمەلدارلارنى تەرتىپكە سالدى، يەنى شاھ مەنسۇربەگنى ئۆزىگە ئاتالىق؛ شاھبەگنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى؛ باباقبەگنى مىرابلىققا تەيىنلىدى؛ مىرزا ئىسمائىل ئوردوبەگنى سول قانات قوشۇنىنىڭ ئۈچبېگىلىكىگە تەيىنلىدى؛ مىرزا پازىل جوراسنى ئوڭ قانات قوشۇن ئۈچبېگىلىكىگە تەيىنلىدى؛ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئەبۇل مۇھەممەدخاننى چالىش ۋە تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى؛ ئۈچىنچى ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتاننى قەشقەرنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىدى؛ سۇبھانقۇلىبەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە سۇلتاننىڭ ئاتالىقلىقىغا تەيىنلىدى؛ مىرزا شاھىدبەگنى يېڭىسارنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى؛ مىرزا ئابدۇساتتاربەگنى ئاقسۇنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى؛ مىرزا كۈچەك جوراسنى ئۇشنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى؛ مىرزا ئەرەببەگنى قاراقاشنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى؛ مىرزا شاباز جوراسنى سېرىققولنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئابدۇللاخان ئاقسۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر «ھىجرىيە 1045 ـ 1048 ـ يىللىرى (مىلادى 1635 ـ 1639 ـ يىللىرى)» دە ئۇنىڭغا ئەمەلدار بولغانلار، بەزىلىرى ئابدۇرېھىمخاننىڭ بۇرۇنقى ئەمەلدارلىرى، يەنە بەزىلىرى بولسا، سۇلتان ئەھمەدخان تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەن ئەمىرلەر ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەرتىۋە ئورنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش مۇقىم ئەمەس ئىدى. خان ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتەتتى. ئابدۇللاخان خانلىقنىڭ بۇرۇنقى بەزى ئەمەلدارلىرىنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇلتان

ئەھمەدخاننىڭ قازاق ئىمامقۇلىنىڭ قوللىشى بىلەن ئەسكەر باشلاپ ئەنجانغا ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئابدۇللاخان ئىلگىرىكى ئىسىلزادە ـ تۆرىلەرنىڭ ئۇلارغا دوست تارتىشىدىن ئەنسىرەپ قەشقەردە تەخمىنەن 200چە نوپۇزلۇق ئەرباپنى، جۈملىدىن دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلارنى؛ يەكەندە 100چە ئادەمنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىغا ياردەملەشكەن خوجا ناسىر ⑮ نى قەتل قىلىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ بۇ تەدبىرلىرى شۈبھىسىزكى، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىپ، خانلىقتا يەنە چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكىگە ئوخشاش ئەمىر ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىپ يەرلىك تەپرىقچى بولۇۋېلىشتەك ۋەزىيەتنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، لېكىن ئابدۇللاخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بەزى يۇقىرى تەبىقىدىكى دىنىي زاتلار قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر ئەمەس ئىدى، بۇ شادى خوجىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يېڭى بىر كۈچنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا، ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشى بىلەن ناھايىتى تېز زورىيىپ قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرالىغۇدەك كۈچكە ئايلىنىشىغا سەۋەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقىدىكى سىياسىي كۈرەش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

## (2) ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشى ۋە جازا يۈرۈشى

ئابدۇللاخان يەكەن خانلىقىغا قوشنا مىللەت ۋە خانلىقلارغىمۇ ئىجابىي سىياسەت قوللاندى. ھىجرىيە 1048 ـ يىلى (مىلادى 1638 ـ 1639 ـ يىلى) ئويراتلار (جۇڭغارلار) يەكەن خانلىقىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن ئابدۇللاخاننىڭ ئەمدىلا تەختكە چىققانلىقى، ئەلنىڭ تېخى مۇقىم ئەمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، خانلىق زېمىنىغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىردى. غونچىك، سىرىن ۋە سۇمەر باشچىلىقىدىكى قوشۇن خوتەن رايونىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. خوتەندىكى مۇھەممەد مەنسۇربەگ قوشۇن

باشلاپ ئويراتلارغا تاقابىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەڭدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئىبراھىم سۇلتان قوشۇن باشلاپ داۋاملىق باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ دۈشمەن قوشۇنىنى چېكىندۈردى. ئابدۇللاخان ئويراتلارنىڭ چېكىنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئاتالىق شاھ مەنسۇر بىلەن قەشقەر ھاكىمى سۇبھانقۇلنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى. لېكىن بۇ قوشۇن ئويراتلارنى قوغلاپ يېتەلمەي قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى يىلى ئويراتلار يەنە خانلىققا بېسىپ كىرىدۇ، ئۇلار ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى بۇلاپ - تالاپ قايتىپ كېتىدۇ. كۇچا ھاكىمى مۇسا قاسىم ئوردوبېگى بايغا بېرىپ ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن ماسلىشىپ دۈشمەن قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بېرىدۇ ۋە ئويراتلار قوشۇنىنىڭ سەردارى سۇمەر ۋە سېرىنىنى ھىلە - مىكىر بىلەن قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ چاغدا كۇچادا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ سەردارى مىرزا شىرمۇھەممەد توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ، ئابدۇللاخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. ئابدۇللاخان كۇچانى ئىگىلەپ ناھايىتى زور غەلىبە بىلەن پايتەختكە قايتىدۇ.

ھىجرىيە 1050 - يىلى (مىلادى 1640 — 1641-يىلى) ئابدۇللاخان نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن بىلەن بولۇر ۋە بەدەخشانغا جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە ئاساسلىق ۋەزىر ۋە ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى سىرىققولغا كەلگەندە ھازارخانى ئابدۇللاخان بىلەن كۆرۈشۈشكە كېلىدۇ. خان بەدەخشاندىكى ھازارلارنىڭ سەردارلىرىنى ئەمىرلەرنىڭ چېدىرىدا خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلارنىڭ يول باشلىشىدا خاننىڭ قوشۇنى بولۇرغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ چاغدا بولۇرغا بابۇر شاھ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. بابۇر شاھ يەكەن خانلىقى قوشۇنىنىڭ چېگرىغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئۆزىنىڭ ئاتالىقى ئەلبەگىنى قوشۇن باشلاپ قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ، ئۆزى ئارقىدىن يۈرۈش قىلىدۇ. ئەلبەگ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، بابۇر شاھ شەھەر ئىچىگە چېكىنىدۇ. شەھەر ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىدۇ.

ھېچقانداق قۇتۇلۇش يولى تاپالمىغان بابۇر شاھ ئۆز ئوغلى شاھ رەئىسنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. «خان شاھ بابۇرخاننىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، قايتىپ كېلىدۇ.» بەدەخشانغا قىلىنغان جازا يۈرۈشى توغرىسىدا شاھ مەھمۇد جوراس زادىلا سۆز ئاچمىغان (باشقا تارىخچىلارمۇ بۇ ھەقتە توختالمىغان)، ئۇ پەقەت «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دىلا «خان بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىدە ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدىلا بەدەخشاننى بويسۇندۇردى ھەمدە پايتەختكە قايتتى» دېگەن. مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەدەخشانغا بېسىپ كىردى ھەمدە ئۇنى بويسۇندۇردى دېيىش ھەقىقەتەن كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ. شۇڭا، شاھ مەھمۇد جوراسمۇ «لېكىن بۇنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ»[76] دېيىشكە مەجبۇر بولغان.

ئابدۇللاخان بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە غەربكە — پەرغانىگە يۈرۈش قىلدى. ئابدۇللاخان يەكەن ۋە قەشقەردىكى قوشۇننى باشلاپ ئۆزى ئالدىن ئاتلىنىدۇ، ئادەم ئەۋەتىپ ئاقسۇ، ئۇش، باي ۋە كۇچادىكى ئەمىرلەرگە قوشۇن باشلاپ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىشنى ئۇقتۇرىدۇ. ئابدۇللاخان ئوشقا كەلگەندە، ئوش خەلقى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوش شەھىرىنى[77] «خالىغانچە بۇلاپ - تالاپ ۋەيران قىلىدۇ». ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەر سىرتىغا چىقىپ بارگاھ قۇرىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئابدۇللاخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشكە كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگەن قىرغىزلارمۇ يېتىپ كېلىپ ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇرۇشتا ئابدۇللاخاننىڭ چىرىنغار قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، شاھبەگ پولادبەگ (ئەرشىدىن جەمەتىدىن)، شاھبازبەگ، مىرزا شاھمۇھەممەدبەگ، مىرزا فازىل، ئابدۇللا خوجا، قازى زامان خوجا، سالىھ خوجا ۋە مىرزا شاھ مۇھەممەدبەگ قاتارلىق ۋەزىر ۋە ئەمىرلەر ئېغىر يارىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇ، ئۇش ۋە كۇچانىڭ ئارقا سەپ قوشۇنىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن، ئەمىرلەر

ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان بىرلىككە كەلمىگەنلىكتىن، ئۇرۇش قىلىشتا ھەمكارلىشالمايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن قىرغىز ئەمىرلىرى قوشۇنلىرىنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇدا بەش كېچە - كۈندۈز قىرغىنچىلىق قىلىدۇ، ئابدۇللاخاننىڭ ئارقا سەپ قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس بۇ ھەقتە توختىلىپ: 2000 كىشىلىك قوشۇندىن پەقەت 150 كىشى «ئۆلۈم گىردابى»[78] دىن قۇتۇلدى، دەيدۇ. ئۇرۇشتا ئاقسۇنىڭ ھاكىمى قازى شاھ خوجا ۋە باينىڭ ھاكىمى خانقۇلىبەگ ئەسىرگە چۈشىدۇ، كۇچانىڭ ھاكىمى ئابدۇقاھار ۋە ئۇشنىڭ ھاكىمى مىرزا كۈچەك بەگ ئۆلىدۇ. قىرغىزلار خانقۇلىبەگنى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى ئابدۇللاخانغا دوكلات قىلسۇن دېگەن مەقسەتتە قويۇۋېتىدۇ. ئابدۇللاخان قىرغىزلار بىلەن قايتا ئۇرۇش قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ، قېپقالغان ئەسكەر - سەرۋازلارنى باشلاپ يەكەنگە چېكىنىدۇ ھەمدە ئاقسۇ، كۇچا، ئۇش قاتارلىق جايلارغا يېڭى ھاكىم ۋە قازىلارنى ئەۋەتىدۇ. قىرغىزلار يەنە ئاقسۇ ۋە ئۇشقا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ھەر قايسى شەھەردىكى يېڭى تەيىنلەنگەن ھاكىملار بىرلىشىپ، بىردەك ھەرىكەت قوللىنىپ، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرىدۇ.

بىر يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيە 1051 - يىلى (مىلادى 1641 - 1642 - يىلى) ئابدۇللاخان قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللەپ قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇ يۈرۈشكە شادى خوجا ۋە خوتەننىڭ نائىبى ئىبراھىم سۇلتانمۇ قاتنىشىدۇ. ئۇلار ئاقساي (توشقان دەرياسى بىلەن نارىن دەرياسى ئارىلىقىدىكى جاي) غا كەلگەندە قىرغىز قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشىدۇ، ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشىدۇ. قويسارى بىي ۋە يولبولدى بىي باشچىلىقىدىكى قىرغىز قوشۇنى دەسلەپتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن خوتەن قوشۇنىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشى ۋە شادى خوجىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى كۈچلۈك سەپەرۋەرلىكى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىدۇ. مانا بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ قىرغىزلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ ناھايىتى تەستە قولغا كەلتۈرگەن بىر قېتىملىق ئۇلۇغ غەلىبىسى

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى يۈرۈش تارىختا «ئاقسايغا يۈرۈش قىلىش» [79] دەپ ئاتالغان.

ھىجرىيە 1053 - يىلى (مىلادى 1643 — 1644 - يىلى) شادى خوجا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن [80] ئابدۇللاخان پەرغانىگە يەنە بىر قېتىم ئېغىز زور كۆلەملىك جازا يۈرۈشى قوزغايدۇ. بۇ قېتىم ئابدۇللاخان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلايدۇ، بۇ يۈرۈشكە يەنە مەشھۇر دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، خانلىق تەۋەسىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرى قاتنىشىدۇ. ئابدۇللاخان نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇش شەھىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئەنجان شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ ۋە شەھەر سىرتىدا بارگاھ قۇرىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى خاقان دەرۋازىسى ئالدىدىكى دۆڭلۈكنى ئىشغال قىلىپ، كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغايدۇ، خاقان دەرۋازىسى بىلەن مىرزا دەرۋازىسىنى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇندىكىلەر شەھەر ئىچىگە كىرىپ خالىغانچە بۇلاپ - تالايدۇ ۋە شەھەرنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۇشقا، ئاندىن غەلىبە تەنتەنىسى ئىچىدە پايتەختكە قايتىدۇ. ئەمما، ئابدۇللاخان پەرغانىدىن ئەمدىلا كېتىشىگە «ئەنجان خەلقى يىغىۋاشتىن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ» [81]. خانمۇ قايتىدىن قوشۇن توپلايدۇ، بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە قىرغىزلار بىلەن قىپچاقلارمۇ قاتنىشىدۇ، ئۇلار سارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن ۋە خەلققە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى بۇلايدۇ، ئاھالىلەر ئارقا - ئارقىدىن شەھەر ئىچىگە قېچىپ كىرىپ مۇداپىئەلىنىدۇ. بۇ چاغدا يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى ئەنجان شەھىرى سىرتىغا كېلىپ، خان دەرۋازىسى ئالدىدا بارگاھ قۇرىدۇ. ئەنجان شەھەر خەلقى ئابدۇللاخاننى كۈتۈۋېلىشقا ۋەكىل ئەۋەتىدۇ، ئابدۇللاخان ئۇلارنى دوستانە كۈتۈۋالىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئابدۇللاخان ئۇلارنى گۆرۈگە تۇتۇپ قالىدۇ، ئارقىدىن شەھەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەنجان شەھىرىدىكى خەلقلەر مەيلى ئۆزبېكلەر ياكى تاجىكلار بولسۇن، ھەممىسى شەھەر قورغىنىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ، لېكىن شەھەر سىرتىغا چىقىپ

جەڭ قىلمايدۇ. ئابدۇللاخان شەھەرنى زادىلا ئىشغال قىلالمايدۇ. شەھەر سىرتىدا يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپ بولمىغاچقا، ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى تەمىناتتا قىيىنىلىدۇ، شۇڭا ئابدۇللاخان ئەسكەرلىرىنى يەكەنگە چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## (3) ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش

ئابدۇللاخاننىڭ يولغا قويغان ئىچكى سىياسىتى، ئاساسەن مەركەزدىكى خاننىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، يەرلىك تەپرىقىچى كۈچلەر ۋە مەركەزدىكى زالىم ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش ئىدى. ھىجرىيە 1051 - يىلى (مىلادى 1641 — 1642 - يىلى) ئابدۇللاخان قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان «ئاقساي يۈرۈشى» دە، خوتەن نائىبى ئىبراھىم سۇلتاننىڭ قوشۇنى يەكەن خانلىقىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇپ، زور تۆھپە قوشقانىدى. لېكىن، خوتەن نائىبى ئىبراھىم سۇلتاننىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ كۈچلۈكلۈكى ئابدۇللاخاننى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. ئابدۇللاخان قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئىنىسىغا تەسەللى ئېيتىپ ئۇنى بەزلەپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن ئەمىرلىرىنى يىغىنغا چاقىرىپ ئۇلارغا ناھايىتى ئىشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى ھەمدە خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېڭى ھاكىملارنى تەيىنلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە بۇ نائىب ۋە ھاكىملارنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلاتقانلىق، ئۇلار بىلەن ئەمىرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالغانلىق ئىدى. ئارقىدىن ئابدۇللاخان «ئىبراھىمخان ۋە ئىسمائىلخانلارنى قولغا ئېلىپ سۈرگۈن قىلىش»[82] نى بۇيرۇيدۇ ۋە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئىككى بەگنى ئەۋەتىدۇ، ئىبراھىم سۇلتان ۋە ئىسمائىل سۇلتان تاغىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ چالىشقا كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەكەن خانلىقىنىڭ غەرب قىسىم رايونلىرىغا ئابدۇللاخاننىڭ ئەۋلادلىرىلا چوڭ شەھەرنىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، يەنى قەشقەرنى چوڭ ئوغلى يولۋاس

سۇلتان، ئاقسۇنى 2 - ئوغلى نۇرىددىن سۇلتان ئىدارە قىلىدۇ. ئابدۇللاخان ئۆزىنىڭ 5 - ئۇلۇغ بوۋىسى مۇھەممەدنى دوراپ، تەختنى چوڭ ئوغلىغا ئەمەس، كىچىك ئوغلىغا بېرىدۇ، ھالبۇكى قەدىمىي ئەنئەنە تېخى يوقالمىغان، بەلكى ئۇ يەنىلا رول ئوينايپ كېلىۋاتاتتى، سىياسىي قارانىيەتچىلەر ئەنئەنىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلەيتتى. تارىختىكى بارلىق مۇستەبىت خانلارغا ئوخشاش ئابدۇللاخان خان جەمەتىدىكىلەرگە ئىشەنمەيتتى، شۇڭا داۋاملىق تۇردە ئۆزىنىڭ دىتىغا ياقمىغان ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەمەلدارلار كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە خاننىڭ مۇستەبىتلىكىدىن بىزار ئىدى، بولۇپمۇ ئابدۇللاخان تەرىپىدىن يەكلەنگەن ئاشۇ ئەمەلدارلارنىڭ نارازىلىقى كۈچلۈك ئىدى. بەزى ۋەزىرلەر ئابدۇللاخانغا ھەجگە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئابدۇللاخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرۈپ، بەزى ئىشەنچلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن سەپەرگە چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. يولۋاس سۇلتان بىلەن قەشقەر ئەمىرلىرى ئابدۇللاخاننى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن يەكەنگە كەلگەندە، خان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەجگە بارغۇچىلار ئاللىبۇرۇن يولغا چىقىپ كەتكەنىدى. يەكەندە قالغان ئەمىرلەر شەھەر سىرتىغا چىقىپ سۇلتاننى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلار سۇلتاننى ئوردىغا ئەكېلىپ ئۇنى خان دەپ جاكارلايدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ يېرىم يولدا ئارقىسىغا يانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا ئاھالىلەر سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىماستىن «ھەركىم ئۆيلىرىگە كېتىدۇ»[83]، يولۋاس سۇلتان بىلەن ئۇنىڭ ئەمىرلىرى ئابدۇللاخاننى كۈتۈۋېلىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. خاننىڭ ئالدىدا يولۋاس سۇلتان ئەمىرلەرنى ئاشكارا ئەيىبلەپ: «ئۇلارنىڭ خاننى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن بىرلەشكەنلىك» قىلمىشىنى[84] پاش قىلىدۇ. ئابدۇللاخان كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ بىر تۈركۈم ئەمىرلەرنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىپ، ئورنىغا يېڭى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ بىر قانچە قېتىملىق قاتتىق زەربىسى بىلەن موڭغۇللارنىڭ

ئەسلىدىكى ئۇرۇقداشلىقنى ئاساس قىلغان ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ ھاكىمىيەتنى كونترول قىلالمايدىغان بولىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ كونكرېت يىل دەۋرى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئاكىمۇشكىن بۇ ۋەقەنى تەخمىنەن مىلادى 1650 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولغان دەپ قىياس قىلىدۇ [85].

## (4) مانجۇلار، قىرغىزلار ۋە ئويراتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

ئابدۇللاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى دەل مىڭ سۇلالىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئورۇن ئالمىشىۋاتقان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چىڭ سۇلالىسىگە قارىتا ئۆزىنىڭ دادىسى ئابدۇرېھىمخاننىڭ مىڭ سۇلالىسىگە قوللانغان سىياسىتىنى، يەنى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش، دوستانە ئالاقىدە بولۇش سىياسىتىنى ئىزچىل داۋام قىلدۇردى. «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 1646 ـ يىلى تۇرپان نائىبى ئەبۇل مۇھەممەدخان تۇتۇق ماسالان قاتارلىقلارنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، مانجۇلارغا «ئولپان تاپشۇرغان ھەمدە چىڭ سۇلالىسىدىن ئوردىغا تاپشۇرىدىغان ئولپاننىڭ نىسبىتىنى بېكىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان». چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۇنجى ئەلچىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «تاۋار- دۇردۇن، تون» ئىنئام قىلغان ھەمدە يارلىق چۈشۈرۈپ، ماسالانغا ئەبۇل مۇھەممەدخانغا: «سىلەر كونا ـ قائىدە بويىچە (يەنى مىڭ سۇلالىسى بەلگىلىگەن بەلگىلىمە — نەقىل ئالغۇچىدىن) ۋاقتى ـ قەرەلىدە سەممىيلىك بىلەن ئولپان تاپشۇرساڭلارلا، شاپائىتىمىز تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، شاپائەت قىلىشنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى بولسۇن!» [86] دېگەن سۆزنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى. مىلادى 1655 ـ يىلى ئابدۇللاخاننىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى[87] مىلادى 1656 ـ يىلى بېيجىڭغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەكەن خانلىقى چوڭ خانىنىڭ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىكتىكى سۇلالىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شۇنجى خانمۇ جاۋابەن 340 ئات، 720 توپ يىپەك رەخت سوۋغات قىلىپ كۆڭلىنى بىلدۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ يەكەن خانلىقى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم چىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرغان[88]. مانا بۇ يەكەن خانلىقى چوڭ خانىنىڭ چىڭ سۇلالىسى خانى بىلەن مۇقىم «ئولپان تاپشۇرۇش» مۇناسىۋىتى — دوستانە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئابدۇللاخان 2 - قېتىم پەرغانىگە يۈرۈش قىلغان چاغدا قىرغىزلارمۇ ئۇنىڭ يۈرۈشىگە قاتناشقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، خانىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. ئابدۇللاخان موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاتقاندىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ ئەمىرلىرىمۇ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىرغىز مىرزا بەگ ئولچاچ خان قوشۇنىدىن قېچىپ كېتىدۇ. خان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى بۇ ئىشنى يېڭىسارنىڭ ھاكىمى سائىمبېي بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قارا كۈچەكبېينى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ. لېكىن، قارا كۈچەكبېيمۇ ئەنجانغا قېچىپ كېتىدۇ، ئابدۇللاخان جىددىي يىغىن چاقىرىدۇ، ئەمىرلەر خانلىق تەۋەسىدىكى قىرغىزلارنى بىر - بىرلەپ يوقىتىش پىلانىغا بىردەك قوشۇلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار سائىمبېينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 مىڭغا يېقىن قىرغىزنى قەتلىئام قىلىدۇ. لېكىن، خانلىقمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ. نۇرغۇن ئەمىر ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى ئۆلىدۇ، ئابدۇللاخان قىرغىزلارنى تەلتۆكۈس باستۇرالمايدۇ. 2 - يىلى، قىرغىزلار بىلەن بولغان زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئابدۇللاخان سائىمبېينى «ئۆلتۈرگەن» ئۇتامىش ۋە نۇراشنى جازاغا تارتىپ، «قىرغىز كېيىكبېگ، ئېدىرىسبېگ ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ»[89]. شۇنىڭدىن باشلاپ قىرغىز ئەمىرلىرىنىڭ كۈچى كۈچىيىپ، ئۇلار يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

XVII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ئويراتلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلاردا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ. جۇڭغار قەبىلىسىدىن باتۇر قۇنتەيجى ھەر قايسى قەبىلىلەر تەرىپىدىن سەردارلىققا تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر تارقاق سىياسىي ھەربىي ئىتتىپاق شەكىللىنىدۇ. تارىختا بۇ خانلىق «جۇڭغارىيە خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

XVII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭغارىيە خانلىقىدىكى قەبىلىلەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قاراپ كېڭىيىشنى كۈچەيتىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە پائال تۈردە ئارىلىشىشقا باشلايدۇ ۋە ھەرقايسى مەزھەپتىكى كۈچلەرنىڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىشىنى قوللاپ، يەكەن خانلىقى ئۈچۈن ئېغىر تەھدىتكە ئايلىنىدۇ. ھىجرىيە 1066 - يىلى (مىلادى 1655 ـ 1656 - يىلى) دىن كېيىن ئويراتلار يەنە كىرىيە چېگرىسىغىچە بېسىپ كىرىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. ئابدۇللاخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىشكە دەرھال قوشۇن ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئويراتلار ناھايىتى تېز چېكىنىپ كېتىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى ئۇلارنى چەرچەنگىچە قوغلاپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلارغا يېتەلمەي قايتىپ كېلىدۇ[90]. ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇللاخان يەنە بىرقىسىم ئويراتلارنىڭ ئاتىبېشى دېگەن يەردە چارۋىچىلىق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. خان ۋەزىرلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى ئاتىبېشىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئىشتىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقان ئويراتلار نارىن دەرياسى بويىغا چېكىنىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاقسايغا بېرىپ ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ، يەنى: «ئەگەر ئېلىدان تەيشى[91] بىلەن ئۇچرىشالىساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزدىن ئۈمىد بار. مۇبادا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئۇ چاغدا بىز قايتىپ كېتىمىز»[92] دەيدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاقسايغا بارغاندا، توساتتىن ئارقا تەرەپتىن دۈشمەن پەيدا بولىدۇ: شۇ يىلى ئابدۇللاخان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان 3 - ئىنىسى ئىبراھىمخان ئويراتلارغا

بېقىنغاندى، بۇ چاغدا ئۇ ئويراتلارنىڭ قوشۇنى بىرلىكتە يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنىغا قورشاپ هۇجۇم قىلىدۇ. ئابدۇللاخان «بۇ يەردە ناھايىتى خەتەرلىك بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ»، ئىككىنچى كۈنى دۈشمەننىڭ بارگاھىغا شىددەتلىك هۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەن قوشۇنى تاغقا چىقىۋېلىپ بارگاھ قۇرغاندىن كېيىن ئابدۇللاخان ئەسكەرلىرىنى يەكەنگە چېكىندۈردى. بۇ قېتىمقى هەم خەلقنى ھالىدىن كەتكۈزگەن، هەم مال-مۈلۈكنى ئىسراپ قىلغان، ھېچقانداق نەتىجىسى كۆرۈلمىگەن جازا يۈرۈشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇش ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ئابدۇللاخان يەكەنگە قايتىپ كېلىپلا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خەلق تاپشۇرىدىغان باج - سېلىقنىڭ يېرىمىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

ئىبراھىمخان ئويراتلارنىڭ قوللىشى بىلەن قارا شەھەرنى بېسىۋالىدۇ. ئابدۇللاخان يەنە جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلىدۇ ھەمدە خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا (نامى خوجا پادىشاھ، ئۇ شادى خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى) نىمۇ بۇ يۈرۈشكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. خوتەن بىلەن ئاقسۇدىكى ئەمىرلەرمۇ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى كويقاناق تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، ئۇلار ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بايقايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغانلارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ، لېكىن ئاقسۇ نائىبى نۇرىددىنخان ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ مۇددەتتىن بۇرۇن قوشۇن ئەۋەتىپ تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىپ خېلىلا كۆپ ئەسىر ۋە ئولجىغا ئېرىشىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىن خان نارازى بولىدۇ، ئەمىرلەر تېخىمۇ بەك نارازى بولىدۇ، بۇ پۈتكۈل قوشۇننىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئىبراھىمخان، ئىسمائىلخان ۋە ئىلدان تەيشىلەر ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن قاراشەھەرنى تاشلاپ، چېگرا بويلىرىغا يۆتكىلىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى بۇلاڭ - تالاڭغا بېرىلىپ،

مالىمانلىشىپ كەتكەندى، «راستىنى ئېيتقاندا، قىلىپتىن چىقىپ كەتكەندى»[93]. شۇنىڭ بىلەن ئويراتلار نۇرىددىنخان باشچىلىقىدىكى قوشۇننى قورشاۋغا ئېلىۋالىدۇ؛ ئابدۇللاخان باشچىلىقىدىكى قوشۇن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. ئويراتلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىدۇ، نۇرغۇن ئەمىر ۋە دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكى زاتلار ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئابدۇللاخان ئاقسۇغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. نۇرىددىنخان ئويراتلارنىڭ سەردارى سېرىن ۋە ئېلدان تەيشىلەر بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ، ئادەم گۆرۈگە قويۇپ جەڭگاھتىن چېكىنىپ ئاقسۇغا قايتىدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئويراتلار گۆرۈگە ئېلىپ قالغان كىشىنى قويۇۋېتىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ بۇ قېتىمقى ئويراتلارغا قىلغان جازا يۈرۈشى يۈلتۈز يايلىقىدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، يەكەن خانلىقىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى تولۇق ئاشكارىلىنىدۇ.

شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا خاتىرىلىنىشىچە، گېلداما[94]مۇ ئاقسۇغا كېلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا نۇرىددىنخان ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن گېلداما غەربكە ھۇجۇم قىلىپ، قارادۆڭ قورغىنىنى ئىشغال قىلىدۇ. قەشقەر نائىبى يولۋاسخان دادىسىدىن ياردەم سورايدۇ، ئابدۇللاخان قەشقەرگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، لېكىن قەشقەر ۋە يەكەننىڭ ئەمىرلىرى گېلداما بىلەن ئۇرۇش قىلمايلا ئۇنىڭ بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ. گېلداما قەشقەردىن زېمىن ئىگىلەش تەلىپىدىن ۋاز كېچىپ، خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېتىدۇ. يولۋاسخانمۇ ئەمىرلەر ئىمزالىغان تىنچلىق كېلىشىمىنى تەستىقلاپ قىسقا مەزگىللىك خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرىدۇ[95].

زەڭگى [96] گېلدامانىڭ غەلىبىسىگە ھەۋەس قىلىپ 5000 سەرخىل ئەسكەرنى باشلاپ كىرىيىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. كىرىيىنىڭ ھاكىمى خۇدابەردىبەگ ئابدۇللاخاندىن ياردەم سورايدۇ، خان يەكەندىكى بارلىق ئەمىرلەر بىلەن قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ، خوتەن نائىبى ئۆبەيدۇللا سۇلتان (يولۋاسخاننىڭ ئوغلى) مۇ قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كېلىدۇ.

يەكەن ۋە قەشقەردىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇندا تەخمىنەن 10 مىڭچە ئەسكەر بار ئىدى. زەڭگى ياردەمچى قوشۇن كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ مۇھاسىرىنى بوشىتىپ ئاجىيانغا يۆتكىلىدۇ. ئابدۇللاخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كىرىيىگە ئاتلىنىدۇ. يولۋاسخانمۇ قوشۇن باشلاپ يېتىپ كېلىدۇ. ئابدۇللاخان ئەمىرلەرنىڭ دۈشمەنگە ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەرمەي، ئۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ ھەمدە قوشۇن باشلاپ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ نىيىگە بېرىپ ئۇ يەردە زەڭگى قوشۇنىغا تۇسۇپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. بىر كۈندىن كېيىن زەڭگى قوشۇنى يېتىپ كېلىپ ئۈچ قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، لېكىن يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلىدۇ. زەڭگى سۈلھى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئابدۇللاخانمۇ بۇ تەلەپكە قوشۇلىدۇ، كېلىشىم تۈزۈلگەندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرىدۇ.

## (5) ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە يولۋاسخاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىشى

نىيىدىكى تۇسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا يولۋاسخان باشچىلىقىدىكى قەشقەر قوشۇنى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن يولۋاسخان يەكەندىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلاپ، ئابدۇللاخاندىن ئىلگىرى مىرابلىققا قويۇلغان مىرزا تىنىبەگنى ئىشىكئاغىلىققا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار يولۋاسخاننىڭ ئوردىدىكى قوللىغۇچىلىرى ئىدى. ئابدۇللاخان بۇ تەلەپكە ئەلۋەتتە قوشۇلمايتتى، چۈنكى بۇ ئىككى ئەمەلنى ئۇتقان كىشىنىڭ بىرى پايتەختنىڭ نائىبى، قوشۇمچە پايتەخت مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ قوماندانى؛ يەنە بىرى بولسا، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئەگەر بۇ ئىككى ئەمەل ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولسا،

بۇ ئەمەلىيەتتە ئابدۇللاخاننىڭ بىر ئەسىرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا باراۋەر ئىدى. لېكىن، بۇ چاغدىكى يولۋاسخان ھەرگىزمۇ ئىلگىرى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش دادىسىنى كۆرۈش بىلەنلا ساراسىمىگە چۈشۈپ كەتمەيتتى، چۈنكى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئالىقاچان مەركەزدىكى چوڭ خان بىلەن تىركىشەلىگۈدەك دەرىجىگە يەتكەنىدى. شۇڭا، يولۋاسخان قوشۇنىنى باشلاپ خوتەندىن ئۇدۇللا قەشقەرگە قايتتى.

ئاقتاغلىق خوجىلارمۇ مەختۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، دىنىي ئەقىدە جەھەتتە قاراتاغلىق خوجىلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، ئۇلار نەقشىبەندىيە مەزھىپىدىكىلەر ھېسابلىناتتى. مەختۇم ئەزەم (1461 ـ 1541 ـ يىللىرى) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر) بىلەن 4ـ ئوغلى ئىسھاق ۋەلى دىنىي مەزھەپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ، ئۇزۇن مۇددەت مۇرەككەپ كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئاقتاغلىقلار مەزھىپى بىلەن قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنى تەدرىجىي شەكىللەندۇردى. قاراتاغلىق خوجىلار XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يەكەن خانلىقىدا پەيدىنپەي بىر سىياسىي كۈچكە ئايلاندى، XVII ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى، كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ ھاكىمىيەتنى كونترول قىلىدىغان، خاننى تىكلەيدىغان ۋە ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. تەخمىنەن XVII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئاقتاغلىق خوجىلار يەكەن خانلىقىغا كىردى، ئۇلارنىڭ ۋەكىلى ئىشان كالاننىڭ 4 ـ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىدى. دەسلەپتە ئۇ قۇمۇلدا ئولتۇراقلىشىدۇ ھەمدە شۇ يەردىكى دىنىي ئاقسۆڭەك سەيىد جېلىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىن ھىدايىتۇللا ئىسىملىك بىر پەرزەنت كۆرىدۇ (ئاپئاق خوجا دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر). XVII ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئابدۇللاخان يەكەن خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن خوجا يۈسۈپ قۇمۇلدىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ.

قەشقەر نائىبى يولۋاسخان مۇستەقىللىق خاھىشى ناھايىتى كۈچلۈك شاھزادە ئىدى، بولۇپمۇ سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۇ كۆرۈنۈشتە ئابدۇللاخانغا بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن «ماھىيەتتە قورال كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق ۋە ئىسيان كۆتۈرۈشكە خۇشتار ئىدى»[97]. شۇڭا ئۇ قوللىغۇچىلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ دىنىي كۈچلىرى تەبىئىي ھالدا يولۋاسخاننىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار XVI ئەسىردىلا قاراتاغلىقلار بىلەن ئۆچەكىشىشكە باشلىغانىدى. قاراتاغلىقلار دەل مەركەزدىكى خاننىڭ قوللىغۇچىلىرى ھېسابلىناتتى. ماھىيەتتە مەركەزدىكى خانغا قارشى چىقىشمۇ قاراتاغلىقلارغا قارشى تۇرغانلىق بولاتتى. شۇڭلاشقا، يولۋاسخان ئاقتاغلىق خوجىلار بىلەن ناھايىتى تېزلا سىياسىي ئىتتىپاق تەشكىل قىلىدۇ. ئاقتاغلىق خوجىلار يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا تېز زورىيىدۇ. يولۋاسخاننىڭمۇ ئەمەلىي كۈچى ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پائال قوللىشى بىلەن كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قاراتاغلىقلاردىن شادى خوجا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقتاغلىقلاردىن مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا ئۆلگەنلەرگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىش نامى بىلەن يەكەنگە كېلىپ، قاراتاغلىقلار تويۇقسىز كۈچلۈك رەھبىرىدىن ئايرىلىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەكەننىڭ دىنىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى كونترول قىلماقچى بولىدۇ، لېكىن قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى بىلەن ئۇ يەكەندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، ئۇ قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە قاراتاغلىقلار تەرىپىدىن «قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ»[98]. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. ئاپئاق خوجا دىنىي رەھبەرلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىدۇ، ئۇلار يولۋاسخاننىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن قارشىلىشىشىنى قوللايدۇ. بۇ نىيەتتىكى توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىنىڭ ئالدى -كەينىدە نامايان بولىدۇ: بۇ ئۇرۇشتىن بۇرۇن يولۋاسخان ئۆز ئەسكەرلىرىدىن بىر مۇستەقىل قوشۇن تەشكىللەيدۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن

مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ ھەمدە مەركەزدىن ئاشكارا بۆلۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇلار قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتلىرىغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى «گۇمانلىق» كىشىلەرنى قاتتىق جازالايدۇ. مۇشۇ دەۋردىكى قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ تارىخچىسى شاھ مۇھەممەد جوراس: «قەشقەر ئاھالىسى كەمبەغەللىچىلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ ئوت بىلەن سۇنىڭ ئىچىدە قالدى»[99] دەيدۇ. ئۇلار ھەتتا قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى بولغان پەيزىۋاتقىمۇ ھاكىم ئەۋەتىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا ئابدۇللاخاننىڭ قاراتاغلىقلارنى قوغداپ قېلىشقا مادارى قالمىغانىدى، ئاقسۇنىڭ نائىبى نۇرىددىنخان خوجا مۇھەممەد ئابدۇللانى ئۆزىنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇلارمۇ ئابدۇللاخان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاللىقاچان قاراتاغلىقلارنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، ئۇ مەغلۇبىيەت تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يولۋاسخاننىڭ كۈچلۈك بېسىمىدا ئابدۇللاخان سېرىققول بىلەن بارچۇقنى يولۋاسقا، خوتەندىن كىرىيىگىچە بولغان جايلارنى ئۇنىڭ ئوغلى ئۆبەيدۇللا سۇلتانغا بۆلۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئابدۇللاخاننىڭ قولىدا «يەكەن زېمىنىدىن باشقا زېمىن قالمايدۇ»[100] . لېكىن، يولۋاسخان يەكەن شەھىرىنىمۇ بوش قويمايدۇ، ئۇ دائىم يەكەندىكى ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرگە خەت ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئابدۇللاخانغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇترىتىدۇ. بەزى ئەمىرلەر بۇ ئەھۋالنى ئابدۇللاخانغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئابدۇللاخان ئەسلىدىلا قول ئاستىدىكىلەرگە قارىتا مۇستەبىت ۋە گۇمانخور بولغاچقا، ھىجرىيە 1076 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى (1666 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى )، يەنى يەكشەنبە كۈنىدە، يەكەن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى مەيداندا ئۆز قولى بىلەن مىرزا تىنىبەگ بىلەن نەجىبەگنى ئۆلتۈرىدۇ، ئىككىنچى كۈنى يەنە شۇ مەيداندا يولۋاسخاننىڭ قىزى، يەنى ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسى خانزادە خېنىمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇ يەنە خوتەنگە خەت ئەۋەتىپ «مۇھەممەد قاسىمبەگ ۋە ئەمىرلەر مېنىڭ بىخەتەرلىكىم ئۈچۈن سۇلتاننى ئۆلۈمگە

مەھكۇم قىلىڭلار، قوشۇننى قوراللاندۇرۇپ دەرھال يەكەنگە كېلىڭلار» (101) دەپ بۇيرۇق چۈشۈردۇ. خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆبەيدۇللا سۇلتان زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ئۆبەيدۇللا سۇلتان ئاتا - بالا ۋە بوۋا- نەۋرە ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشىدە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

خوتەن ئەمىرلىرى قوشۇن باشلاپ يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن ئابدۇللاخان ئۇلارنى ئۈستى - ئۈستىلەپ مۇكاپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاقسۇدىكى قوشۇننى يۆتكەش توغرىسىدا يارلىق ئەۋەتىدۇ، نۇرىددىنخان يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا بىلەن بىرلىكتە قوشۇن باشلاپ يەكەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئاقسۇدىكى قوشۇنلار يەكەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇللاخان نۇرىددىنخانغا شان - شەرەپ ئاتا قىلىدۇ، ئارقىدىنلا ئۇلار «گۇمانلىق» ۋە «سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن» بىر قىسىم كىشىلەرنى بىر قېتىم قەتلىئام قىلىدۇ. ئۇلار ئارقا سەپ مۇستەھكەملەندى، ئەمدى ھېچكىم ئىسيان كۆتۈرەلمەيدۇ، دەپ قاراپ ، قوشۇن باشلاپ قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. خوجا مۇھەممەد ئابدۇللامۇ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىدۇ. يولۋاسخان بىرقىسىم ئەمىرلەرنى يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۆزى تۈن قاراڭغۇسىدا يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ قەشقەردىن يوشۇرۇنچە قاچىدۇ ۋە ئويراتلارغا بېقىنىدۇ. نۇرىددىنخان ۋە خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا قەشقەر شەھىرىگە كىرىدۇ، ئابدۇللاخان قەشقەرنى نۇرىددىنخانغا ئىنئام قىلىپ، ئۆزى يەكەنگە قايتىدۇ. نۇرىددىنخان بىلەن قاراتاغلىق خوجىلار قەشقەردىكى دۈشمەنلەرنى يەنە بىر قېتىم قىرغىن قىلىدۇ. بۇ قىرغىنچىلىقتا قىرغىنغا ئەمىرلىرى جالالاتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، نۇرىددىنخان ئۇلارغا: «ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتسەڭلار، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى سىلەرگە بېرىمەن» دەيدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ تەقۋادار مۇرىتى بولسىمۇ، بۇ ئىشقا ناھايىتى ئادىللىق بىلەن باھا بېرىپ: «زورلۇق، ئۆكتەملىك ۋە قىرغىنچىلىقلار كىشىلەرنى تەسۋىرلىگۈسىز قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى» (102) دېگەنىدى.

نۇرىددىنخان بۇ غەلىبىدىن تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ جاھانغا پاتماي قالىدۇ ۋە دادىسىغا ئەنجانغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ. لېكىن، قوشۇن ئاتلىنىپ بېرىم يولغا كەلگەندە نۇرىددىنخان يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئابدۇللاخان قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە قايتىدۇ.

نۇرىددىنخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇللاخان ئاۋۋال مىرزا مىڭتۇراق جوراسنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئەمما ئۇ قەشقەر ھاكىمى ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ئابدۇللاخان ئۇنىڭ ئورنىغا قىرغىز قويسارى بىينى ھاكىملىققا تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭباغىش ئۇرۇقى قەشقەردە ماكانلىشىدۇ. لېكىن، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن زىتلىشىپ قالغاچقا، جەمئىيەت تىنچ بولمايدۇ. يولۋاسخان ئويراتلاردىن ئوچىرتۇخاننىڭ‹103› قوللىشى بىلەن قەشقەردىكى زېمىنغا قايتقاندا، ئاتۇش ئاھالىسى يولۋاسخاننى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۇ قوشۇن باشلاپ قەشقەر شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا، قەشقەردىكى بەزى ئەمىرلەر يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. يولۋاسخان بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر شەھىرىنى ئىگىلەشكە ئىشەنچ قىلالماي، قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىدۇ.

ھىجرىيە 1078 - يىلى (مىلادى 1667 — 1668 - يىلى) يولۋاسخاننىڭ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى يەكەنگە تارقالغاندىن كېيىن ئابدۇللاخان ناھايىتى ئالاقزادىلىككە چۈشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەنە كۇچانىڭ ھاكىمى خوجا يار قىپچاقنىڭ غەيرىي نورمال سۆز - ھەرىكەتلىرى ئابدۇللاخاننى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاخان دەرھال كېتىش قارارىغا كېلىدۇ. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇ تېخىمۇ گۇمانخور بولۇپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن بۇ مۇستەبىت زالىم پادىشاھتىن بىزار بولۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇللاخان ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان قول ئاستىدىكى 2000 كىشىلىك قىرغىز قوشۇننى يولۋاسخانغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ ئائىلىسىدىكىلەر، ئەمەلدارلىرى ۋە يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ ئوردىنى تاشلاپ، ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە ھەج قىلىشقا

ماڭدى، يەنى «يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش» شەكلى بىلەن تەختىدىن ۋاز كەچتى. كېيىن ئۇ چەت ئەلدە(104) ئالەمدىن ئۆتتىدۇ. ئابدۇللاخان مەككىگە كەتكەندىن كېيىن خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا مۇرىتلىرى ۋە نۇرغۇن ئەمىرلەرنى باشلاپ يەكەندىن ئاقسۇغا كېتىدۇ؛ يەنە بەزى ئەمىرلەر ئاۋۋال خوتەنگە، ئاندىن ئۇ يەردىن ئاقسۇغا بارىدۇ، قەشقەرنىڭ بەزى ئەمىرلىرىمۇ ئاقسۇغا بارىدۇ. ئۇلار يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئاقسۇنىڭ ئەمىرلىرى ئويراتلارنىڭ ئىبلدان تەيشىسىنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ئىسمائىلخاننى ئەكېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىبلدان تەيشى ئىسمائىلخان بىلەن ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، يەكەن ۋە قەشقەرنىڭ ئەمىرلىرىمۇ تۇركۇملەپ كېلىپ، ئىسمائىلخانغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار يەكەنگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلىدۇ، ئىبلدان تەيشىمۇ ئۆز ئوغلىنى يۈرۈشكە قاتناشتۇرىدۇ. خوجا مۇھەممەد ئابدۇللامۇ بارلىق مۇرىت ۋە مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. ئۇلار بارچۇققا كېلىپ شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالايدۇ، بەزىلىرى ئاقسۇغا قايتىپ كېتىدۇ، ئىسمائىلخان باشلاپ ماڭغان 1500 كىشى داۋاملىق يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. تۇرشاۋۇل قىسىم شامالباغ (يەكەننىڭ شىمالىدىكى چاھارباغ) قا ئورۇنلىشىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىدۇ.

ئابدۇللاخان يەكەندىن كەتكەندىن كېيىن قەشقەردە دەرھال يولۋاسخان قايتىپ كېلىدىكەن، دېگەن مىش - مىش پاراڭلار تارقىلىدۇ. مىرزا شەرىپبەگ ۋە مىرزا ئىسفەندىيارلار يولۋاسخاننى قوللايدىغانلار بولغاچقا، ئۇلار خەلق ئارىسىدا تەرغىباتچىلىق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يولۋاسخاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ. مىرزا شەرىپبەگ قاتارلىقلار يەنە يەكەنگىچە بولغان جايلاردا تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار يولۋاسخان قەشقەرگە كېلىپ بولدى، يەكەنلىكلەر ئادەم ئەۋەتىپ قارشى ئېلىشى كېرەك دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەكەنلىكلەر تاغارچىلىق ھاۋاز بەگ ۋە مۇپتى موللا قارا خوجا ھەم بىر قىسىم دىنىي يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى

يولۋاسخاننى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتىدۇ، لېكىن ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندە مىرزا شەرىپبەگ ئۇلارنى گۆرۈگە تۇتۇۋالىدۇ. ئاقسۇ قوشۇنى يەكەنگە كەلگەندە، شەھەر ئاھالىسى گۆرۈگە ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ قەشقەر ئەمىرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، كۈتۈپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىدۇ. بۇ چاغدا يولۋاسخان قەشقەرگە كېلىپ تۈن يېرىمىدا يەكەنگە يۈرۈش قىلىدۇ، يەكەندىكى نامدار كىشىلەر (مويسپىت كىشىلەر) يولۋاسخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىدۇ. كەينىدىن يولۋاسخاننىڭ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنىمۇ ئىز بېسىپ يېتىپ كېلىدۇ، ئۇلار يەكەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى توقاچ دېگەن جايدا ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر قەپەس شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ. قەشقەر قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ، لېكىن يولۋاسخان يەكەن شەھىرىنى ئاللىبۇرۇن ئىگىلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ قوشۇنى شەھەردىن بىخەتەر چېكىنىدۇ. ئىسمائىلخان قوشۇنىنى باشلاپ ئاقسۇغا قايتىدۇ (105).
يولۋاسخان ئاقتاغلىقلاردىن ئاپاق خوجا ۋە قەشقەر، يەكەندىكى تۆرىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنى يەكەن خانلىقىنىڭ چوڭ خانى دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ يېقىن كىشىلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا ھاكىملىققا تەيىنلىگەندىن كېيىن ئاندىن قاراتاغلىقلارغا قارىتا زىيانكەشلىك قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ «خوجا مۇھەممەد ئابدۇللاغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاقسۇغا بارغان كىشىلەرنىڭ يەكەندە قالغان ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى، جۈملىدىن خوتۇن - قىزلىرى ۋە بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ». ئۇ يەنە قارانبەگنى يەكەن ۋە خوتەن قوشۇنىنى، تاشلانبەگنى قەشقەر ۋە يېڭىسار قوشۇنىنى باشلاپ بىرلىكتە ئاقسۇغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. لېكىن، بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنى ئىسمائىلخان بەربات قىلىدۇ، ئۇ «ناھايىتى نۇرغۇن ئەسكەر ئالىدۇ، جازا يۈرۈشى قىلغان قىسىملاردىن ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا خەۋپتىن قۇتۇلىدۇ» (106).

يولۋاسخاننىڭ ئاقسۇغا قىلغان جازا يۈرۈشىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىپ قاچماقچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى

— جوڭغارىيە خانلىقىدىكى زەڭگى قونتەيجى دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئاقسۇغا قايتا يۈرۈش قىلىدۇ. زەڭگىنىڭ سىياسىي رەقىبى ئىبدان تەيشىمۇ ئەسكەر چىقىرىپ ئىسمائىلخاننى قوللاپ، ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەڭگە ھازىرلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەكەن خانلىقىدىكى ئىككى چوڭ سىياسىي كۈچنىڭ ۋە ئىككى چوڭ دىنىي مەزھەپنىڭ كۈرىشى ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي جوڭغارىيە خانلىقىدىكى ئىككى چوڭ سىياسىي كۈچنىڭ كۈرىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. جەڭ نەتىجىسىدە يولۋاسخان غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىدۇ، ئۇ «ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دۆلەتنى زەڭگىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، دادىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش» ، خانلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، مەككىگە بېرىپ «ھەج قىلىش» نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «خان ھوقۇقىنىڭ تۈرلۈك سىمۋوللۇق نەرسىلىرىنى» زەڭگىگە تاپشۇرۇپ يەكەنگە قايتىدۇ. زەڭگى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يولۋاسخاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىدكە «تاپشۇرۇپ» بېرىدۇ ھەمدە بۇ قورچاق خانغا يېڭى شۆكەم (باسقاقبەگ) بەلگىلەپ: مىرزا ئەلى شاھنى ئاتالىققا، ئىسفەندىياربەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا، ھاۋاز بەگنى ئىشىكئاغىلىققا، موللا قارا خوجىنى قازىلىققا تەيىنلەيدۇ. زەڭگى يەنە ئەركا بەگ باشچىلىقىدىكى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى «بۇ خانلىقنى قوغداش»[107] قا ئەۋەتىدۇ. ئەمما، يولۋاسخان يەكەنگە قايتقاندىن كېيىن تەختتىن ۋاز كەچمەي، ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشى بىلەن قاراتاغلىقلارنىڭ كۈچلىرىنى باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن، ئەركابەگ باشچىلىقىدىكى ئويرات قوشۇنى يولۋاسخاننىڭ ئارقىسىدىنلا يەكەنگە كېلىدۇ، ئەركابەگكە يولۋاسخاننى يوقىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى، يەنە كېلىپ ئۇ قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئەسلى سايراملىق كىشى ئىدى. ياش ۋاقتىدا ئويرات خانى باتۇر قونتەيجىنىڭ، كېيىن زەڭگىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. جەڭلەردە كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەچكە، ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ چاقىرىقى

ئۇنىڭ «ھېسداشلىقى»نى قوزغايدۇ، بولۇپمۇ ئاتالىق مىرزا ئەلى شاھنىڭ ئىنىسى داۋۇد خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئويرات قوشۇننى ئەلى شاھبەگنىڭ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىشكە ياردەمگە ئەۋەتىپ، يولۋاسخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ. لېكىن، ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ كۈچلىرى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، پائال ھەرىكەتلىنىپ قايتا ھۇجۇم قوزغاشنى پىلانلايدۇ. ئەمما، ئەلى شاھبەگ ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كەتكەچكە، بۇنىڭدىن ئەمەلدارلار نارازى بولىدۇ. يولۋاسخاننىڭ خانىكىسى بېكەم ئۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئەلى شاھبەگنى ئوردىغا ئالداپ ئەكىرىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەركابەگ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال يەكەندىن قەشقەرگە كېتىدۇ، ئۇ يەنە ئاقسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىسمائىلخاننى يەكەنگە يۆرۈش قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

## (6) ئىسمائىلخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى

ئىسمائىلخان يەكەندە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئابدۇلېتىپخاننىڭ ئەركابەگ باشچىلىقىدىكى ئويرات قوشۇنىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دەرھال يەكەنگە قوشۇن تارتىدۇ. ئېلدان تەيشى چوڭ ئوغلى چۈچېكىن باشچىلىقىدا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ئىبراھىمخاننىڭ ئوغلى بەھرام سۇلتانمۇ قوشۇننى باشلاپ ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىدۇ، قاراتاغلىق خوجىلار ھەربىي يۈرۈشنى قوللاپ، مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ. ئىسمائىلخاننىڭ قوشۇنى بارچۇققا كەلگەندىن كېيىن دولان ۋە بايرىن قەبىلىسىمۇ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. ئىسمائىلخان يەكەننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ، لېكىن يەكەندىكى ئەمىرلەر ئەلچىنىڭ بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى كېسىپ، ئۇنىڭغا ئارغامچا تۇتقۇزۇپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئىسمائىلخانغا سەن تەسلىم بول دېگەندىن بېشارەت

ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىر قەپەس شىددەتلىك جەڭدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاقسۇ قوشۇنى ئىككى كۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ يەكەننى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، بۇ چاغدا ئەركابەگمۇ ئويرات قوشۇنىنى باشلاپ ياردەمگە كېلىدۇ، لېكىن يەكەننىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولغاچقا، شەھەرنى ئېلىش قىيىنغا توختايدۇ. چۇچېكىن ۋە خوجايار قاتارلىقلار ئەڭ ياخشىسى ئاقسۇغا قايتىپ، تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە قايتا قوشۇن تارتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىسمائىلخان ئەركابەگنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ھەر قايسى يولدىكى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىپ قاغىلىقتا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. سۇ مەنبەسى ئۈزۈپ تاشلانغانلىقتىن، شەھەرنى ساقلاۋاتقانلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئىسمائىلخانغا تەسلىم بولىدۇ. يەكەن ئاھالىسى بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن ھاۋازبەگنىڭ باشچىلىقىدا شەھەر سىرتىغا يېتىپ كەلگەن ئىسمائىلخانغا تەسلىم بولىدۇ. لېكىن، ئابدۇلېتىپخان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئاقتاغلىقلاردىن ئاپئاق خوجىنىڭ ھىمايىسىدە يەكەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ھىجرىيە 1080 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11 - كۈنى (مىلادى 1670- يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) دۈشەنبە كۈنىدە ئىسمائىلخان بىلەن قاراتاغلىق خوجىلاردىن مۇھەممەد ئەبەيدۇللا شەھەردە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. چوڭ تۆرىلەر ۋە ئەمىرلەر كونا قائىدە بويىچە، ئىسمائىلخاننى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇ دەرھال خوجايار بىلەن ئىلياسبەگنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ، ئۇلار يولۋاسخاننىڭ قەشقەردىكى ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاقتاغلىقلارنى قانلىق باستۇرىدۇ. ئاقتاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپئاق خوجا قەشقەردىن كەشمىرگە قاچىدۇ. ئىسمائىلخان خانلىق ھوقۇقنى قايتا تەقسىم قىلىپ، ئىرسبەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا، ھەيدەربەگنى يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا، خوجايارنى خوتەننىڭ ھاكىملىقىغا، قاسىمبەگنى ئىشىكئاغىلىققا، قازى ئابدۇللانى قازىلىققا، ئەركابەگنى باش مىرابلىققا تەيىنلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاراتاغلىقلارنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى، شۇنداق قىلىپ قاراتاغلىق خوجىلار

خانلىق ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن كونترول قىلدۇ (108).

ئىسمائىلخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۇ ئابدۇللاخاننىڭ سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، خوجىلارنىڭ ئىسلىزادىلەرنى چەكلەپ، مەركەزدىكى خاننىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتكەنىدى. ئاپتورى نامەلۇم «قەشقەر تارىخى» دېگەن كىتابتا، ئىسمائىلخان «چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، كىچىكلەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلاتتى» دېيىلگەن. قىسقىسى، ئۇ «چوڭلارنى كىچىك كۆرۈپ، كىچىكلەرنى چوڭ كۆرگەن». لېكىن، بۇ نامەلۇم ئاپتور يەنە ئىسمائىلخان ئادىل، قەھرىمان، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىك خان ئىدى، دەيدۇ (109).

## (7) خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى

ئابدۇللاخان پۈتكۈل خانلىقنىڭ چوڭ خانى بولغاندىن كېيىن ئۇ دادىسى ئابدۇرېھىمخان باشقۇرغان زېمىنلارنى ئىنىلىرىغا بۆلۈپ بەرگەنىدى، يەنى 2 - ئىنىسى ئەبۇل مۇھەممەدنى قاراشەھەر بىلەن تۇرپانغا نائىب قىلدى. كېيىن 6 - ئىنىسى ئاپئاق سۇلتان ئەبۇل مۇھەممەدخاننىڭ قولىدىن قاراشەھەرنى تارتىۋالدۇ. باباق خان سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلماقچى بولۇپ، «غازات قىلىش» نامى بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق خېشى كارىدورىغا قوشۇن تارتقاندا، ئەبۇل مۇھەممەدخاننىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. باباق خان ھەر قېتىم قوشۇن تارتقاندا، ئۇ شۇ ھامان قومۇلغا قوشۇن تارتىپ، باباق خاننىڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ شەھەرنى قوغداشقا مەجبۇر قىلغان. ئاپتورى نامەلۇم «قەشقەر تارىخى» دا، باباق خان سۇجۇ بىلەن گەنجۇنى ئىشغال قىلغان (110) دېيىلگەن، لېكىن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا پەقەت «خېشىدىكى ئاسىيالاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارى دېڭگودۇڭ»، «قومۇلدىكى باباق خاننىڭ ئوغلى تۇرۇمتايىنى خان قىلدى، ئۇ سۇجۇنى ئىگىلىۋېلىپ ئىسيان كۆتۈردى، لېكىن ئۇ تېزلا قولغا ئېلىندى» (111)، دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمما ئۇنىڭدا گەنجۇنى ئىشغال

قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، ئەبۇل مۇھەممەدخان كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئىش قىلىشتا ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان، تۇرمۇشتا ئاددىي- ساددا خان ئىدى. لېكىن، ئۇ سەيلە - ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشى كەمچىل ئىدى. ئۇ 1653 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ‹112› دېيىلگەن.

ئەبۇل مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ 5 - ئىنىسى باباق خان دەرھال قۇمۇلدىن قوشۇن تارتىپ، تۇرپاننى ئىگىلىۋېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ. لېكىن، باباق خانغا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇكچىنىن ‹113› دېگەن يەردە ئۇنىڭ 3 - ئىنىسى ئىبراھىمنى خان دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باباق خان قۇمۇلغا چېكىنىپ، تۇرپاننى ئىبراھىمخانغا تاپشۇرىدۇ ھەمدە ئوغلى مۇھەممەد ئىمىننى پىچاننى چىڭ ساقلاشقا بۇيرۇيدۇ. تۇرپان قوشۇنى پىچانغا ھۇجۇم قىلىپ باش ئەمىر جەڭدە ئۆلگەچكە ئەسكەرلەر چېكىنىدۇ. ئىبراھىمنىڭ تۇرپاندىكى ھۆكۈمرانلىقى ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ، ئۇ ئىسيان كۆتۈرگەن رەقىبلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. باباق خان تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە 25 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تەخمىنەن 1678 - يىلى‹114› 53 يېشىدا قاراشەھەردە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئابدۇرەشىد، مۇھەممەدئىمىن، مۇھەممەد مۆمىن ئىسىملىك ئۈچ ئوغۇل قالىدۇ. باباق خان ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد قۇمۇلدا، 2 - ئوغلى مۇھەممەدئىمىن قاراشەھەردە ئىدى. چوڭ ئوغۇل ناھايىتى تېزلىكتە تۇرپانغا قايتىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ، قاراشەھەرگە بېرىدىغان ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئۈزۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش پارتلايدۇ. مۇھەممەد ئىمىن قوشۇن باشلاپ بۇكچىنغا كېلىدۇ، ئىككى تەرەپ بىر قانچە قېتىم قاتتىق تۇتۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمەيدۇ، جۇڭغارىيە ھۆكۈمدارى غالدان بوشۇكتۇخان بۇ جەڭگە ئارىلىشىپ ئابدۇرەشىدخان تەرەپتە تۇرغاچقا، مۇھەممەد ئىمىن تاغ ئىچىگە چېكىنىدۇ. 1679 - يىلى غالدان يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى

زېمىنىغا قوشۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. 1680 - يىلى غالدان يەكەننىڭ غەربىي قىسمىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئابدۇرەشىدخان تۇرپان قوشۇنىنى باشلاپ ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىشىدۇ، مۇھەممەد ئىمىن بىلەن مۇھەممەد مۆمىنمۇ غالداننىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ(115).

## (8) يەكەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئاقتاغلىق خوجىلاردىن ئاپئاق خوجا يەنە كەشمىردىن چىن (شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى پەنجاپنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ‹چىن› دەپ ئاتايتتى) نىڭ چۇ(جۇ) دېگەن يېرىگە بارىدۇ. ئاپاق خوجا ئۇ يەردىكى براخمانلار ئارىسىدا «مۆجىزە كۆرسىتىش ۋە دىن تارقىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى تىكلەيدۇ». ئاپئاق خوجا بۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ، ئۇ بارلىق كەس - يادىنى دىنىي ئېتىقادقا بېغىشلاپ، مۆجىزە كۆرسىتىش ۋە ئالدىن بىلەرمەنلىككە تايىنىپ، غەيرىي دىن مۇرىتلىرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. كېيىن ئاپئاق خوجا ئۇلاردىن: «مېنىڭ خانلىقىمنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرسەڭلار» دەپ ياردەم سورايدۇ. براھمان: «بۇ يەردىن ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىش ئىنتايىن مۇشكۇلدۇر» دەيدۇ. لېكىن ئۇ جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ تۆرىسى ( سەردارى) گە خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ئاپئاق خوجىغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ (116). چوقان ۋەلىخانوفمۇ ئاپاق خوجىنىڭ يەكەندىن كەتكەندىن كېيىنكى پائالىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ خوجا كەشمىرگە قاچىدۇ ھەمدە ئۇ يەردىن تىبەتكە بارىدۇ. ئۇ دالاي لامانى تاۋاپ قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، دالاي ئۇنى غالداننىڭ ئالدىغا مەكتۇپ ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ مەكتۇپتا غالداندىن ئاپئاقنىڭ يەكەن ۋە قەشقەردىكى ئورنىنى تىكلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى» (117). قارىغاندا، كېيىنكى خىل قاراش تارىخىي چىنلىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە

ئىلىمىزنىڭ قەشقەر تارىخىغا دائىر ئىككى ئەسىرى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ قارىشىدىن پايدىلىنىلغان (118).

غالداننىڭ ئەسلىدىلا پۈتكۈل يەكەن خانلىقىنى يۇتۇۋېلىش نىيىتى بار ئىدى، ئۇ دالاي لامانىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي دەرھال بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ 1680 - يىلى(119) 120 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، ئاقسۇ ۋە ئۇچ ئارقىلىق ئۇدۇل قەشقەر بىلەن يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. غالداننىڭ قوشۇنى ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىشى بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئاخىر يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. شەھەرنى قوغداۋاتقان هاۋازبەگ جەڭدە ئۆلىدۇ، ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئەسىرگە ئېلىنىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى يوقىتىلىدۇ.

## (9) ئاخىرقى سۆز

ئىلگىرىكى تارىخىي ئەسەرلەردە ئومۇمەن 1680 - يىلى جۇڭغارىيە خانلىقى يەكەن خانلىقى زېمىنىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغاندىن كېيىن غالدان بوشۇكتۇخان تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئاقتاغلىق خوجىلاردىن ئاپئاق خوجىنىڭ هۆكۈمرانلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىن يىللىق باج ئالغان، ھەتتا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىر «مۇقەددەس ئىسلام دۆلىتى»(120) قۇرۇلغان، دېيىلگەن. بۇ ئەۋلىيالارتەزكىرىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئىنگلىزچە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە كەڭ تارقالغان مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولغان. لېكىن، بۇ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن بۇ ئەسەر خېلى كېيىن، يەنى ھىجرىيە 1182 - يىلى (مىلادى 1768 ـ 1769 - يىلى) قەشقەردە يېزىلغانىدى. ئاپتور تەقۋادار مۇسۇلمان بولغاچقا، دىنىي كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايتتى، «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ

ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ تەھرىرى ئېلىئاس ئاپتورنىڭ «بۇ ئەسىرنىڭ بىر ئۇخۇشسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك» دەپ توغرا ئېيتقان. ئاپتور توختالغان ۋەقەلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىشەنچسىز، شۇڭلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى تۈزگەن ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر بىر قانچە تارىخىي ماتېرىياللار توپلىمىغا «تەزكىرەئى ئەزىزان» كىرگۈزۈلمىگەن، ئۇلارنىڭ مەخسۇس XVI - XVIII ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ ماتېرىياللىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ كىتاب تىلغا ئېلىنمىغان ‹121›. شۇڭا، 1680 - يىلدىن كېيىنكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى بىز چوقۇم ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن بايان قىلىشىمىز كېرەك. هازىر بار بولغان تارىخىي ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئالدى بىلەن ئېيتىشقا ئەرزىيدىغىنى، يەكەنلىك نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنى رۇس شەرقشۇناسى بارتولد 1902 - يىلى تاشكەنتتىن تاپقان ھەمدە ئۇنى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن. بارتولد بۇ ئەسەرگە ناھايىتى يۇقىرى باها بەرگەن. شۇڭا بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ «تۈركىستان ئېكسپېدىتسىيىسىدىن خۇلاسە دوكلاتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىمىز:

غالدان يەكەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن باباق خاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننى يەكەنگە خان قىلىپ تىكلەپ، ئۆزى ئېرەن قابۇرغىغا قايتىدۇ، ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئاپئاق خوجا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلۇپ ئاپاق خوجا تاغلىق رايونغا كېتىدۇ. ئۇزاق قالماي يەكەندە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەچكە، ئابدۇرەشىدخانمۇ تاغلىق رايونغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ 2 - ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن يەكەنگە كېلىپ قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ يەكەندىكى ھاكىمى مۇھەممەد شاھبەگ ئۇيراتلارنىڭ بەزى قوللىغۇچىلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، ئويراتپەرەسلەرنىڭ سەردارى ئاپئاق خوجىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈلىدۇ. مۇھەممەد شاھبەگ

ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇھەممەد ئىمىنخان ئاپئاق خوجىغا ئىتائەت قىلىپ ئۇنىڭ سادىق مۇرىتىغا ئايلىنىدۇ. لېكىن، كېيىن بۇ خوجا يەنە ئاقسۇ نائىبى خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئىسيانىنى قوللايدۇ. مۇھەممەد ئىمىنخان خۇدابەندى سۇلتاننىڭ توپىلىڭىنى باستۇرىدۇ. ئاپئاق خوجا يەنە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ مۇرىتلىرىنىڭ ئىسيانىنى قوزغايدۇ؛ مۇھەممەد ئىمىنخان قاغىلىقتا، ئاندىن قۇلاگانغا چېكىنىدۇ. «ئۇ قالتىس باتۇر كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ شەيخۇلئىسلامى بىلەن جەڭ قىلىشنى گۇناھ دەپ قارىغاچقا، تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.» مۇھەممەد ئىمىنخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاپئاق خوجىنىڭ ئوغلى يەھيا خوجا خان دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئاپئاق خوجا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندە، يەھيا خوجىمۇ ئويراتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. تۇرپان بىلەن يەكەندىكى بەگلەر يىغىن ئېچىپ، باباق خاننىڭ 3 - ئوغلى مۇھەممەد مۆمىننى خان دەپ جاكارلايدۇ. خەلق ئۇنى ئاقباشخان دەپ ئاتايدۇ. قەشقەر بەگلىرىمۇ سۇلتان مۇھەممەدنى خان دەپ ئېلان قىلىپ، يەكەن بىلەن قارشىلىشىدۇ. ئۇلار قىرغىزلارنىڭ ياردىمىدە يەكەننى ئىگىلەيدۇ، قىرغىزلار ئاقباشخاننى ئەسىرگە ئالىدۇ، يەكەننىڭ ئىشىكئاغىسى مىرزا ئەلەم شاھبەگ ئويرات قۇنتەيجىسى چۇقۇلا (چۇكۇلا) دىن ياردەم سورايدۇ. ئويرات قوشۇنى قۇنتەيجى چۇقۇلانىڭ باشچىلىقىدا يەكەنگە كەلگەندە، قىرغىزلار چېكىنىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن «ئەڭ مۇقەددەس خوجا» (ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان، بۇنىڭ قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجا بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى «قەشقەر تارىخى» نى يازغان نامەلۇم ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىن ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ ئاپتور ئۆزىنىڭ قاراتاغلىقلار مۇرىتى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىدۇ) بىلەن مىرزا ئەلەم شاھبەگ يەكەندىكى بارلىق پۇقرالارنى، ئېسىلزادىلەرنى، مۇسۇلمان يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنى قۇتقۇزىدۇ(122). نامەلۇم ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن بەزى ئەھۋاللارنى «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» دىن ئىسپاتلىغىلى ۋە تولۇقلىغىلى بولىدۇ. 1681 - يىلى مۇھەممەد

ئىمىن چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان، ئۇنىڭ تولۇق نامى «تۇرپانلىق ئەبۇل مۇزەپپەر سۇلتان مۇھەممەد باھادىرخان» ‹123› ئىدى. ئۇ 1686 - يىلى يەنە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرۇپ، ئۆزىنى «تۇرپانلىق ئەبۇل مۇزەپپەر مەھمۇد باتۇرخان» دەپ ئاتىغان ‹124›. 1696 - يىلى چىڭ سۇلالىسى بىر دوكلات تاپشۇرۇۋالغان، ئۇنىڭدا: «ئەل بولغان ئۇيغۇر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى غالدان تەرىپىدىن ئالدىنىپ 14 يىل قاماقتا ياتقانىكەن، ئەمدىلىكتە غالدان مەغلۇپ بولغاچقا، ئامان - ئېسەن قايتىپ كېتىپتۇ. يېقىندا ئاڭلىشىمىزچە، غالدان ھازىر قۇربان تامىر تايقول دېگەن يەردە ئىكەن، ئۇ يەردە ئۇنىڭ كۈنى تەس بولغاچقا، ئۇزاق تۇرالمايدىكەن، چىڭخەيگە بېرىشتا چوقۇم تۇرپان، قۇمۇل، يەكەندىن ئۆتىدىكەن، ئەمما قۇمۇل بىلەن جيايۈيگۇەننىڭ ئارىلىقى يېقىن، ئۇ يەردە سۇلالىمىزنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى تۇرىدۇ، يەكەننىڭ 20 مىڭچە مۇسۇلمان ئەسكىرى بار، ئۇلار تۇرپاندىن بىرىگە كېلىشكە پېتىنالماسلىقى مۇمكىن» ‹125›.

يۇقىرىقى ئىسلام تارىخى ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، 1680 - يىلى جۇڭغارىيە خانلىقى يەكەن خانلىقى زېمىنىنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن غالدان يەنىلا يەكەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن باباق خاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننى تەختكە چىقىرىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قولچومىقى قىلغان، لېكىن ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئاقتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا تېزلا زىددىيەت تۇغۇلغان، ئاپاق خوجا تاغقا چىقىپ كەتكەن، يەكەندە مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن، ئابدۇرەشىدخانمۇ ئارقىدىن يەكەننى تاشلاپ قاچقان، بۇ ۋەقە ئېھتىمال 1682 - يىلى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئابدۇرەشىدخان كېيىن غالداننىڭ قېشىغا قېچىپ بارغاندا، قولغا ئېلىنىپ 14 يىل قامالغان، 1696 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى غالداننى مەغلۇپ قىلغاندا ئۇ ئاندىن قاماقتىن بوشىغان. ئېھتىمال 1682 -يىلى ئابدۇرەشىدخان يەكەندىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 2 - ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىننى بەگلەر تەختكە چىقارغان. مۇھەممەد ئىمىنخان بىر قىسىم بەگلەر بىلەن بىرلىشىپ

ئويراتپەرەس كۈچلەرنى يوقىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپئاق خوجا ۋە ئويراتپەرەس بەگلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ھەمدە ئىسيان كۆتۈرۈلگەن. خان ئاپئاق خوجا بىلەن يارىشىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭ «سادىق» مۇرىتىغا ئايلانغان. مۇھەممەد ئىمىنخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇ ئىككى قېتىم تۇرپان خانى نامىدا چىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قوزغىغان، بۇنىڭغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئوخشاش تۇرپاننى كۆپ ئولپان تاپشۇرىدىغان چوڭ ئەل قاتارىغا كىرگۈزۈپ، يەكەننى ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزمىگەنلىكى سەۋەب بولغان، كېيىن مۇھەممەد ئىمىنخان بىلەن ئاپئاق خوجا زىتلىشىپ قالغان، ئاپئاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى ئىسيان كۆتۈرگەن. مۇھەممەد ئىمىنخان ئۆلتۈرۈلگەن، ئاپئاق خوجا ئوغلى يەھيا خوجىنىڭ ھىمايىسىدە تەختكە چىققان، بۇ ۋەقە تەخمىنەن 1692 - يىلى يۈز بەرگەن. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاپئاق خوجا يەكەندە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. يەنە سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئويراتلار يەھيا خوجىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى يىل، ئىككى ئاي داۋاملاشقان. تەخمىنەن 1694 - يىلى يەكەن ۋە تۇرپاندىكى بەگلەر يەنە ئابدۇرېشىدخاننىڭ 3 - ئوغلى مۇھەممەد مۆمىننى تەختكە چىقارغان. لېكىن قەشقەردىكى بەگلەرمۇ سۇلتان مۇھەممەدنى خان دەپ جاكارلىغان. ئۇلار قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، شەھەرنى ئىگىلىگەن، قىرغىز قوشۇنى مۇھەممەد مۆمىنخاننى ئەسىر ئالغان. يەكەندىكى بەگلەر ئويراتلارنىڭ قۇنتەيجىسى چۇقۇلادىن ياردەم سورىغان، چۇقۇلا قوشۇن باشلاپ يەكەنگە كەلگەندە، قىرغىز قوشۇنى چېكىنگەن. يەكەنگە مىرزا ئەلەم شاھبەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «ئەڭ مۇقەددەس» قاراتاغلىق خوجىلار ئۇنى پائال قوللايدۇ، ئۇنىڭ «كۆڭلى روھىي ئىلتىپاتقا تولىدۇ» [126]، نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» دا، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى خان دېگەن نامدا تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ۋەقە ئېھتىمال XVII ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىلىدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ سەلتەنىتى

ئــاخىرلىشــدۇ 《127》.

## ئىزاھلار:

①ليۇ جېڭيىننىڭ ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسى: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە خوجىلار جەمەتىگە دائىر تەتقىقاتتىكى ئۈچ مەسىلە»، 5 - بەت.

② ۋېي لياڭتاۋ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچۇغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمال مىللەتلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، 11 - سان، 1987 - يىل.

④ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 322 - بەت. «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 7 - توم، 402 - بەت، خەلق نەشرىياتى، 1959-يىل نەشرى.

⑤ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، لوجىپىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 236 - بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

⑥ غاپپاروف: «تاجىكلار تارىخى»، 422 - بەت، موسكۋا، 1972 - يىل.

⑦ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 9 - بەت.

⑧ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - قىسىم، 88 - بەت.

⑨ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 320 - بەت.

⑩ خرونىكا، 159 -، 160 - بەتلەر.

⑪ خرونىكا، 161 - بەت.

⑫ khwaja پارسچە سۆز بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىكى تۆرىلەرنى ئاتاشتا، كېيىن ھەرەم ئاغىسىنى ئاتاشتا ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆز ئەرەب تىلىغا كىرگەندىن كېيىن Khuwaja غا ئۆزگەرگەن، پېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە Khawaja شەكلىگە كەلگەن، مەنىسى «ئەپەندى» دېگەنلىك بولىدۇ؛ بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىللاردىكى شەكلى Khoja بولۇپ، ئۇ ماۋرائۇننەھر ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا، ئەڭ دەسلەپتە مەخسۇس خەلىپە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەمدە ئەلىنىڭ پاتىمەدىن باشقا خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىنى كۆرسىتەتتى. لېكىن، 14 - ئەسىردە بەزىلەر Khwaja نى كىشى ئىسمى ئورنىدا ئىشلەتكەن، مەسىلەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئۆتكەن ئىلياس خوجاخان ( Ilyas Khwaja Khan )، خىزىر خوجاخان ( Khizir

Khwaja Khan ) قاتارلىقلار. لېكىن Khwaja دېگەن بۇ نام مەختۇم ئەزەم جەمەتى دەۋرىگە كەلگەندە كونكرېتلاشقان، پەيغەمبەر تەرجىمىھالىدا كۆرسىتىلگەن تاشقى نەسەب (يەنى قانداشلىق نەسەبى) تىن قارىغاندا، بۇ سۆز يەنە پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نامى بولۇپ (بۇ پەيغەمبەر تەرجىمىھالىدا ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نۇرغۇن جايلار بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنى تولۇق ئىنكار قىلالايدىغان ئىشەنچلىك ماتېرىيال تېخى تېپىلمىدى)، سەيىد ( sayyid ) بىلەن مەنە جەھەتتىن ئوخشاش، شۇڭا مەختۇم ئەزەمنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سەيىد دېگەن نامنى قوللانغان. شۇ سەۋەبتىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغىتىدە خوجا دېگەن بۇ سۆزنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: (1) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ (2) فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھەم دۆلەتمەن، ھەم نام - شۆھرەتكە ئىگە كىشىلەرنى كۆرسىتەتتى، مەنىسى ئەپەندى، بېگىم، خوجا دېگەن ناملار بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ كىتابتا Khwaja دېگەن سۆزنى تۆرلۈك مەنىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئومۇمەن مەختۇم ئەزەم جەمەتىدىكىلەر بۇ نامنى ئىشلەتكەنلا بولسا «خوجا» ( 和卓 ) دەپ ئېلىندى، ئەمما باشقا كىشىلەر ئىشلەتكەن بولسا خوجى ( 火者 ) دەپ تەرجىمە قىلىندى. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 - نەشرى، 2 - توم، 865 - بەتكە، ئېلىئاسنىڭ مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان چاغدا يازغان كىرىش سۆزىگە (چېن جۇنمو، جۇڭ مېيجۇلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، «مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت تەرجىمە ماقالىلەر» نىڭ 8 - بۆلۈمىگە كىرگۈزۈلگەن، 1980 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزۈپ باستۇرغان) ؛ «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» 129- بەتكە قاراڭ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل.

⑬ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن نەقىل ئېلىندى.

⑭ بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى خانىقا، مەنىسى: (1) چوڭ مەسچىت؛ (2) مەسچىتنىڭ ئىچكى زالى؛ (3) ئىشان، سوپىلارنىڭ سەردارى پىرە ئوينايدىغان جاي («ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، 123 - بەت). ئېلىمىز خۇيزۇلىرى ئىچىدىكى نەقشبەندى مەزھەپىدىكىلەر ئۇنى « 道堂 » دەپ ئاتايدۇ.

⑮ ۋېي سۈيىي ئەپەندى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئەسىرى) نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىگە بېرىلگەن ئىزاھتا: ساما ئۇسسۇلى «شامان دىنىدىكىلەرنىڭ پىرە ئۇسسۇلى، ھازىر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ساما› دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسسۇلى بار» دەيدۇ (32 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

1981 - يىلى نەشرى) .

⑯ خرونكا، تەرجىمانىنىڭ 255 - بەتتىكى 20 - ئىزاھى.

⑰ مۇھەممەد سادىق قەشقەرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان»، بەيلىيۇ يازغان «قەشقەر تارىخى»، كوروۋپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە مەختۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرگە بارغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، تەپسىلاتىنى ليۇجېڭيىننىڭ ماگىستىرلىق ماقالىسى «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە خوجىلار جەمەتى تەتقىقاتىدىكى ئۈچ مەسىلە» نىڭ 14-بېتىدىن كۆرۈڭ.

⑱ ليۇجېڭيىن: «قەشقەر خوجىلار جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ۋە شىمالىي مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، 12 -، 13- سان، 1989 -، 1990 - يىل.

⑲ بەزى تارىخ كىتابلىرىدا ئۇ مەختۇم ئەزەمنىڭ 7 - ئوغلى دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىتا يولداش ليۇ جېڭيىن بىر قەدەر مۇۋاپىق چۈشەنچە بەرگەن: «ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ رەت تەرتىپىگە كەلسەك، چوڭ ئوغلى مۇھەممەدئىمىندىن سىرت، باشقا ئوغۇللىرىنىڭ رەت تەرتىپىنى تۇرغۇزماق تەس، چۈنكى قارىتاغلىق مۇخلىسلارنىڭ قولىدىن چىققان ‹تەزكىرەئى ئەزىزان›، بولسۇن ياكى ئاقتاغلىق مۇخلىسلار تۈزگەن ‹تەزكىرەئى خوجىگان›، بولسۇن، ھەرئىككىلىسىدە مەختۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى خوتۇنلىرىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغان، . . . ئىسھاق ۋەلى مەختۇم ئەزەمنىڭ 3 - خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى دەپ خاتىرىلەنگەن، مەختۇم ئەزەمنىڭ ئالدىنقى ئىككى خوتۇنىدىن جەمئىي ئالتە ئوغلى بار ئىدى. شۇڭا، ئىسھاق 7 - ئوغلى دەپ كۆرسىتىلگەن» ( «قەشقەردىكى خوجىلار جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى» دىن نەقىل) .

⑳ خرونكا، تەرجىمانىنىڭ 275 - بەتتىكى 94 - ئىزاھى.

㉑ ئىسھاق خوجىنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ كونكرېت يىل - دەۋرى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «ئەنىس ئەل تالىبىن» ( «ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دوستى» ) دا، خۇدابەندى سۇلتان ئۇنى قارشى ئېلىشقا خوتەنگە بارغانلىقى قەيت قىلىنغان، ئۇنداقتا ئۇ 1583 - يىلدىن بۇرۇن يەكەن خانلىقىغا بارغان بولىدۇ. يەنە شۇ ئاپتور يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، ئۇ يەكەندىن كەتكەن چاغدا مۇھەممەد سۇلتان ئاقسۇنىڭ نائىبى ئىدى دېيىلگەن، ۋەھالەنكى، 1587 - يىلغىچە مۇھەممەد سۇلتان قەشقەرنىڭ نائىبى ئىدى. ناۋادا مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ىدا ئېيتقان ئۇ يەكەن

خانلىقىدا 13 يىل تۇردى، دېگەن مەلۇماتى ئىشەنچلىك بولسا، ئۇنداقتا ئۇ 1575 - يىلدىن بۇرۇنلا يەكەن خانلىقىغا كەلگەن بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ 1581 -، 1586- يىللىرى يەكەن خانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسا كېرەك.

㉒ «جەلسۇل - مۇشتەقىن» («ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ ھەمسۆھبىتى»)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە A232 نومۇر قويۇلۇپ ساقلىنىۋاتقان نۇسخا، 38 -، 39 - بەتلەر، خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 276 - بەتتىكى 97- ئىزاھى

㉓ «ئەنىس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دوستى»)، قولىيازما نۇسخا، 90 - بەتنىڭ ئالدىنقى يۈزى؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 278- بەتتىكى 106 - ئىزاھى.

㉔ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 277 - بەتتىكى 101 - ئىزاھى.

㉕ ئىسھاق ۋەلى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بايانلارنى خرونىكىنىڭ 162 -، 165- بەتلىرىدىكى خوجا ئىسھاققا دائىر مەخسۇس بۆلۈملىرى ھەمدە تەرجىمانىنىڭ 275 -، 279 - بەتلىرىدىكى 94 - ، 114 - ئىزاھلىرىدىن كۆرۈڭ.

㉖ «قەلب نۇرى»، قولىيازما نۇسخا، 29 - بەتنىڭ كەينى يۈزى؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 281 - بەتتىكى 118 - ئىزاھى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى.

㉗ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 279 - بەتتىكى 111 - ئىزاھى.

㉘ خرونىكا، 175 - بەت.

㉙ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 309 - بەتتىكى شادى خوجىنىڭ يەكەن خانلىقىغا بارغان يىلىنى دەلىللىگەن 281 - ئىزاھى.

㉚ خرونىكا، 176 -، 177 - بەتلەر.

㉛ «ئەنىس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى»)، كۆچۈرمە نۇسخا، 96 - بەتنىڭ ئالدى يۈزى؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 289 - بەتتىكى 157 - ئىزاھى.

㉜ ئەھمەدخانىنىڭ تەختكە چىققانلىقى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى خرونىكىنىڭ 178 - بېتى ۋە تەرجىمانىنىڭ 310 - بەتتىكى 281 - ئىزاھىدىن كۆرۈڭ.

㉝ خرونىكا، 178 -، 179- بەتلەر.

㉞ مۇھەممەد قاسىم سۇلتان قۇرەيش سۇلتانىنىڭ نەۋرىسى، خۇدابەندى سۇلتانىنىڭ

ئوغلى، ئۇنىڭ ئانىسى مەھمۇدخاننىڭ قىزى خەدىچە خانىم ئىدى «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») دە خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەد قاسىم سۇلتان مەھمۇدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئابدۇرېھىم سۇلتاننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن چالىشقا ئورۇنلاشقان (قولىيازما نۇسخا، 84 ـ، 85 ـ بەتلەر، خىرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىماننىڭ 291 ـ بەتتىكى 167 ـ ئىزاھى).

⑮ خىرونىكا، 180 ـ بەت.

⑯ خىرونىكا، 180 ـ، 183 ـ بەتلەر، لېكىن مەھمۇد ئىبن ۋەلىنىڭ «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») دېگەن ئەسىرىدە، بەزى ئوخشىماسلىقلار بار: سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇكېرىم كېرىيىدە ئەمەل تۇتقان ھەمدە شۇ جايدىن ئەھمەدخاننىڭ قىزىنى ئالغان، لېكىن ئۇ مەركىزىي ھاكىمىيەتتىن يۈز ئۆرۈپ، سۇلتان ئابدۇرېھىمنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەن. ئابدۇرېھىم بۇ چاغدا سۇلتان مۇھەممەدنى مەغلۇپ قىلىپ كۇچانى بېسىۋالدى ھەمدە سۇلتان ئابدۇكېرىمنى كۇچانىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، بىرلىكتە ئاقسۇغا ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى قاسىم بايرىن ئەھمەدخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى، خان سۇلتان تۆمۈرنى قەشقەر ۋە يەكەندىكى قوشۇنلارنى باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. بېسىپ كىرگۈچىلەر ئاقسۇ رايونىدىن چېكىنىپ كۇچا شەھىرىنى مەھكەم ساقلىدى؛ سۇلتان تۆمۈر شەھەرنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالماي، شەھەر ئەتراپىنى ۋەيران قىلىپ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى. ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كۇچاغا ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان ئابدۇكېرىم سۇلتان ئابدۇرېھىمدىن ياردەم تەلەپ قىلدى، سۇلتان ئابدۇرېھىم سۇلتان قازاق ئىسكەندەرنى 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ مۇھاسىرىنى بوشىتىشقا ئەۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنى ھەيدەر جوراس ۋە قاسىم بايرىنلارنىڭ 10 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇنى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. سۇلتان ئابدۇكېرىم ئەل بولدى ھەمدە يەكەنگە ئاپىرىلدى، خان ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئاۋۋالقىدەك كېرىيىگە ئەۋەتتى. سۇلتان تۆمۈر شۇنىڭدىن باشلاپ ئويراتلارنىڭ سۈيۈرغال يېرىگە كىرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى؛ ئاندىن قىرغىز ۋە قازاقلارنىڭ قەبىلىلىرىنى ھەيدىۋەتتى. سۇلتان ئابلايخان قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان تۆمۈر «بۇ رايونلاردا يۈز بەرگەن ئىچكى مالىمانچىلىقنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى تازىلىۋەتتى» (كۆچۈرمە نۇسخا، 86 ـ، 87 ـ بەتلەر، خىرونىكىدىن ئېلىنغان نەقىل، تەرجىماننىڭ 292 ـ، 293ـ بەتلىرىكى 179ـ ئىزاھى).

㊲ تۆمۈر سۇلتاننىڭ ۋاپات بولغان يىلى توغرىسىدا خىرونىكىنىڭ 239 - بەتتىكى 185 - ئىزاھىغا قاراڭ.

㊳ خىرونىكا، 184 ـ، 186 - بەتلەر.

㊴ خىرونىكىغا قاراڭ، 187 ـ، 188 - بەتلەر، لېكىن «بەھرۇل ئەسرار فى مەنكىب ئەل - ئەخيار» نىڭ ئاپتورى بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ ۋاقتىنى سۇلتان تۆمۈر ئۆلۈشتىن بۇرۇن، يەنى ھىجرىيە 1023 - يىلى (1614 ـ، 1615 - يىلى) دىن بۇرۇن قىلىپ قويغان، كونكرېت جەريانىدىمۇ ئوخشىماسلىق بار: سۇلتان ئابدۇرېھىم ئۇچۇن خىزمەت قىلغان ئەبۇ ھادى مىكرىت يەكەنگە كەلگەندە، سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنى سۇلتان خۇدابەندىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلىگەن ۋە ئۇلارنى بىرلىكتە چالىشقا ئەۋەتىپ، خوتەن، ئاقسۇلاردىكى قوشۇنلىرىنى ھەمدە يەكەندىكى بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرغان. ئۇلار چالىشقا بېرىپ، شەھەر ئەتراپىنى بىر ئاي تالان - تاراج قىلغاندىن كېيىن كۇچاغا قايتىپ بارگاھ قۇردى، ئۇلار ۋاقىتلىق قوماندانلىق قىلغان قوشۇنلار ئەسلى ماكانلىرىغا قايتىپ كەتتى. بىر يىلدىن كېيىن ئەبۇ ھادى ئەھمەدخانغا، ئۇلار ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا چالىشنى بېسىۋالالايدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى ھەمدە خاننىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈندى. خان ئەبۇ گور ۋە ئابدۇغاپپار باشچىلىقىدا 1500 كىشىلىك قوشۇننى ۋە ئاقسۇدىكى بارلىق قوشۇنلىرىنى ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتتى. سۇلتان ئابدۇرېھىم ئاخباراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن چالىش شەھىرىدىن تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. سۇلتان ئىسكەندەر ۋە ئەبۇ ھادىلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۇزۇم ۋە تەرتىپلىرىنى ئورناتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقى قوزغىلىپ، قوزغىلاڭ پارتلاش خەۋپى تۇغۇلدى. ئەبۇ ھادى سۇلتان ئەھمەدخاندىن يەنە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى. خان يەنە مىرزاقۇل باشچىلىقىدىكى 500 ئەسكەرنى ۋە مىرزا شاھ مۇراد باشچىلىقىدىكى ئاقسۇدىن كەلگەن 1500 كىشىلىك قوشۇننى ھەمدە باينىڭ ھاكىمى سۇبھانقۇلىبەگنىڭ قوشۇننى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا سۇلتان تۆمۈرنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ئەمىرلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چالىش ئاھالىلىرى ئاشكارا ھالدا سۇلتان ئابدۇرېھىمغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. سۇلتان ئابدۇرېھىم بۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ چالىش شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قاتار ئۇرۇشلار يۈز بەردى. سۇلتان قازاق ئىسكەندەر بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلدى. سۇلتان ئىسكەندەر بىلەن ئەبۇ ھادى ئۆزىنىڭ مۇھاسىرىنى بوشىتالمىغانلىقتىن، كېچىدىن پايدىلىنىپ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. سۇلتان ئابدۇرېھىم ئالدىنئالا ئاھالىلەر يەتكۈزگەن مەخپىي

ئاخباراتقا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بەردى، لېكىن كېچىلىك ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. سۇلتان ئىسكەندەر بىلەن ئەبۇ ھادىلار كوچاغا تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە ماجىرا تۇغۇلدى. ئاقسۇنىڭ ھاكىمى مىرزا قاسىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مىرزا مەجىد باشچىلىقىدا 700 ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپ سۇلتان ئىسكەندەرنى قوللىدى. ئەمما، ئەبۇ ھادى چاپارمەن ئەۋەتىپ سۇلتان ئابدۇرېھىمغا يول تۆلەش ئارقىلىق، ئۇنى تېزلىكتە ئەسكەر ئەۋەتىپ كوچانى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئابدۇرېھىمنىڭ ئىتتىپاقداش دوستى قازاق ئېسىمخان كوچاغا كىردى، ئۇ سۇلتان ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قوزغىدى، مەغلۇبىيەت تەقدىرى بۇ سۇلتاننىڭ بېشىغا چۈشتى؛ مىرزا مەجىد سۇلتان ئىسكەندەرنى ئۇرۇش مەيدانىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇنىڭ ھاكىمى مىرزا قاسىمنى سۇلتان ئىسكەندەرنىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلىدى (قولىيازما نۇسخا، 87 ـ، 88 ـ بەتلەر، MNKX دىن ئېلىنىدى، 335 ـ، 338 ـ بەتلەر ھەم خرونىكىغا قاراڭ، تەرجىمانىنىڭ 294 ـ، 295 ـ بەتلەردىكى 189 ـ ئىزاھى).

⑩ خرونىكا، 188 ـ، 189 ـ بەتلەر.

⑪ «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل - ئەخيار» (ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى)، قولىيازما نۇسخا، 89 ـ، 90 ـ بەتلەر؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 295 ـ، 296 ـ بەتلەردىكى 195 ـ ئىزاھى.

⑫ خرونىكا، 189 ـ، 192 ـ بەتلەر؛ تەرجىمانىنىڭ 296 ـ بەتتىكى 196 ـ ئىزاھى.

⑬ خرونىكا، 192 ـ بەت، لېكىن «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل - ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») دىكى مەلۇمات ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ: ئەھمەدخان كېرىيە نائىبى ئابدۇكېرىم سۇلتاننى ئاقسۇدىكى توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى، لېكىن، ئۇچ ئاي ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپمۇ ئاقسۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلالمىغاچقا، يەكەنگە قايتتى؛ ئەھمەدخان ئۇنىڭغا يۆتكۈل خوتەننىڭ نائىبلىقىنى بەردى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىسكەندەر سۇلتاننى قوللىغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى بالىتقا سۇرگۈن قىلدى (خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 295 ـ، 296 ـ بەتلەردىكى 195 ـ ئىزاھى).

⑭ «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل - ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى»)، قولىيازما نۇسخا، 90 ـ بەت؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 297 ـ بەتتىكى 203 ـ ئىزاھى.

⑮ خرونىكا، 193 ـ بەت.

(46) خىرونىكا، 194 ـ بەت.

(47) خىرونىكا، 195 ـ بەت.

(48) خىرونىكا، 197 ـ بەت.

(49) خىرونىكا، 199 ـ بەت.

(50) خىرونىكا، تەرجىمانىڭ 297 ـ بەتتىكى 208 ـ ئىزاھىغا قاراڭ.

(51) تارىخىي كىتابلاردىكى ئابدۇلېتىپخانىڭ تەختكە چىققان يىلى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىردەك ئەمەس؛ «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ـ ئەخيار» («ئىبسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») دا، ھىجرىيە 1024 ـ يىلى (مىلادى 1617 ـ 1618 ـ يىلى)؛ «قەشقەر تارىخى» دا، ھىجرىيە 1026 ـ يىلى (مىلادى 1618 ـ يىلى) دېيىلگەن. ئاكمۇشكىن تەخمىنەن ھىجرىيە 1028 ـ يىلى (مىلادى 1618 ـ 1619 ـ يىلى) دەپ دەلىللىگەن، «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ نەسەبنامىسى (تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبنامىسى)» غا قاراڭ. خىرونىكا، تەرجىمانىڭ 298 ـ بەتتىكى 210 ـ ئىزاھى.

(52) نەجىب (نەچىپ)، بۇ ئەمەلگە سەئىد جەمەتىدىكىلەردىن تەيىنلىنىدۇ، بۇ ئەمەلنى تۇتقانلار ئوردىدا خانىڭ سول تەرىپىدە، خان ۋارىسىنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇرىدۇ؛ جەڭ مەزگىلىدە قوشۇنغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان سەركەردىلەرنى تەپتىش قىلىدۇ، تەپسىلاتىنى خىرونىكىدىن كۆرۈڭ. تەرجىمانىڭ 298 ـ بەتتىكى 212 ـ ئىزاھى.

(53) خىرونىكا، 202 ـ بەت.

(54) خىرونىكا، 203 ـ بەت.

(55) «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ـ ئەخيار» («ئىبسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى»)، قولىيازما نۇسخا، 91 ـ، 93 ـ بەتلەر، XKIM دىن ئېلىنغان، 339 ـ، 346 ـ بەتلەر؛ خىرونىكا، تەرجىمانىڭ 301 ـ، 303 ـ بەتلەردىكى 228 ـ ئىزاھى.

(56) خىرونىكا، 201 ـ بەت.

(57) خىرونىكا، 201 ـ بەت.

(58) خىرونىكا، 204 ـ بەت.

(59) خىرونىكا، تەرجىمانىڭ 307 ـ بەتتىكى 230 ـ ئىزاھى.

(60) ئابدۇلېتىپخانىڭ ئۆلگەن يىلى توغرىسىدا «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئىبسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») دا، ئۇ 12 يىل تەختتە ئولتۇردى، 26 يېشىدا، يەنى ھىجرىيە 1036 ـ يىلى (مىلادى 1026 ـ 1027 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى دېيىلگەن؛ «قەشقەر تارىخى» دا، 12 يىل تەختتە ئولتۇردى، 25 يىل

ئۈچ ئاي ئۆمۈر كۆردى، يەنى ھىجرىيە 1037 - يىلى (مىلادى 1627 – 1628 - يىلى) ئۆلدى، دېيىلگەن؛ «تارىخى ئەمىنىيە»دە، 12 يىل تەختتە ئولتۇردى، 26 يىل ياشىدى، ھىجرىيە 1037 - يىلى (مىلادى 1627 – 1628 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى، دېيىلگەن. لېكىن، ئاكمۇشكىن: ئۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 1040 - يىلى (مىلادى 1630– 1631 - يىلى) ئۆلگەن، دەپ قارايدۇ. «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ نەسەبنامىسى» (تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ نەسەبنامىسى)؛ خىرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 304 - بەتتىكى 236 - ئىزاھى.

(61) خىرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 304 - بەتتىكى 237 - ئىزاھى.

(62) خىرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 304 - بەتتىكى 237 - ئىزاھى.

(63) «قەشقەر تارىخى» ، قولىيازما نۇسخا، 82 - بەت؛ خىرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 305 - بەتتىكى 239 - ئىزاھى.

(64) «قەشقەر تارىخى» ، كۆچۈرمە نۇسخا، 83 - بەت، لېكىن «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») ھا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد بۇنىڭدىن بۇرۇنراق تەختكە چىققاندەك قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ سۈرگۈن قىلىنغان ئەمىرلەرنىڭ بىرى - مىرزا لېتىپ جوراس ھىجرىيە 1040- يىلى (مىلادى 1630- 1631- يىلى) بەلخكە بارغان (قولىيازما نۇسخا، 94- بەت). تەپسىلاتىنى خىرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 305 - بەتتىكى 241 - ئىزاھىدىن كۆرۈڭ.

(65) خىرونىكا، 209- بەت.

(66) خىرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 306 - بەتتىكى 252 - ئىزاھى.

(67) خىرونىكا، 210 - بەت.

(68) خىرونىكا، 210 - بەت.

(69) «قەشقەر تارىخى» ، قولىيازما نۇسخا، 87 - بەت؛ خىرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 306 - بەتتىكى 255 - ئىزاھى.

(70) خىرونىكا، 208 - بەت.

(71) «قەشقەر تارىخى» ، قولىيازما نۇسخا، 85 - بەت؛ خىرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 305 - بەتتىكى 243 - ئىزاھى.

(72) سۇلتانىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا «يات تائىپە موڭغۇل مۇسۇلمان تۆرىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» گە قاراڭ.

(73) «قەشقەر تارىخى» بىلەن «يات تائىپە موڭغۇل مۇسۇلمان تۆرىلەرنىڭ نەسەبنامىسى» دە، ئابدۇرېھىمخانىنىڭ توققۇز ئوغلى بار دېيىلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسمى، رەت تەرتىپىدە پەرق بار، تەپسىلاتىنى ۋېي لياڭتاۋ يازغان «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخ كىتابلاردىكى يەكەن خانلىقىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار توغرىسىدا مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1990 - يىللىق 4 - سان.

(74) خىرونىكا، 208 - بەت ۋە تەرجىمانىنىڭ 305 –، 306 - بەتلەردىكى 245 –،

246 ـ ئىزاھلىرىغا قاراڭ.

⑮ خرونىكا، 222 ـ بەت.

⑯ خرونىكا، 213 ـ بەت.

⑰ خرونىكا، 214 ـ بەت.

⑱ خرونىكا، 215 ـ بەت.

⑲ خرونىكا، 216 ـ بەت.

⑳ بۇ يەردە «ئەنس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دوستى») دېگەن كىتابتىكى يىل ـ دەۋر قوللىنىلدى (خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 309 ـ، 310 ـ بەتلەردىكى 281 ـ ئىزاھى)؛ ئەمما شۇ ئاپتور يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، ھىجرىيە 1055 ـ يىلى (مىلادى 1645 ـ 1646 ـ يىلى) دېيىلگەن (خرونىكا، 218 ـ بەت).

㉑ خرونىكا، 220 ـ بەت.

㉒ خرونىكا، 217 ـ بەت.

㉓ خرونىكا، 221 ـ بەت.

㉔ خرونىكا، 222 ـ بەت.

㉕ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 311 ـ بەتتىكى 290 ـ ئىزاھى.

㉖ «چىڭ شىزۇ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 26 ـ جىلد، شۈنجىنىڭ 3 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ شىنچيۇ كۈنى؛ شۇ يىلى شۇ ئاينىڭ رېنۋۇ كۈنى.

㉗ «يات تائىپە موڭغۇل مۇسۇلمان تۆرىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» 190 ـ جىلد.

㉘ «چىڭ شىزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 130 ـ جىلد، شۈنجىنىڭ 13 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ دىڭۋېي كۈنى ھەمدە شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ گېڭيەن، جياۋۇ، يىجى كۈنى 110 ـ جىلد، شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ كۈيچيۇ كۈنى.

㉙ خرونىكا، 223 ـ بەت.

㉚ خرونىكا، 222 ـ، 226 ـ بەتلەر.

㉛ ئېلدان تەيشى، ئاكىمۇشكىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى سۇمەر خويت قەبىلىسىدىكى سۇردو تەيشىنىڭ ئادىمى بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ.

㉜ خرونىكا، 226 ـ بەت.

㉝ خرونىكا، 228 ـ بەت.

㉞ گېلداما چىچەنخاننىڭ ئوغلى.

㉟ خرونىكا، 232 ـ، 233 ـ بەتلەر.

㊱ زەڭگى — باتۇر قۇنتەيجىنىڭ 5 ـ ئوغلى. باتۇر قۇنتەيجى 1653 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، خانلىق زېمىنىنىڭ يېرىمىنى زەڭگىگە، يېرىمىنى قالغان سەككىز ئوغلىغا بۆلۈپ بەرگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭغارىيە خانلىقى بۆلۈنۈپ كەتكەن (ئى. يا. زىلاتكىن: «جۇڭغارىيە خانلىقى تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 208 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە بەتكە قاراڭ. شائۇۋۇ نەشرىياتى، 1980-يىل نەشرى)

⑰ خرونكا، 234 ـ بەت.

⑱ ليۇ جېڭيىننىڭ ماگىستىرلىق ماقالىسى: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە خوجىلار جەمەتى تەتقىقاتىدىكى ئۈچ مەسىلە»، 28 ـ بەت.

⑲ خرونكا، 234 ـ بەت.

‹100› خرونكا، 235 ـ بەت.

‹101› خرونكا، 236 ـ بەت.

‹102› خرونبكا، 238 ـ بەت.

‹103› ئۇچىرتۇخان — باتۇر قۇنتەيجىنىڭ سادىق ئىتتىپاقچىسى، زەڭگىنىڭ قېيناتىسى؛ لېكىن كېيىن ئويراتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت مۇرەككەپلىشىپ كەتكەچكە، غالدان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

‹104› خرونكا، تەرجىمانىنىڭ 219 ـ، 220 ـ بەتلەردىكى 344 ـ ئىزاھى.

‹105› خرونكا، 240 ـ، 242 ـ بەتلەر.

‹106› خرونكا، 242 ـ بەت.

‹107› خرونكا، 243 ـ بەت.

‹108› خرونكا، 247 ـ، 249 ـ بەتلەر.

‹109› بارتولد: «تۈركىستاندىكى ئېكسپېدىتسىيىسىدىن خۇلاسە دوكلات» تىن نەقىل ئېلىنغان («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»)، 8 ـ توم، 187 ـ بەت، موسكۋا، 1973 ـ يىل نەشرى.

‹110› بارتولد: «تۈركىستاندىكى ئېكسپېدىتسىيىسىدىن خۇلاسە دوكلات» تىن نەقىل ئېلىنغان («بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»)، 8 ـ توم، 187 ـ بەت.

‹111› «يات تائىپە موڭغۇل مۇسۇلمان تۆرىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» 170 ـ جىلد ھەمدە 190 ـ جىلدقا قاراڭ. جى شيۈن: «قارام قەبىلىلەر توغرىسىدا قىسقىچە بايان» 15 ـ جىلد، خې نىڭ: «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 2 ـ جىلد.

‹112› بۇ خەنزۇچە تارىخىي كىتاب «يات تائىپە موڭغۇل مۇسۇلمان تۆرىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» 190 ـ جىلدتىكى يەكەن خانلىقىنىڭ ئەلچىسى كۇبايىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلىنىلغان. لېكىن شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، ئەبۇل مۇھەممەدخان ھىجرىيە 1066 ـ يىلى (مىلادى 1655 ـ 1656 ـ يىلى) تۇرپانغا 15 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، دېيىلگەن (خرونكا، 224 ـ بەت).

‹113› ئەسلى تېكىستتە بوكچىن. بارتولد: «ئۇ لۇكچۇننىڭ خاتا يېزىلىشى بولسا كېرەك» دەپ قارايدۇ («تۈركىستاندىكى ئېكسپېدىتسىيىسىدىن خۇلاسە دوكلات»، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 8 ـ توم، 187 ـ بەت). لۇكچۇن بۈگۈنكى پىچان

ناھىيىسىدە.

(114) سفارى جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بارغان چاغدا يازغان خاتىرىسىدە 1676 - يىلى تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ باباق خان ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان (ج. ف. بادىلېي: «روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو» خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 - توم، 2 - قىسىم، 1524 - بەت، شاڭۋۇ كۇتۇپخانىسى، 1981 - يىل)، 1679 - يىلى ئويراتلاردىن غالدان تۇرپان ۋە قومۇللارنى بېسىۋالغان چاغدا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە مۇسۇلمان يېزىقلىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە باباق خان تىلغا ئېلىنمىغان، ئۇ چاغدا ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن بولسا كېرەك (مەسىلەن «چىڭ شېڭزۇغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» نىڭ 82 -، 83 - جىلدلىرى، نامەلۇم ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» ۋە «يات تائىپە موڭغۇل مۇسۇلمان تۆرىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» دە ۋەھاكازالار). «يات تائىپە موڭغۇل مۇسۇلمان تۆرىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئەبۇل مۇھەممەدخان 1653 - يىلى ۋاپات بولغان، باباق خان ئۇنىڭغا ۋارىس بولۇپ، خانلىق تەختىدە 25 يىل ئولتۇرغان، ئۇ 1678 - يىلى ۋاپات بولغان، ۋېي لياڭتاۋنىڭ «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللاردىكى يەكەن خانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىللىق 4 - سان.

(115) نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»، بارتولد: «تۈركىستاندىكى ئېكسپېدىتسىيىسىدىن خۇلاسە دوكلات»تىن نەقىل ئېلىنغان، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 8 - توم، 187 -، 188 - بەتلەر.

(116) «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى 15 - ئىزاھ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا 121 -، 122 - بەتلەر، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمىلەر»، 1980 - يىللىق 8 - سان.

(117) چوقان ۋەلىخانوف: «جۇڭگو تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەرنىڭ 1858 -، 1859 - يىللاردىكى ئەھۋالى»، «چوقان ۋەلىخانوف ماقالىلىرى»، 3-توم، 127 -، 128 - بەتلەر، ئالما - ئاتا، 1985 - يىل.

(118) ئى. يا. زىلاتكىن: «جۇڭغارىيە خانلىقى تارىخى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 251 - بەت؛ لوجىپىڭ، دۇرۇڭكۇن قاتارلىقلار يازغان «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 90 - بەت.

(119) جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋالغان يىل، دەۋرى توغرىسىدىكى قاراشلار بىردەك ئەمەس: چوقان ۋەلىخانوف 1678 - يىلى دەپ؛ بىچۈرىن بولسا، 1679 - يىلى دەپ قارىغان. نامەلۇم ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» دېگەن كىتابلىرىدا 1682 - يىلى دېيىلگەن؛ گىرىگورىيېف 1683 - يىلى دەپ، يۈي تېيەنخاڭ 1680 - يىلى دەپ قارىغان. جۇڭغارىيە تارىخى تەتقىق قىلىنغان ئىككى مەخسۇس ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرىدىن زىلاتكىن 1679 - يىلى دەپ، لوجىپىڭ، دۇرۇڭكۇنلەر 1680 - يىلى دەپ قارايدۇ. ئاكىمۇشكىنمۇ 1680 - يىلى دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ توغرىدىكى كۆز قاراشلارنىڭ بىردەك

بولماسلىقىدىكى سەۋەب، جۇڭغارىيە خانلىقى كۆپ قېتىم جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان، لېكىن جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ يەكەن خانلىقىنى بىرىنچى قېتىم تولۇق بويسۇندۇرغان ۋاقتى 1680 - يىلى، ئۇزۇل - كېسىل بويسۇندۇرغان ۋاقتى 1685 - يىلى، دەپ قارايدۇ. بىز پەقەت تارىخىي ۋەقەلەرنى تەپسىلىي رەتكە تۇرغۇزساقلا، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى بىلەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەكەن خانلىقى زېمىنىنى قوشۇۋالغان، يەنى ئىسمائىلخاننىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقتىنىڭ 1680 - يىلى ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز، بۇ تارىخىي چىنلىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

(120) مارتىن خارتمان: «ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس بىر دۆلەت»، «شەرقتىكى ئىسلام دىنى توغرىسىدا دوكلات ۋە ئىزدىنىش»، 14 ـ 15، PP، 195 ـ 74، بېرلىن، 1905.

(121) ب. ئا. ئەخمەدوف: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ XVI ـ XVII ئەسىرلەردىكى تارىخ، جۇغراپىيىسى»، تاشكەنت، 1985 - يىل.

(122) بارتولد: «تۈركىستاندىكى ئېكسپېدىتسىيىسىدىن خۇلاسە دوكلات» قا قاراڭ، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 8 - توم، 188 ـ، 189 - بەتلەر؛ «قىرغىزلار ۋە قىرغىزلار رايونىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار»، موسكۋا، 222 ـ، 223 ـ بەتلەر.

(123) «چىڭ شېڭزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 98 - جىلد، كاڭشىنىڭ 20 - يىل 10 - ئاينىڭ گېڭيەن كۈنى.

(124) «چىڭ شېڭزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 128 - جىلد، كاڭشىنىڭ 25 - يىل 11 - ئاينىڭ بىڭۋۇ كۈنى.

(125) «چىڭ شېڭزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 175 - جىلد، كاڭشىنىڭ 35 - يىل 8 - ئاينىڭ كۈيىي كۈنى.

(126) MNKK، 1 - سان، 223 - بەت.

(127) خوجا جەمەتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىنى ۋېي لياڭتاۋ يازغان: «غەربىي يۇرت تارىخىدىكى كۆلەڭگە ـ ‹ئىسلام روھانىي دۆلىتى› ياكى خوجىلار دەۋرى توغرىسىدا ئەمەلىي مۇھاكىمە» دىن كۆرۈڭ، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 - يىللىق 4 - سان.

# ئالتىنچى باب
# خانلىق تۈزۈلمىسى ۋە ئەمەلدارلىق تۈزۈمى

## 1. خانلىق تۈزۈلمىسى

يەكەن خانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاساسەن چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تۈزۈلمىسىگە ئوخشاش ئىدى. «موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى چىڭگىزخاننىڭ ‹ ئالتۇن جەمەتى › بولۇپ، بارلىق موڭغۇل يۇقىرىلىرى ئۇلارغا بېقىناتتى. چىڭگىزخان ئائىلە مۈلكىنى بۆلۈش قائىدىسىگە ئاساسەن، ئىنىلىرىغا بۆلۈپ بېرەتتى»①. «موڭغۇل دۆلىتىنىڭ شىمالىي جۇڭگو (خۇابېي) دىكى ھۆكۈمرانلىق شەكلى بوزقىر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنىڭ ئىستېلا قىلىنغان خەلقى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان رايونلاردىكى داۋامى ئىدى. خەنزۇلار رايونىدىكى نوپۇسنىڭ بىر قىسمى چوڭ خانغا بىۋاستە تەئەللۇق ئىدى؛ بىر قىسمى خانلارغا، خان جەمەتىدىكىلەرگە ۋە تۆھپىكار ئەمەلدارلارغا بۆلۈپ بېرىلەتتى»②. بۇ دەل بارتولد كۆرسەتكەن بارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر قۇرغان ئىمپېرىيىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە، يەنى «ئۇرۇق قارىشى خۇسۇسىي قانۇن ساھەسىدىن دۆلەت قانۇنى ساھەسىگە ئۆزگەردى. دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مۈلكى دەپ قارالغاچقا، نۇرغۇن سۇيۇرغاللىق زېمىنغا بۆلۈندى؛ بەزىدە قۇدرەتلىك بېقىندىلار ئىمپېراتورنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلمىدى»③ دېگەن قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تەتقىق قىلساق، يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن يۇقىرىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز؛ لېكىن يەكەن خانلىقى چاغاتاي خانلىقىدىن ئۆزگەرگەن،

چاغاتاي خانلىقى — شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا 300 يىلچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بولۇپمۇ ئۇ دېھقانچىلىق رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەسىرىگە بارغانسېرى چوڭقۇر ئۇچرىغان، بۇ خانلىقنىڭ تۈزۈلمىسىدە ئەكس ئېتەتتى.

## (1) قۇرۇلتاي ۋە تەختكە ۋارىسلىق قىلىش

موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ قۇرۇلتايدىن ئىبارەت بۇ خىل ئىپتىدائىي قەبىلە ياكى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەش يىغىنى يەكەن خانلىقىدا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، لېكىن قۇرۇلتايغا ئاساسلىقى خان جەمەت ئەزالىرى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەمىرلىرى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى قاتناشتى، كېيىنچە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىمۇ قاتنىشىپ، قۇرۇلتاي خان - تۆرە، ئەمەلدارلارنىڭ يىغىنىغا ئايلاندى. قۇرۇلتايدا ئاساسلىقى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەربىي دۆلەتنىڭ چوڭ سىياسىي ئىشلىرى ھەققىدە، ئالايلۇق، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە سۆيۈرغاللىق زېمىنلارنى بۆلۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە قارار چىقىرىلاتتى. يەكەن خانلىقىدا رەسمىي «نائىب خان» ياكى «ۋەلىئەھد» يوق ئىدى، تارىختا ئۆتكەن چوڭ خانلارنى خان - تۆرە، ئەمەلدارلار يىغىنى «ئېلان قىلغان» ئىدى، بۇ دەل موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد چوڭ خانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ 2 - ئوغلى ئابدۇكېرىمخان خان دەپ ئېلان قىلىنغان، لېكىن ئۇنىڭ 4 - ئىنىسى سۇپى سۇلتانمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن تەخت تالىشىشى خەۋپى تۇغۇلغان؛ ھالبۇكى، چۇچۇك خانىم ئۇنىڭغا: «موغۇل (موڭغۇل) سۇلتانلىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنىدا قايسى ياشتا چوڭراق بولسا، شۇنى خان، خاقان (چوڭ خان) دەپ بىلىپ شۇنىڭغا

ئىتائەت قىلىپ كەلگەن» دەيدۇ. ئەنئەنىنىڭ چوڭ بېسىمىدا، نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى بار بۇ قەشقەر نائىبى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ: «ئابدۇكېرىمخاننى ئاتامنىڭ ئورنىدا بىلىمەن، ئۇنىڭغا جان - دىلىم بىلەن بويسۇنىمەن»④ دەيدۇ. ئابدۇكېرىمخان ئۆلگەندىن كېيىن خان - تۆرە، ئەمەلدارلار يەنە «چوڭى خان بولۇش» قەدىمىي ئەنئەنىسى بويىچە، ئۇنىڭ ئىنىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى مۇھەممەد سۇلتاننى خان دەپ جاكارلايدۇ. لېكىن مۇھەممەدخان تەختىنى ئوغلىغا بەرمەي، ئىنىسىغا بېرىش نىيىتىدە ئۆلۈشتىن ئاۋۋال بۇ ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەدسۇلتان خان - تۆرە، ئەمەلدارلارنىڭ «ئېلان قىلىشى» بىلەن تەختكە چىققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ موگغۇللارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى — «چوڭى خان بولۇش» ئەنئەنىسىگە خىلاپ بولغاچقا، بۇ ئىش سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ باشقا ئوغۇل، نەۋرىلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىسيان كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولغان. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كىچىك ئوغلى، تۇرپان نائىبى ئابدۇرېھىم سۇلتان كۇچاغا قوشۇن باشلاپ كېلىپ، بۇ يەرنىڭ سۇلتانىغا: «بىز بۇ يەرگە ئىسيان كۆتۈرۈپ كەلمىدۇق، بەلكى ئىتتىپاقلىشىپ ئاتا مىراس زېمىنىمىز يەكەننى تەلەپ قىلغىلى كەلدۇق» ⑤ دەيدۇ. ئابدۇرېھىم سۇلتان شۇ چاغدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىردىنبىر ھايات ئوغلى ئىدى، «دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مۈلكى» ۋە « چوڭى خان بولۇش» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە، ئۇ ئەلۋەتتە خان بولسا بولاتتى، شۇڭا ئۇ « يوللۇق ئىشتا يول قويمىدى » ، ئۆزىنى « خان» دەپ ئاتىدى ؛ ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاخان ئاخىر مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى، نەۋرىلىرىنى يوقىتىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ چوڭ خانى بولدى. لېكىن، ئابدۇللاخان تەختنى ئوغلىغا بەرمەكچى بولۇپ، ئىنىسىنى خانلىق دائىرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىدى، پادىشاھلىق تەختىنى ئوغلىغا بېرىش بۇ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. دېھقانچىلىق ئىقتىسادى مۇقىم، بېكىك بولغاچقا، ئۇ

ئۇستقۇرۇلمىنىڭمۇ مۇقىم، بىكىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پادشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇقىم بولۇشى پۈتكۈل ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇقىم، بىكىك بولۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى. ئەمما بىر خىل قەدىمي ئەنئەنىنىڭ بىكار قىلىنىشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئابدۇللاخان تەختىنى ئوغلىغا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوغلى تەختىنى ئابدۇللاخاننىڭ نەۋرىسىگە بەرمەي، 4 - ئىنىسى ئىسمائىلخانغا بەرگەن، شۇڭا يەكەن خانلىقى ئاخىر ھالاك بولغان، تەخت ۋارىسى قىلىشتا، خان- تۆرە، ئەمەلدارلار «چوڭىنى خان دەپ ئىلان قىلىش» تىن ئىبارەت كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى ئاساس قىلىنغان. گەرچە بۇنداق «ئىلان قىلىش» پاسسىپ بولسىمۇ، يەنى ئەمەلىيەتتە ئايلانغان رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش بولسىمۇ، لېكىن بۇ «دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مۈلكى» دېگەن بۇ ئاساسىي قاراش يەنىلا رول ئوينىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇرۇلتايدا چوڭ خاننىڭ تەخت ۋارىسى «ئىلان قىلىنغان» دىن باشقا، يەنە سۇيۇرغاللىق زېمىنلارنى تەقسىملەش ۋە ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئىشلىرىمۇ بىر تەرەپ قىلىنغان. مەسىلەن، ئابدۇلېتىپخان قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى شادى خوجا سەمەرقەنتتىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەندە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، يەكەننى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى مىرزا قۇربان جوراسقا ئىنئام قىلغان⑥.

## (2) سۇيۇرغال بېرىش تۈزۈمى ۋە نائىب (ۋالىي)نىڭ ھوقۇقى

«دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ مۈلكى» دېگەن قاراش بويىچە، چوڭ خان يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ۋىلايەتلەرگە ئايرىپ، ئۇلارنى خان جەمەت ئەزالىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. خانلىقنىڭ تارىخشۇناسى شاھ مەھمۇد جوراس ئابدۇكېرىمخاننى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنى ئىنىلىرىغا بۆلۈپ بەردى. ئۇلۇغ ئاتىسىدىن

قىپچالغان مۇلۇك ۋە (نۇرغۇن) قورال - ياراغلارغا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇقەددەس بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىنىلىرى بىلەن بىرلىكتە مىراسخور بولدى»⑦. خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سۇيۇرغال قىلىنىغان ۋىلايەتلەردىن ئاقسۇ، ئۇش، قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن، سىرىنققول قاتارلىق جايلار بار ئىدى، خانلىقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن يېڭىدىن قوشۇۋېلىنغان تۇرپان، چالىش، سۇيۇرغاللىق زېمىن قىلىنىغاندىن باشقا، يەنە ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىن كۇچا، قاغىلىق، قاراقاش، كېرىيە قاتارلىق جايلار سۇيۇرغاللىق زېمىن قىلىندى، سۇيۇرغاللىق زېمىنغا ئېرىشكەنلەر ئاساسلىقى خاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە قېرىنداشلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئىدى، ئۇلار نائىب (ۋالىي) دەپ ئاتالدى. نائىبنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنغا تولۇق ئىگىدارلىق هوقۇقى بار ئىدى، ئۇنىڭ بۇيرۇقى سۇيۇرغاللىق زېمىن دائىرىسىدە ئىزچىل ئىجرا قىلىناتتى، خان بۇنىڭغا ئارىلىشالمايتتى⑧. مۇھەممەدخان هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، ئۆزبېك قوشۇنى ئۇنىڭ زېمىنىغا كەڭ كۆلەمدە بېسىپ كىرگەن، «ئەنىس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دوستى») دە خاتىرىلىنىشىچە ئۆزبېكلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىگە مۇھەممەدخاننىڭ ئىلگىرىكى خاننىڭ ئوغلى شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتاننىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىدىكى هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقى سەۋەب بولغان، چۈنكى ئىلگىرىكى خان ئابدۇكېرىمخان ئۆزبېكلەرنىڭ ئابدۇللاخانى بىلەن دوست ئىدى، ئابدۇللاخان شاھ ھەيدەر مۇھەممەد سۇلتاننىڭ هوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن «قوشۇن تارتىپ گۇناھنى سۈرۈشتۈرگەن»⑨. دەرۋەقە بۇ بىر باھانە بولىسمۇ، لېكىن بۇ نائىبنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىدا خېلى هوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى يەنە بىر تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، لېكىن يەكەن خانلىقىدىكى نائىبلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلارغا مىراسخورلۇق هوقۇقى بولمىغان، نائىبلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ مەركەزدىن بۆلۈنۈپ تەپرىقىچىلىقنى يولغا قويغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا (بۇنىڭغا ئابدۇرېھىمخاننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ) چوڭ خان (خاقان) ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنى خالىغان ۋاقىتتا ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى، مەركەز

ھەر قايسى جايلاردىكى نائىبلارنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۇستاز، يەنى ئاتالىق ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمىرلەر ئىدى، ئۇلار ھەربىي ھوقۇق تۇتقاچقا، بۇ نائىبلارنى ئاسانلىقچە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويغان، لېكىن ئاتالىق بىلەن نائىب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇستاز بىلەن شاگىرتنىڭ مۇناسىۋىتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پايدا - زىيىنى بىر - بىرىگە باغلىق ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئاسانلا بىرلىشىۋېلىپ، مەركەزگە ئورتاق تاقابىل تۇراتتى، شۇڭا خانلىقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن مەركەز يەنە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى باشقۇرۇشقا ھاكىملارنى ئەۋەتتى. خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئابدۇللاخان مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشتى، ھەتتا سۇيۇرغاللىق زېمىنلارنىڭ قازىلىرىنىمۇ مەركەزدىن بىۋاسىتە ئەۋەتتى [10]. بۇ سۇيۇرغاللىق زېمىنلارنىڭ نائىبلىرىنى ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاشقا قىستىدى، بەزىلىرى بىر تەرەپنى ئىگىلىۋېلىپ مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەت قىلمىدى، بۇنىڭغا تۇرپاندىكى باباق خاننى، قەشقەردىكى يولۋاسخاننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بەزىلىرى ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى، ئۇلار غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىنكى بەگلەرگە ئوخشاش «يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئىجارە، باج - سېلىق » ئىشلىرىنىلا باشقۇردى، لېكىن ئۇلاردا غەربىي خەن دەۋرىدىكى بەگلەردىكىدەك مىراسخورلۇق ھوقۇقى يوق ئىدى ھەمدە ئۇلار ھەر ۋاقىت چوڭ خان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىش خەۋپى ئىچىدە ياشايتتى، بۇنىڭغا ئىبراھىم سۇلتان بىلەن ئىسمائىل سۇلتاننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ[11].

## 2. خانلىقنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى

يەكەن خانلىقىدا ئەمەلدارلىق تۈزۈمىگە دائىر مۇكەممەل ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردىلا بەزى ئەمەل

نامىلىرى تىلغا ئېلىنغان، يەنە كېلىپ بۇ ئەمەل ئوتتۇرا ئاسىيادا شۇ چاغدا ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى چاغلاردا بەزى ئەل ۋە رايونلاردىمۇ قوللىنىلغان، شۇڭا بىز ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، يەكەن خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى بىلەلەيمىز.

## (1) ھەربىي ئەمەلدارلار

يەكەن خانلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەن چارۋىچىلىق تىپىدىكى دۆلەت ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق تىپىدىكى دۆلەتلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى، كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — ئەسكەرلىك بىلەن يۇقىرالىقنى بىرلەشتۈرۈش، ئادەتتىكى چاغلاردا چارۋىچىلىق قىلىش، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىبارەت. قەبىلە، ئۇرۇقلارنىڭ سەردارلىرى ئادەتتىكى چاغلاردا خەلقنى باشقۇراتتى، ئۇرۇش ۋاقتىدا قوشۇنغا باشچىلىق قىلاتتى، بۇ قەبىلە، ئۇرۇق سەردارلىرى موڭغۇل قوۋملىرىدا ئەسلىدە نويان (نويون) دەپ ئاتالغان. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن، موڭغۇللار تۈركلەشكەن ۋە ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ سەردارلار ئەمىر، بېگى، بېك (بەگ) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەكەن خانلىقىدىكى موڭغۇل قوۋملىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاش تۇرمۇشىغا ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار تەدرىجىي يىمىرىلدى، خانلىق ئەسكەر مەنبەسى جەھەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بەزى بەگلەر نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن توپلىدى، بۇنىڭغا يەكەن ھاكىمى ئەكى شاھبېكنىڭ بىر ئاي ئىچىدە 3000 نۆكەر توپلىغانلىقىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ؛ يەنە بەزى مەلۇم ساندا قوراللىق كۈچكە ئىگە موڭغۇللاردىن باشقا كۆچمەن چارۋىچى قوۋملاردىن چىققان ئاقسۆڭەكلەرمۇ

بار ئىدى، مەسىلەن، دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكى زاتلار ۋە يەرلىك دەھرى پومېشچىكلارمۇ بېك (بەگ) دېگەن نامغا ئېرىشەلەيتتى، پولادبېك ئەنە شۇنداقلاردىن ئىدى، شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، ئۆزىنىڭ موللا ئەرشىدىن جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتكەن[12]. ھالبۇكى، موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ ئۇرۇق، قەبىلىلىرى يىمىرىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بۇنداق تەشكىلىي شەكلىنى، ھەتتا ئۇنىڭ قاسىرىقىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان، شۇڭا يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، بارلاس، جوراس قاتارلىق قەبىلىلەر خانلىقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن، تۆۋەندە يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان ھەربىي ئەمەلناملىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

**ئۇلۇسبېگى.** ئۇلۇس ئۇيغۇر تىلىدا «يۇقرا»، «ئەل»[13] دېگەن مەنىدە؛ بېگى يۇەن سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى چاغلاردا موڭغۇلچىدا «مەلىكە»[14] دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى، لېكىن چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تۈرك تىلىنىڭ تەسىرىدە ئۇ «سەردار» دېگەنگە ئۆزگەرگەن، ئەمما «ئۇلۇسبېگى» دېگەن بۇ بىرىكمە سۆز «ئەلنىڭ سەردارى» ياكى «قەبىلە سەردارى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلمىغان، ئۇ ئالىي ھۆرمەت نامى ئىدى[15]. يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد مۇھەممەد مىرزا مۇشۇ ئەمەل نامىغا ئېرىشكەن. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن مىرزا ئەلى تاغايى مۇشۇ مەنسەپكە قويۇلغان، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ باشقا ئەللەرگە سۈرگۈن قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار بۇ مەنسەپكە قويۇلمىغان. ئاكمۇشكىن ئۇلۇسبېگى يەنى ئۇلۇس ئەمىرى خانلىقتا خاندىن قالسىلا 1-نومۇرلۇق ئەرباب، دەپ قارايدۇ[16]. قارىغاندا، ئۇلۇسبېگى خەن شيەندى دەۋرىدىكى ۋەزىرگە تەڭ بولسا كېرەك، ئۇ ھوقۇقلۇق ئەمەلدار ئىدى، پادشاھنىڭ ھوقۇقى ئۆسكەندىن كېيىن قايتا ۋەزىر قويۇلمىغان، خاننىڭ ھوقۇقى ئۆسكەندىن كېيىنمۇ ئۇلۇسبېگى قويۇلمىغان.

**قوشبېگى.** قوش تۈركچە «چوڭ بارگاھ» («چوڭ چېدىرگاھ») دېگەن مەنىدە؛ ئۇ بەگ دېگەن سۆز بىلەن بىرىكىپ «چوڭ بارگاھ ئەمەلدارى» دېگەن مەنىگە ئىگە بولغان، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بۇ مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەر دائىم دېگۈدەك ئۇچبېگىلىكنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى، بۇنىڭغا مۇھەممەدخاننىڭ مىرزا ئىلياس ساغرىچىنى قوشبېگى ۋە ئۇچبېگىلىككە تەيىنلىگەنلىكىنى؛ ئەھمەدخاننىڭ مىرزا ئەبۇ گور ساغرىچىنى قوشبېگى ۋە ئۇچبېگىلىككە تەيىنلىگەنلىكىنى[17] مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئاكمۇشكىن بۇنىڭغا كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارنىڭ ھەم ئەسكەر، ھەم پۇقرا بولغانلىقى سەۋەب بولغان، ئادەتتىكى چاغلاردا پۇقرالارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن شىكارغا چىققاندا، بۇنىڭغا قوشبېگى، ئۇرۇش دەۋرىدە جەڭگە چىققاندا بۇنىڭغا ئۇچبېگى باشچىلىق قىلغان، كۆپ ھاللاردا بىر ئادەم بۇ ئىككى مەنسەپنى ئۆتىگەن[18]، دەپ قارايدۇ. XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى بۇخارا خانلىقىدىمۇ بۇ قوشبېگى دېگەن مەنسەپ بار ئىدى، سېميونوف بۇ پادىشاھتىن كېيىنكى ئالىي مەنسەپ، «ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ۋەزىرنىڭكىگە ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ، خانلىقنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى، ئۇ ئەھۋاللارنى پادىشاھقا مەلۇم قىلاتتى»[19] دەپ قارايدۇ. خانىكوف XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇخارا خانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدار قوشبېگى ئىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كۆپ تەرەپلىمە ئىدى[20]، دەيدۇ. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، قوشبېگى خانلىقتىكى مۇھىم مەنسەپدار ئىدى، قارىغاندا، ئۇلۇسبېگى ئادەتتىكى چاغلاردا موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ ھەربىي مەشقىنى باشقۇرغان، ئۇرۇش ۋاقتىدا دائىم دېگۈدەك سەركەردە ياكى قوماندان بولغان بولسا كېرەك، ئۇ خانلىقنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدا ئەڭ ئالىي ئەمەلدار ھېسابلانغان بولۇشى مۇمكىن.

**ئۇچبېگى.** ئۇ يەكەن خانلىقىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ بىرى، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇچبېگى خانلىق قوشۇنىغا چوڭ ئەمىر - ئەمىر كېبىر بولغان. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، بۇ مەنسەپنى دائىم دېگۈدەك قوشبېگى قوشۇمچە ئۆتىگەن. لېكىن، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بۇ جەھەتتە بىر ئاز ئۆزگىرىش بولغان، ئۇچبېگىلەر بىرىنچى قوشۇننىڭ ئۇچبېگى،

چىرىنغار قوشۇنىنىڭ ئۇچبېگى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، ئۇچبېگىلىكنى ئۇلۇسبېگى قوشۇمچە ئۆتىمەيدىغان بولغان، ئۇنىڭغا ئابدۇللاخاننىڭ مىرزا ئىسمائىل ئوردوبېگىنى بىرىنغار قوشۇنىنىڭ ئۇچبېگىلىكىگە، مىرزا فازىل جوراسنى چىرىنغار قوشۇنىنىڭ ئۇچبېگىلىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ، ئۇلارقوشبېگىلىكنى قوشۇمچە ئۆتىمىگەن، باشقىلارمۇ قوشبېگىلىككە تەيىنلەنمىگەن[21]. بۇ ئېھتىمال مۇنداق بىر خىل پاكىتنى: شۇ چاغدا موگغۇل قوۋملىرى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان ھەم ئەسكەر، ھەم پۇقرا بولۇش بىرلەشتۇرۇلگەن تەشكىل يىمىرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئادەتتىكى چاغلاردا كۆچمەن چارۋىچىلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇشنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار قوشبېگى قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرسە كېرەك.

**تۇغبېگى.** ئۇ خاننىڭ بارگاھىدىكى ھەربىي ئەمەلدار، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خاننىڭ تۇغىنى مۇھاپىزەت قىلىش، كاتتا مۇراسىم ياكى ھەربىي يۈرۈشلەردە خاننىڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت[22]. يەكەن خانلىقىغا ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا خوجا مۇھەممەد سادىق، ئابدۇللاخان دەۋرىدە شاھىت (شقايتۇ) تۇغچىبەگ بولغان[23].

**تاۋاچى.** تاۋاچى دۆلەتنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئورگىنىدا مۇھاپىزەتچىلىك رولىنى ئوينىغان، بولۇپمۇ قوشۇنلارنىڭ يىغىلىشى ۋە سىرتقا شىكارغا چىقىشنى ئۇقتۇراتتى[24]. يەكەن خانلىقىغا ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، قەشقەر نائىبى تۆمۈر سۇلتاننىڭ قول ئاستىدا مۇشۇنداق بىر ئەمەلدار بولغان[25].

**ئەمىر.** ئەمىر ئەرەبچە «سەردار»، «ھۆكۈمران»، «پادشاھ» دېگەن مەنىدە؛ بۇ نام يەكەن خانلىقى دەۋرىدە «ھەربىي ئەمەلدار»، «سەركەردە» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان، ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان، ئۇلار دائىم دېگۈدەك قەبىلە ياكى ئۇرۇقلارنىڭ مەلۇم ساندىكى پۇقرا - ئەسكەرلىرىنى ئىلكىدە تۇتاتتى.

بېك (بەگ) . بۇ تۈركچە نام بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە «سەردار» ، «خان - تۆرە» دېگەن مەنىدە ئىدى؛ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، ئىلكىدە مۇئەييەن كىشىلىك قوشۇنى بار كۆچمەن چارۋىچى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ياكى باشقا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە كىشىلەر دائىم دېگۇدەك بېك دەپ ئاتالدى، بۇنىڭ مەنىسى «ھەربىي ئەمەلدار» ، «سەركەردە» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ نام ئەمىر دېگەن نام بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. شۇ چاغقا كەلگەندە، ئەمىر دېگەن نام تارىخىي كىتابلاردا ئاز چېلىقىدىغان بولغان، ئۇنىڭ ئورنىنى بېك دېگەن نام ئىگىلىگەن.

## (2) ئوردا ئەمەلدارلىرى

يەكەن خانلىقىدا بارلىق كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەرگە ئوخشاش، خان جەمەتى ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان مەھكىمىلەر ئالاھىدە كۆپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورنىمۇ يۇقىرى بولغان، بۇ دەل «دۆلەتنى خان جەمەتىنىڭ مۈلكى دەپ قاراش» تەك نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

ئىشىكئاغا. ئىشىك — تۈركچە «ئىشىك» (دەرۋازا) ؛ ئاغا — «خوجايىن» دېگەن مەنىدە، بۇ ئىككى سۆز قوشۇلۇپ «ئىشىكنىڭ (دەرۋازىنىڭ) خوجايىنى» ياكى «دەرۋازىۋەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىشىكئاغا يەكەن خانلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم مەنسەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى بىۋاسىتە باشقۇرغان، ئۇنىڭ دەرىجىسى چىڭگىزخان دەۋرىدىكى تورغاۋۇتلار باشلىقى، يەنى ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ باشلىقىغا تەڭ ئىدى. شۇڭا، يەكەن خانلىقىدا ھەر قېتىم يېڭى خان تەختكە چىقىپ مەركەزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى تەرتىپكە سالغاندا، ئىشىكئاغىنى ۋەزىر، ئاتالىق بىللەن بىللە ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن. ئىشىكئاغا چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەگ.تۈزۈمىدە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خەنزۇچىدا ( 伊沙噶 ) ياكى ( 伊沙罕 ) دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئۇ ھاكىمنىڭ ياردەمچىسى ئىدى، جاۋ خۇيىنىڭ پادىشاھ چيەنلۇڭغا يوللىغان مەلۇماتنامىسىدە، ئىشىكئاغىنىڭ ئورنى 15 خىل بەگلىك دەرىجىسىنىڭ

2ـ دەرىجىسىگە تىزىلغان ㉖.

**ياتىشبېگى.** ياتىش — «خاننىڭ كېچىلىك مۇھاپىزەتچىسى» دېگەن مەنىدە؛ ئۇنىڭغا «بېگى» دېگەن سۆز قوشۇلسا، «خاننىڭ كېچىلىك مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ ئەمەلدارى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئاكمۇشكىن ياتىشبېگى يەنە پايتەخت يەكەننىڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن ㉗، دەپ قارايدۇ. ئابدۇللاخان دەۋرىدە مىرزا ھاجىم ياتىشبېگى بولغان ㉘.

**باخشى.** بۇ سۆز شامان دىنىدىن كەلگەن، ئۇ «بىتىكچى»، «كاتىپ» دېگەن مەنىدە. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملار ئارىسىدا قوللىنىلغان چاغدا، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا كاتىپلىق قىلغانلار باخشى دەپ ئاتالغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە باخشى خاننىڭ كاتىپى، مۇلازىمى ئىدى، مەسىلەن، شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، ئەھمەدخان بارچۇققا شىكارغا بارغاندا، ئۇنىڭ بىر نەچچە مۇلازىملىرى ئىچىدە خۇدابەندى باخشى ئىسىملىك بىرسى بارلىقىنى تىلغا ئالغان ㉙.

**باكاۋۇل.** بۇ تۈركچە ئەمەل نامى، باكاۋۇل خاننىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ تەمىنى تېتىيدىغان مۇلازىم ۋە يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىغا مەسئۇل خوجىدار ئىدى. ئابدۇللاخان ئەمىرلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىش ئۈچۈن، ئىبدىرسىبەگنى باكاۋۇللۇققا ئۆستۈرگەن، بۇنىڭدىن باكاۋۇلمۇ خېلى مۇھىم ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ㉚.

**مىراخور.** بۇ پارسچە ئەمەل نامى، مىراخور ئات - يىلقىلارنى ۋە باشقا جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ئۇنىڭ دەرىجىسى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مىراقۇل (تەيپۇ) غا توغرا كېلىدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، مىراخور دېگەن نامنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئەھمەدخان دەۋرىدە خوجا ئۇۋەيس، ئابدۇلېتىپخان دەۋرىدە تاھىر، ئابدۇللاخان دەۋرىدە تەڭرىقۇلى مىراخور بولغان ㉛.

**ياساۋۇل.** ئاكمۇشكىن ياساۋۇل تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار،

ئۇنىڭ ۋەزىپىسى خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن قوشبېگى، ئاتالىق، ھاكىم قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى خاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىش، دەپ قارايدۇ. خانىكوف بولسا، ياساۋۇل ئوردىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك مۇلازىم، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇششاق - چۈششەك مەمۇرىي ئىشلارنى بېجىرىش، دەپ قارايدۇ[32]. لېكىن، يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە باقاۋۇلنىڭ ئورنى ئۆسكەن، ئابدۇللاخان يېقىنى چۈپىك مىرزا بىلەن مىرزا ھىندىقۇش مىرزىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرىنچى بۈيۈك ئەمىر، ئىككىنچى بۈيۈك ئەمىر، ھىراۋۇل قوشۇنىنىڭ ياساۋۇلى قىلىپ تەيىنلىگەن[33]. بۇلارنىڭ مىرزا دېگەن نامى بارلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار بولماسلىقى مۇقەررەر، تۆۋەن دەرىجىلىك مۇلازىم بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بەلكى خاننىڭ مەھرىمى بولۇشى مۇمكىن. ئەينى چاغدا ئابدۇللاخان مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىۋاتاتتى، ئۇلار قوشۇن نازارەتچىسى سۈپىتىدە قوشۇنغا ئەۋەتىلگەن بولسا كېرەك.

## (3) مەركەز ئەمەلدارلىرى

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەربىي ئەمەلدارلار قوشۇمچە مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان، بولۇپمۇ ئۇلۇسبېگى خانلىقىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقىنى تۇتقان، لېكىن خان ھوقۇقىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ھەربىي ئەمەلدارلار تەدرىجىي خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرمايدىغان بولغان، شۇنىڭ بىللە مەركەزنىڭ بىر يۈرۈش ئەمەلدارلىق تۈزۈمىمۇ تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن، يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا چېلىقىدىغان مەركەز ئەمەلدارلىرى تۆۋەندىكىچە:

ۋەزىر. بۇ ئەرەبچە سۆز، سۆزمۇ سۆز تەرجىمىسى «مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغۇچى»، ۋەزىر خاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، بۇ نام خەنزۇچىدا «宰相»، «首相» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ۋەزىر ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ۋە سەلجۇقىيلار

خانلىقىدا مەركەزنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدارى ئىدى، يەكەن خانلىقىدا ۋەزىر دېگەن نام ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە قوللىنىلغان؛ نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى» دا، ئابدۇكېرىمخان: «ئادىللىقى بىلەن داڭق چىقاردى، ئۇ ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم دەۋالارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە قازى بىلەن مۇپتى، يەنە بىر تەرىپىدە ۋەزىر بىلەن ھاكىم ئولتۇراتتى» [34] دەپ خاتىرىلەنگەن. شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، مۇھەممەدخاننىڭ خوجا ئابدۇلېتىپنى «تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەزىر»لىككە تەيىنلىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن [35]؛ كېيىن يېڭى خان تەختكە چىققاندا ۋەزىرىگە تەيىنلىگەن مەركەز ئەمەلدارلىرىنىڭ خېلى كۆپى ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن.

**ئاتالىق.** بۇ تۈركچە سۆز، ئۇدۇل تەرجىمىسى «ئاتىنىڭ ئورنىدا» دېگەنلىك بولىدۇ. ئاتالىقنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمىغان، ئاتالىق ھازىرقى قاراقالپاقلاردا «جەمەت باشلىقى» دېگەن مەنىگە ئىگە [36]؛ ئۇ يەكەن خانلىقىدا ھەم ھۆرمەت نامى، ھەم مۇھىم مەنسەپ بولۇپ، ئاتالىق خان ياكى سۇلتاننىڭ ئۇستازى ئىدى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئادەتتە مەركەزدە بۇ مەنسەپ تەسىس قىلىنمىغان، پەقەت خان ۋارىسى گۆدەك چاغدىلا تەسىس قىلىنغان، مەسىلەن، ئابدۇلېتىپ سۇلتان گۆدەك تۇرۇپ تەختكە چىققاندا، مىرزا مۇھەممەد يۈسۈپبەگ خاننىڭ ئاتالىقى قوشۇمچە يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن [37]، ئۇنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ناۋادا قۇرامىغا يەتكەن خانمۇ مەلۇم بىر تۆرىنى ئۆزىنىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلىسە، بۇ پەقەت ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىك، زاپاس مەسلىھەتچى قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىدىكى «ئۇچ تۆرە» گە ئوخشاش ئىش، بۇنىڭغا ئابدۇللاخان خاقانلىق (چوڭ خانلىق) تەختىگە چىققاندىن كېيىن شاھ مەنسۇر مىرزابەگنى ئۆزىنىڭ ئاتالىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ [38].

**مىراب.** بۇ مەنسەپ نامى چىڭ سۇلالىسى ئىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن يولغا قويغان بەگلىك تۈزۈمىدە ساقلىنىپ

قالغان، «غەربىي يۇرتىنىڭ ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» نىڭ 12 ـ جىلدىدا: « مىراب پارسچە سۆز، مىرابتىكى ‹ م › ئەمەل دېگەن مەنىدە، ‹ راب › سۇ دېگەنلىك، مىرابنىڭ ۋەزىپىسى سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش» دېيىلگەن. مىراب دېگەن سۆزنى مۇشۇنداق ئىزاھلاش ئاساسەن توغرا، لېكىن ئۇنىڭدىكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بۆلۈنۈشىدە خاتالىق بار. پارسچىدا «مىر» — «ئەمىر» دېگەننىڭ قىسقارتىلغان شەكلى، بۇ يەردە ئۇ «ھۆكۈمران» ، «باشقۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە؛ «ئاب» — «سۇ» دېگەن مەنىدە كەلگەن، «مىراب» — «سۇ ئەمەلدارى» دېگەنلىك بولىدۇ. مىراب سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن باشقا، يەنە سۇ تەقسىم قىلىش ۋە سۇ ھەققى يىغىش ئىشلىرى توغرىسىدا قارار چىقارغان، ئېتىزلارنى پۈتۈنلەي سۇغىرىشقا تايىنىدىغان يەكەن خانلىقىنىڭ دېھقانچىلىقىدا مىرابنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. خان دائىم دېگۈدەك يېقىن ئەمەلدارلىرى ۋە تۆھپىكار سەركەردىلىرىنى مىرابلىققا قويغان، بۇنىڭغا ئابدۇللاخاننىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باباقبەگ، ئابدۇراھمانبەگلەرنى مىرابلىققا تەيىنلىگەنلىكىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ[39]. خانلىقتىكى بارلىق موغۇل قوۋملىرىنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى مىرابلىق مەنسىپىگە بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغان، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە مىراب ۋەزىر بىلەن ئىشىكئاغىدىن قالسىلا يۇقىرى ئەمەل ھېسابلانغان.

**كېرەكياراغ.** بۇ مەركەزنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى، ئۇ يەرلىكتىن ئاشلىق ۋە ئوت - چۆپ يىغىش ۋە قوشۇننى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى باشقۇرغان [40]. يەكەن خانلىقىغا ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە سۇلتان ھازار پەھلىۋان مۇشۇ مەنسەپكە تەيىنلەنگەن [41].

**تاغارچى.** بۇ تۈركچە سۆز، ئۇنىڭ ئۇدۇل تەرجىمىسى «تاغارلارنى باشقۇرغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ. تاغارچى باج ئۈچۈن ماددىي نەرسىلەرنى يىغىش ۋە قوشۇننى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان [42]. يەكەن خانلىقىغا ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ھاۋاز بەگ مۇشۇ

مەنسەپكە تەيىنلەنگەن ㊸.

**شىغاۋۇل.** شىغاۋۇل خىۋە خانلىقىدا چەت ئەللىك ئەمەلدار ـ ئەلچىلەرنى كۈتۈش، ئۇلارنى خاننىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىشكە مەسئۇل بولغان ㊹. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھازىرقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى مېھمان كۈتۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنىڭكىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ، يەكەن خانلىقىغا ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە مىرزا شىرداق شىغاۋۇللۇققا تەيىنلەنگەن ㊺.

**مۆتىۋەللى.** بۇ ئەرەبچە سۆز، مۆتىۋەللى — ۋەخپە نازارەتچىسى. يەكەن خانلىقى دەۋرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىسلام دىنى كۈچلىرى زورايغاچقا، ۋەخپە مال ـ مۈلۈكلىرىمۇ كۆپەيدى، شۇڭا ئۇلارنى نازارەت قىلىدىغان ئەمەلدارنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇھىم ئىدى، شۇڭا بۇ مەنسەپكە كۆپىنچە تۆھپىكار ئەمەلدارلار ۋە خاننىڭ يېقىن ئەمەلدارلىرى تەيىنلەنگەن، مەسىلەن، ئابدۇلېتىپخان دەۋرىدە تاھىر، ئابدۇللاخان دەۋرىدە تۇراق، مۇھەممەد مۆمىن سۇلتان، تەڭرىقۇلىبەگ مۆتىۋەللىلىككە تەيىنلەنگەن ㊻.

## (4) دىنىي زاتلاردىن قويۇلغان مەخسۇس ئەمەلدارلار

ئىسلام دىنىنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەتنىكى بەزى مەنسەپلەرگىمۇ دىنىي زاتلار تەيىنلەندى، بۇ مەنسەپلەردىن تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگىنى تۆۋەندىكىچە:

**نەجىب (نەچىب).** بۇ سۆز مەنىسى كۆپ مەنسەپ نامى، نەجىبنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمىغان. شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، نەجىب دېگەن نامنى بىرلا قېتىم، يەنى خوجا ئابدۇرازاق ئەھمەدخاننىڭ نەجىبى بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان ㊼. لېكىن نەجىبنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى توغرىسىدا توختالمىغان، شۇڭا بىزگە بۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى

مەنسەپلەرگە سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەھمۇد ئىبن ۋەلى «بەھرۇلئەسرار فى مەنكىب ئەل ئەخيار» («ئېسىلزادىلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىنىڭ سىرلىرى») ناملىق ئەسىرىدە، نەجىبنىڭ ئورنى يۇقىرى ئىدى، ئۇ ئوردىدا خاننىڭ سول يېنىدا ئولتۇراتتى، ۋەلىئەھد بولسا نەجىبنىڭ تۆۋىنىدە ئولتۇراتتى ⑱، دەيدۇ. ئاكمۇشكىن بۇنىڭغا مەمۇرىي ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرىلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دىنىي ساھەدىكى سالاھىيىتى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ ⑲. سىمىيونوف نەجىبلىكنى سەئىد جەمەتىدىكىلەرلا ئۆتىگەن، «ئۇ ھەربىي يۈرۈش، يۆتكىلىش ۋە ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا قوشۇننى ئورۇنلاشتۇرۇش، قوراللاندۇرۇش، ئىلغار سەپنىڭ، ھىماتچى سەپنىڭ، چىرىنغار، بىرىنغار قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى ۋە بۆكتۈرمە قويۇلىدىغان ئورۇننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە مەسئۇل ئىدى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئىشلارنى باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى» ⑳ دەيدۇ. خانىكوف نەجىب ئەمىرلەر يوق چاغدا ئەسكەرلەرگە دائىر دېلولارنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۇنىڭ دەرىجىسى قوشۇندىكى سوتچىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى ㉑، دەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، نەجىبلىكنى پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى (سەئىدلەر) لا ئۆتىگەن، قارىغاندا، ئۇ قوشۇنغا نازارەتچىلىك قىلغان، يەكەن خانلىقىدىكى ۋەزىپىسمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

**قازى.** بۇ ئەرەبچە سۆز، ئۇنىڭ مەنىسى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان سوتچى دېگەنلىك بولىدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دا، قازى ئابدۇكېرىمخانغا ھەمراھ بولۇپ ھەر ھەپتىدە كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان، شۇ چاغدا قازى ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئاخىرقى ھۆكۈمنى ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي ئەمەلدارى چىقارغان ㉒. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قازىنىڭ ھوقۇقىمۇ كۈچەيگەن؛ ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە،

ئۇ يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى جايلارنىڭ قازىلىرىنىمۇ مەركەز بىۋاستە تەيىنلىگەن. مەسىلەن، بەدئۆلەت زامان خوجا بىلەن شاھ يۈسۈپ خوجا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاقسۇ بىلەن ئۈچنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن [53]. يەكەن خانلىقىغا دائىر تارىخىي كىتابلاردا قازى دېگەن بىرلا مەنسەپ نامى تىلغا ئېلىنغان، ئەمەلىيەتتە قازىنىڭ دەرىجىسى خېلى كۆپ بولغان، باسقاكوفنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۆۋەندىكىدەك قازىلار ئۆتكەن: قازى رەئىس، ئەرەبچە سۆز، «رەئىس سوتچى» دېگەن مەنىدە، قازى رەئىس ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا، شەھەردىكى جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلغان؛ قازى ئوردو (ئوردا)، بۇ «خان ئوردىسىنىڭ سوتچىسى» دېگەن مەنىدە، ئۇ ئادەتتىكى سوتچىلار ئۈستىدىن قىلغان ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلغان؛ قازىكالان، كالان پارسچە «چوڭ» دېگەن مەنىدە، قازىكالان — چوڭ سوتچى دېگەنلىك بولىدۇ، قازىكالان سوتچىلار (قازىلار) ئارىسىدىكى دەۋانى بىر تەرەپ قىلغان؛ پەھلىۋان قازى، پەھلىۋان پارسچە «باتۇر»، «كۈچتۈڭگۈر» دېگەن مەنىدە، پەھلىۋان قازى — «ئالىي سوتچى» دېگەن مەنىدە؛ قازى ئايرىم قوللىنىلغاندا، ئادەتتە «تۆۋەن دەرىجىلىك قازى»نى كۆرسەتكەن [54].

مۇفتى. بۇ ئەرەبچە سۆز، ئەسلى مەنىسى «سوتچى»، «باش سوتچى» دېگەنلىك بولىدۇ، مۇپتىنىڭ ۋەزىپىسى شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش، شۇڭا ئۇ ئادەتتە «شەرىئەتنى شەرھلەيدىغان ئەمەلدار» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ مەنسەپنى ئالىي دىندارلار ئۆتىگەن، شۇڭا مۇپتى بەزى دىنىي زاتلارنىڭمۇ نامى بولۇپ قالغان، يەكەن خانلىقىغا ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە مۇفتى دېگەن مەنسەپ بولغان، مۇپتى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم خاننىڭ پۈقرالارنى ئاشكارا قوبۇل قىلىشىغا قاتنىشىپ، شەرىئەتكە ئاساسەن دېلوغا ھۆكۈم قىلىش توغرىسىدىكى

پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ㊺.

## (5) يەرلىك ئەمەلدارلار تۈزۈمى

يەكەن خانلىقىدا سۇيۇرغاللىق زېمىن بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى خان جەمەت ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن، ئۇلار بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ نائىبى (ۋالىيسى) بولۇپ، تولۇق ھوقۇق يۈرگۈزگەن، لېكىن ھۆكۈمران مىللەتنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇش شەكلىگە ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولدى؛ مەركەزنىڭ ھوقۇقى بارغانسېرى كۈچەيدى، تۇرپان ۋە چالىشتىن باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ نائىبلىرى «نامى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق كىشىلەر»گە ئايلىنىپ، «يېمەك - ئىچمەك، ئىجارە، باج» نى باشقۇرىدىغان بولۇپ قالدى، مەمۇرىي ۋە ھەربىي چوڭ ھوقۇق چوڭ خان بىۋاستە ئەۋەتكەن ھاكىملارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

**ھاكىم.** بۇ ئەرەبچە سۆز، «يەرلىك باشقۇرغۇچى» دېگەن مەنىدە، ھاكىم رۇسچىدىكى گېنېرال گۇبېرناتور دېگەنگە ياكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەم قوشۇننى، ھەم مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان «زۇڭدۇ» (ۋالىي) دېگەنگە توغرا كېلىدۇ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ھاكىملار ۋىلايەتلەرنىڭ ئالىي ئەمەلدارى ئىدى، خانلىقنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ھاكىملار چوڭراق ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەن، كېيىنچە ۋىلايەتلەر تېخىمۇ كىچىك جايلارغا بۆلۈنگەچكە، ھاكىملارمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن، ھاكىملار ئىچىدە يەكەن ھاكىمىنىڭ ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا بىۋاستە قاتنىشاتتى، ئۇ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى ئاساسلىق شەخسلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. مۇسۇلمان ئاپتورلار يەكەن خانلىقى توغرىسىدا يازغان تارىخىي كىتابلاردا ھاكىملاردىن تۆۋەن يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ نامى ناھايىتى ئاز خاتىرىلەنگەن. شاھ مەھمۇد جوراس

«قازى» دېگەن مەنسەپ نامىنىلا تىلغا ئالغانلىقى، قازىنىڭ مەركەز بىۋاسىتە يەرلىككە ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغانىدۇق. لېكىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان ئارخىپلاردا بۇ ھەقتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان مەلۇمات بار. 1759 ـ يىلى چېگرىنى تىنچتقۇچى سانغۇن جاۋخۇي ئوردىغا ئەيىنى چاغدىكى قەشقەر رايونىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى توغرىسىدا: «مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ سەردارى ھاكىم دېيىلىدىكەن، ئۇ بىر شەھەرنى باشقۇرىدىكەن؛ ئىشىكئاغا ھاكىمغا ياردەملىشىدىكەن؛ شاڭبېگى ئىجارە ھەققىنى باشقۇرىدىكەن؛ قازى جازا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن؛ مىراب سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن؛ نىقىب ھۈنەرۋەنلەرگە، پاششاپ ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتۇشقا مەسئۇل ئىكەن؛ مۆتىسسىپ دىنىي تەلىمگە؛ مۆتىۋەللى ئېتىز، تۇرالغۇ جايغا مەسئۇل ئىكەن؛ سارايبېگى ساراي ـ راباتلارغا مەسئۇل ئىكەن؛ باجگىر باج ـ سېلىققا مەسئۇل ئىكەن؛ ئەرباب باج ـ سېلىقنى سۈيلەشكە مەسئۇل ئىكەن؛ شەيخ ئاستانە ئىشلىرىغا؛ باغ باقار باغ ـ ئورمانغا مەسئۇل ئىكەن؛ مىڭبېگىنىڭ ۋەزىپىسى مىڭبېشىنىڭكىگە ئوخشايدىكەن»[56] دەپ مەلۇمات بوللىغان، بۇ ئادەتتە «15 خىل بەگ شەجەرىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ياپونىيىلىك ئالىم ساكۇچى تورۇ شىمادا جوتايرادىنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ: بۇ 15 خىل بەگ «پۈتكۈل خوجىلار دەۋرى[57] دە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەپ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە يېقىن دەۋرنىڭ ئاخىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ[58] دەپ كۆرسەتكەنىدى. دەرۋەقە، يۇقىرىقى مەنسەپ ناملىرىدىن بەزىلىرى، مەسىلەن، ئىشىكئاغا، مىراب ، قازى، مۆتىۋەللى قاتارلىقلار يەكەن خانلىقىغا دائىر تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان؛ بەزىلىرى، ئالايلۇق، ئەربابىبەگ، ئاستانە بېگى قاتارلىقلار XVI ـ XVII ئەسىرلەردە قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خانلىقلارغا دائىر تارىخىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان. قىسقىسى، يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بىز يەكەن خانلىقىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار تۈزۈمىنىڭ خېلى مۇكەممەل

ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، باج - سېلىق يىغىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش (ئاساسلىقى سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىش) ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز، بۇ دەل دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ ماھىيىتىدۇر.

## ئىزاھلار:

① خەن رۇلىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 1 - قىسىم، 86 -بەت، خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

② «جۇڭگو ئىنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى»: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «يۈەن سۇلالىسى» ماددىسى (خەن رۇلىن، چېن دېجى، چيۇ شۇسېن، ياڭ دالى يازغان)، 42 - بەت، جۇڭگو ئىنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

③ بارتولد: «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان»، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 1 - توم، 330 - بەت.

④ خرونىكا، 160 - بەت.

⑤ خرونىكا، 180 - بەت.

⑥ خرونىكا، 204 -، 205 - بەتلەر.

⑦ خرونىكا، 162 - بەت.

⑧ خرونىكا، 171 - بەت.

⑨ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 258 - بەتتىكى 137 - ئىزاھى.

⑩ خرونىكا، 215 - بەت.

⑪ خرونىكا، 216 -، 217 - بەتلەر.

⑫ خرونىكا، 214 -بەت.

⑬ «جۇڭگو تارىخ لۇغىتى، لياۋ، تاڭغۇت، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تارىخى تومى»نىڭ «ئۇلۇس» ماددىسى (يى لىنچېن يازغان)، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

⑭ ۋلادىمىرسوف: «موڭغۇلچە بىكە (بېك) ئاتالغۇسى ھەققىدە» («سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دوكلاتى» B خىل، 9 - سان، 1930 - يىل لېنىنگراد)، چېن ۋېيشىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «موڭغۇلشۇناسلىققا دائىر

ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلار»، 1987 - يىللىق 2 - سان.

⑮ «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى ئىزاھقا قاراڭ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم، 353 - بەت.

⑯ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 259 - بەتتىكى 36 - ئىزاھى.

⑰ خرونىكا، 170 -، 178 - بەتلەر.

⑱ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 310 - بەتتىكى 282 - ئىزاھى.

⑲ «ئۇبەيدۇللانامە» رۇسچە تەرجىمە نۇسخا، 45 - بەتتىكى 2 - ئىزاھ؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىندى، تەرجىمانىنىڭ 284 - بەتتىكى 135 - ئىزاھى.

⑳ خانىكوف: «بۇخارا خانلىقى ھەققىدە خاتىرە»، 187 - بەت؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىندى، تەرجىمانىنىڭ 284 - بەتتىكى 135 - ئىزاھى.

㉑ خرونىكا، 211 -، 212 - بەتلەر.

㉒ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 295 - بەتتىكى 190 - ئىزاھى.

㉓ خرونىكا، 189 -، 222 - بەتلەر.

㉔ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 293 - بەتتىكى 181 - ئىزاھى.

㉕ خرونىكا، 184 -، 185 - بەتلەر.

㉖ ساكۇچى تورو: «XIX — XVIII ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، لىن سۈچۈن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 1 - قىسىم 122 -، 130 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل.

㉗ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 311 - بەتتىكى 291 - ئىزاھى.

㉘ خرونىكا، 222 - بەت.

㉙ خرونىكا، 193 - بەت؛ تەرجىمانىنىڭ 296 - بەتتىكى 200 - ئىزاھىغا قاراڭ.

㉚ خرونىكا، 222 - بەت.

㉛ خرونىكا، 193 -، 200 -، 222 - بەتلەر؛ تەرجىمانىنىڭ 296 - بەتتىكى 201 - ئىزاھىغا قاراڭ.

㉜ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 297 - بەتتىكى 206 - ئىزاھى.

㉝ خرونىكا، 222 - بەت.

㉞ «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 8 - توم، 175 - بەت، 320 - ئىزاھتا ئەسلى تېكىستتىن نەقىل ئېلىنغان؛ خرونىكا 161 - بەت، 273 -، 274 - بەتلەردىكى 85 - ئىزاھىغا قاراڭ.

㉟ خرونىكا، 170 - بەت.

㊱ باسقاكوف: «خىۋە خانلىقىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى نام ۋە ئاتاقلار»،

«سوۋېت ئىتتىپاقى تۈركولوگىيىسى» ، 1989 - يىللىق 1 - سان.

(37) خرونىكا، 200 - بەت.

(38) خرونىكا، 211 - بەت.

(39) خرونىكا، 211-، 222 - بەتلەر.

(40) خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 293 - بەتتىكى 184- ئىزاھى.

(41) خرونىكا، 222 - بەت.

(42) خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 222 -، 320 - بەتلەردىكى 345 - ئىزاھى.

(43) خرونىكا، 241 - بەت.

(44) خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 218 - بەتتىكى 335 - ئىزاھى.

(45) خرونىكا، 237 - بەت.

(46) خرونىكا، 200 -، 222 -، 230 -، 245 - بەتلەر.

(47) خرونىكا، 199 - بەت. خوجا ئابدۇرازاق نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ 3 - ئەۋلاد شەيخۇلئىسلامى خوجا ئەھرارنىڭ ئەۋلادى. خوجا ئەھرارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ 5 - باب 1 - بۆلۈمىدىكى «نەقشبەندىيە مەزھىپى»گە قاراڭ.

(48) بارتولد يازغان « XVII ئەسىردىكى ئۆزبېك خانلىرىنىڭ ئوردا مۇراسىمى» دىن نەقىل ئېلىندى، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» ، 2 - توم، 2 - قىسىم، 394 - بەت.

(49) خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 298 - بەتتىكى 212 - ئىزاھى.

(50) سىمىيونوف: «ئوتتۇرا ئەسىردە بۇخارادا قوللىنىلغان ئەمەل ناملىرى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى» ؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىندى، تەرجىمانىنىڭ 298 - بەتتىكى 212 - ئىزاھى.

(51) خانىكوف: «بۇخارا خانلىقى ھەققىدە خاتىرە» ، 190 - بەت؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىندى، تەرجىمانىنىڭ 298 -، 299 - بەتلەردىكى 212 - ئىزاھى.

(52) خرونىكا، 161 - بەت.

(53) خرونىكا، 215 - بەت.

(54) باسقاكوف: «خىۋە خانلىقىنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ناملار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسى» .

(55) خرونىكا، 161 - بەت.

(56) «خان ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەن جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» ، رەسمىي نۇسخا، 75 - جىلد؛ «چىڭ گاۋزۇڭ دەۋرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 593 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىل 7 - ئاينىڭ گېڭۇ كۈنى.

⑰«خوجىلار دەۋرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ توغرا قوللىنىلمىغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئاۋۋال، ئاران ئىككى قېتىملا قىسقا مۇددەتلىك «خوجىلار دەۋرى» بولغان: ئۇنىڭ بىرى، يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىنى جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىنغاندىن كېيىن، يەھيا خوجا ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ ئاران ئىككى يىل بىر نەچچە ئايلا تەختتە ئولتۇرغان، ئاندىن ئويراتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى تەخمىنەن XVIII ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ دىسلەپكى ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىلىغا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئاپىرىلغان؛ يەنە بىرى، چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارىيە خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن چوڭ خوجىغا تيانشاننىڭ جەنۇبىغا قايتىپ ئاھالىلەردىن ھال سوراشقا بۇيرۇق قىلغان، ئۇزاق ئۆتمەي كىچىك خوجا قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن ۋاقتىمۇ ئاران ئىككى يىلدىن كۆپرەك، 1959 - يىلى ئۇنىڭ ئىسيانى تىنچىتىلغان. شۇڭا «خوجىلار دەۋرى» دەپ ئاتاش ناھايىتى قىيىن.

⑱«XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 - قىسىم 141 - بەت.

# يەتتىنچى باب

## ئىجتىمائىي - ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

### 1. ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئومۇمىي ئەھۋالى

يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى پارچە - پۇرات ماتېرىياللارلا قالدۇرۇلغان، خەنزۇچە ماتېرىياللار ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ مەنبەلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئاز توختالغان، بۇرۇنقىلار بۇ ھەقتە ھېچقانچە تەتقىقات قىلمىغان ۋە ئىزدەنمىگەن. بۇ كىتابتا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئومۇمىي بايان بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

#### (1) ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات مۇنداق دەيدۇ: «ئۇدۇن (خوتەن) ۋە قەشقەر ئاھالىسىنى تۆت خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىر خىلى تۈمەن دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار خانغا تەۋە بولۇپ، ھەر يىلى خانغا ئىجارە - باج تاپشۇرىدۇ. يەنە بىر خىلى قۇچىن دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى ئەسكەر دېگەن بولىدۇ، ئۇلار مىڭنىڭ جەمەتىگە تەۋە. ئۈچىنچى خىلى ئايماق دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلارغا مائاش ئۈستىگە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر

بىرىلىدۇ، ئۇلارمۇ مىنىڭ جەمەتىمگە تەۋە. تۆتىنچى خىلى ئەدلىيە ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلار ۋە مەسچىت - خانىقالارنى باشقۇرغۇچى خادىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مىنىڭ جەمەتىمدىن كېلىپ چىققان①.
بارتولد مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بۇ سۆزىنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلىغان: بىرىنچى تۈردىكى ئاھالە — تۇمەن، بۇ ئاتالغۇ قەشقەرنىڭ ئىپتىدائىي ئاھالىسىنىڭ سۆزىدىن تۈركىي تىلغا ئايلانغان بولۇپ، «تۇمەن » — « ئون مىڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، كېيىن بۇ ئاتالغۇ كۆپ ھاللاردا تۇراقلاشقان ئاھالە گۇرۇھىغا قارىتا قوللىنىلىپ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى بىلدۈرىدىغان مەنىدە ناھايىتى كەم قوللىنىلىدىغان بولغان. ماۋرائۇننەھر رايونىدا «تۇمەن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ تاغلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرگە ئوخشاشمايدىغان تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى ئاھالە — قۇچىن، ھەربىي قوشۇندا ئىمتىيازغا ئىگە ھېلىقى بىر قىسىم ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ؛ شەرەفىددىننىڭ ئېيتىشىچە، خاننىڭ ئۆز يېنىدا تۇرىدىغان مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن. ئۈچىنچى تۈردىكى ئاھالە - ئەمەلدارلار ۋە دىنىي ئەربابلاردۇر. بارتولدنىڭ قارىشىچە، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈردىكى ئاھالىلەر يەنى قۇچىن بىلەن ئايماق موڭغۇللار بولسا كېرەك ②.
مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېيتقىنى يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋال بولۇپ، كېيىن خىلى ئۇزاق ۋاقىتقىچىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن. ئەمدى بۇ تۆت تۈردىكى ئاھالىنى تۆۋەندە ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز:
(1) ئەسلى بار تۇراقلاشقان ئاھالە، ئاساسلىقى دېھقانلاردۇر. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا دېھقانچىلىق تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئاساسى ئىدى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە، يەرلىك تۇراقلاشقان ئاھالە خاننىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ، خانغا باج - پاراق تۆلەيتتى. تۇراقلاشقان بۇ ئاھالىلەر «تۇمەن» دەپ ئاتىلىپ، دېھقانچىلىق ئاھالىلىرىدىن باشقا ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا تۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىمۇ ئۆز

ئىچىگە ئالاتتى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىق ساقلانغان.

(2) كۆچمەن چارۋىچىلار، يەنى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ھۆكۈمران مىللەت سۈپىتىدىكى موڭغۇللار ئاۋۋالقىدەكلا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايتتى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى چېن چېڭ مەزكۇر خانلىققا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە مۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگەن: «قەلئە ـ ئوردا سالمىغان، تۇرار جايى مۇقىم ئەمەس، كىلىمات شارائىتىغا قاراپ، سۇ ـ ئوت قوغلىشىپ، ئات ـ كالا بېقىش بىلەن كۆن كەچۈرىدۇ، شۇڭا بارغانلا يېرىدە چېدىر تىكىپ، ئۈستىنى كىگىز بىلەن ياپىدۇ، سوغۇق ۋە ئىسسىقتىن پاناھلىنالمايدۇ، ئولتۇرۇش ـ يېتىشى يەر ئۈستىدە بولىدۇ»③. ئالاھازەل شۇ زامانلاردا ئىسپانىيىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن كراۋىخاۋ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كىرگەن موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى ھەيدەپ خالىغان ھەرقانداق جايلارغا بارالايدۇ، مەيلى ياز ياكى قىش بولسۇن، ئۆزلىرى ياقتۇرغان جايلاردا چارۋىلىرىنى بېقىپ، تېرىقچىلىقمۇ قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار ئەركىن بولۇپ، خانغا باج ـ پاراق تاپشۇرمايدۇ، چۈنكى خان چاقىرىق قىلغاندا، ئۇلار خان ئۈچۈن كۆچ چىقىرىدۇ»④. يەكەن خانلىقىنىڭ ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىمۇ موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالى ئاساسەن شۇنداق ئىدى، ئۇلار ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يەنىلا قەبىلە تەشكىلى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى، شۇڭا «ئايماق» دەپ ئاتىلاتتى. «ئايماق» موڭغۇل تىلىدا «قەبىلە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ⑤. ئۇنىڭ ئەزالىرى تىنچ چاغلاردا چارۋا باقىدۇ، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا جەڭگە چىقىدۇ، شۇڭا خان ئۇلارغا ھەريىلى «مائاش سۈپىتىدە مەلۇم مىقداردا ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ.» موڭغۇل ئۇلۇسىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئۇسۇلىدىن تۇراقلاشقان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، ئۇرۇقداشلىق ـ قەبىلە تەشكىلىي شەكلىمۇ تەدرىجىي يىمىرىلگەن، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە،

موڭغۇللارنىڭ ئايمىقى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك ئۇيغۇر دېھقان ئاھالىسىگە سىڭىپ كەتكەن.

(3) ئەسكەرلەر. بۇ مەخسۇس «قۇچىن» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسكەرلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار موڭغۇل ئۇلۇسىنىڭ ئايماقتىن ئىبارەت تەشكىلىي شەكلىدىن ئايرىلىپ چىققان ھېلىقى بىر قىسىم كىشىلەردۇر. قۇچىنلار ئەمدى تىنچ چاغلاردا مال بېقىپ، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا جەڭگە چىقىدىغان چارۋىچىلار ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش - قىرىشنى كەسىپ قىلغان ئەسكەرلەردۇر. قۇچىن تەشكىلى خاننىڭ ياكى مەلۇم ئەمىرنىڭ مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇنى بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا خاننىڭ ياساۋۇل قوشۇنى ياكى مەلۇم ئەمىرنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. ئۇلار خاننىڭ ياكى مەلۇم ئەمىرنىڭ ھوقۇق كۈچىنىڭ «تۈۋرۈك تېشى» ھېسابلىناتتى، شۇڭا ئۇلار مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. قۇچىن دېگەن بۇ ئاتالغۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ «كېشىگ» دېگەن سۆزى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ⑥.

(4) ئەمەلدارلار ۋە دىنىي ئەربابلار. مۇھەممەد ھەيدەر ئېيتقان «ئەمەلدارلار» مەخسۇس ئەدلىيە تارماقلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى باشقۇرىدىغان خادىملار (مۆتىۋەللىلەر) گە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئەمەلدارلار كۆپىنچە دوغلات قەبىلىسى جەمەتىدىن قويۇلاتتى. ئەمما، بارتولد بۇنى ئادەتتىكى مەنىدىكى «ئەمەلدار» ۋە «دىنىي زات» دەپ قارىغان، ئۇنىڭ بۇ قارىشى مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېيتقىنى يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋال بولۇپ، ئۇ چاغدا دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەر جەمەتىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىدى، ئەمەلدارلار ۋە دىنىي كۈچلەر تېخى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. لېكىن، بارتولد ئىزاھلىغان مەنە خانلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىگە تەتبىقلانسا توغرا بولمايدۇ: دوغلات قەبىلىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۈچ تەسىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن خاننىڭ ھوقۇقى كۈچەيگەن، دۆلەت ئاپپاراتى كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلغان، بيۇروكرات ئورگانلار

بارغانسېرى مۇكەممەللەشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلار سانى خېلى كۆپ بىر تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن. شۇ دەۋردە، ئىسلام دىنىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەسىرىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى دىنىي زاتلاردىن بولغان. قاراتاغلىق خوجىلار بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار يۇقىرىدا خان - بەگلەرگە يامىشىپ، تۆۋەندە خەلق ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، كەڭ كۆلەمدە مۇرت توپلاپ، قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ ۋە زور مىقداردا بايلىققا ئىگە بولۇپ، قۇدرەتلىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە ئالاھىدە تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئەمەلدارلار تەبىقىسى بىلەن دىنىي زاتلار تەبىقىسى ئوخشاشلا ھۆكۈمران سىنىپقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا يەنە سودا - سانائەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازلىرىغا تايىنىپ، زور پايدىغا ئېرىشكەن.

مۇھەممەد ھەيدەر ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى بۇنداق ئايرىشتا، ئاساسىي جەھەتتىن مىللەت - كەسىپنى ئۆلچەم قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەكەن خانلىقىنىڭ شۇ چاغدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ لېكىن بۇ سىنىپىي ئايرىش ئەمەس، ئۇ شۇ جەمئىيەتتىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ماھىيىتىنى، يەنى تۆمەن ئىچىدىكى پومېشچىكلار بىلەن دېھقانلارنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقىنى، ئايماق ئىچىدىكى چارۋىدارلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىقنى ئېچىپ بېرەلمىگەن.

## (2) يەر تۈزۈمى ۋە يېزىلارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالى

يەكەن خانلىقىنىڭ يەر تۈزۈمى ۋە يېزىلارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان مەلۇمات يوق دېيەرلىك. چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ

توپىلىڭنى تىنچىتىش جەريانىدا، كېيىنكى ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئەھۋالى جەھەتتە بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. 1759 - يىلى مەسلىھەتچى ئامبال شۇخېدېنىڭ پادىشاھ چيەنلۇڭغا يوللىغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ كونا تۈزۈمىدە، ئاشلىق تاپشۇرۇۋالغاندا، ئوندىن بىرىنى ئېلىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا سەرپ قىلىدىكەن. ئاقسۇ شەھىرىدە بولسا بۇرۇنقى خانلارنىڭ خېنىيە يېرى بولۇپ، مەھسۇلاتىنى يىغقاندا تەڭ تەقسىم قىلىدىكەن»⑦. مۇشۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ، باشقا تارىخ ماتېرىياللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنىڭ يەر تۈزۈمى ۋە يېزىلارنىڭ سىنىپىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىمىز:

(1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەر. تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىكى «خېنىيە يېرى» دېيىلگىنى دۆلەت يېرىدىن ئىبارەت، چۈنكى يەكەن خانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق تىپىدىكى «دۆلەت» ئىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىمۇ «بۇرۇنقى خانلارنىڭ يېرى» ، «ئىگىلىرى بار بەگلىك يەر»⑧ ياكى «بەگلىك يەر»⑨ دېيىلگەن. بۇ بەگلىك يەرلەرنى ئىجارىكەش دېھقان (ئورتاقچى دېھقان) تېرىيدىغان بولغاچقا، «تارانچى يېرى» ⑩ دەپمۇ ئاتالغان. تارانچى موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «دېھقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا، «ئاشلىق ئىشلەپ چىقارغۇچى» ، «زىرائەت تېرىغۇچى» ، «يەر تېرىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى تارانچى سۆزى تارى («ئاشلىق» ، «زىرائەت» ، «تېرىما يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) دېگەن سۆزگە كەسىپ ئەھلىنى بىلدۈرىدىغان «چى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ياسالغان. تارانچى موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، جۇڭغارىيە خانلىقى يەكەن خانلىقىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن كېيىن، «بۇرۇنقى خانلارنىڭ جامائەت يېرى» نى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغۇچى دېھقاننى شۇنداق ئاتىغان. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە قانداق دېگەنلىكى نامەلۇم، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا تېرىق (teriq) ۋە تېرىمچى (terimchi)

(«يىغىۋالغۇچى»، «تېرىغۇچى»[11] دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ياكى تارىقچى (tariqchi) («تېرىغۇچى»، «تىككۈچى») قاتارلىق سۆزلەر[12] بولۇپ، موڭغۇل تىلىدىكى تارانچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. جامائەت يېرىنى تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ ھوسۇلى نىسبەتلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، دېھقانلار ئالغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى خان - دۆلەتكە تاپشۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىجارە بېجىنىڭ نىسبىتى ئومۇمەن، ساۋساۋ يولغا قويغان ھەربىي تېرىقچىلىقنىڭ نىسبىتىگە باراۋەر كېلەتتى. لېكىن، نامدا ھوسۇلغا ئاساسەن نىسبەتلەشتۈرۈش دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تېرىلغان ئۇرۇققا ئاساسەن 10 ھەسسىسىنى «نورما»لىق ھوسۇل مىقدارى قىلىپ نىسبەتلەشتۈرەتتى[13]. ئەينى ۋاقىتتا مەھسۇلات مىقدارى بۇنداق يۇقىرى ئەمەس ئىدى. مول ھوسۇللۇق يىللىرى 2 - 3 ھەسسىلا ئاشۇرۇپ ئالاتتى[14]. بۇ ئىجارىكەش دېھقانىنىڭ «نورما»لىق مەھسۇلات ئۈچۈن 20 - 30 پىرسەنت، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداقكەن، ئۇلارنىڭ نىسبەتلەشتۈرۈپ ئالىدىغان ھوسۇلى كۆپ دېگەندە ئەمەلىي ھوسۇل مىقدارىنىڭ 30 پىرسەنتىگە توغرا كېلەتتى. ئەمدى ئۇرۇقنى كەم چىقىرىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆججەتلەردە بىر نېمە دېيىلمىگەن، «گۇاڭشۈينىڭ ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەن بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى»نىڭ 163 - جىلدىدا، مۇشۇ جەھەتتىكى مەلۇمات بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدۇ: «قەشقەردە بەگلىك يەرلەر ئۈچۈن ......... ھەر يىلى ئىشسىز ئادەملەر چاقىرىلىدۇ، بەگ ئۇرۇق ئۆتنە بېرىپ تېرىتىدۇ، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئۇرۇقنى قايتۇرغاندىن باشقا، ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى بەگكە تاپشۇرىدۇ». ئەگەر ئۇرۇقنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن پىرسەنت بويىچە تەقسىم قىلغاندا، ئىجارىكەش دېھقانىنىڭ ئەمەلىي ئالىدىغان ھوسۇلى تېخىمۇ ئاز بولىدۇ، قىسقىسى، دۆلەت يېرىدىكى ئىجارىكەش دېھقان ئىنتايىن ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىنى ئويلاپلا بىلگىلى بولىدۇ!

«بۇرۇنقى خانلارنىڭ جامائەت يېرى» ياكى «ئىلگىرى بار بەگلىك

يەر» نىڭ كۆلىمى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن تېرىلغۇ يەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى جەھەتتىكى مەلۇمات مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا كەم بولۇپلا قالماستىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىمۇ مۇكەممەل ماتېرىيال كەم، بىز پەقەت بەزى رايونلارنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ستاتىستىكا قىلىپ ۋە ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز، ئەمدى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 34 ـ جىلدىدا تەمىن ئەتكەن سانغا ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكى مەلۇماتنى بېرىمىز:

1759 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قىسمەن جايلارنىڭ يەر موسى بويىچە تۆلىگەن ئاشلىق بېجى ئەھۋالى مۇنداق بولغان:

كۇچانىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 1210 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 2210 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان موسانى 960 تاغار، 43 پىرسەنت؛ ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان مو سانى 250 تاغار، 21 پىرسەنت؛ نورمىلىق ئاشلىق بېجى 1250 تاغار، 57 پىرسەنت.

شايارنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 635 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 935 تاغار؛ ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان مو سانى 560 تاغار، 88 پىرسەنت؛ نورمىلىق ئاشلىق بېجى 560 تاغار، 60 پىرسەنت؛ ئىلگىرى بەگلىك يەرنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان مو سانى 75 تاغار، 12 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 375 تاغار، 40 پىرسەنت.

ئۇچتۇرپاننىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 2288 تاغار (ئەسلىسى 84 مىڭ مو، ئاشلىق بېجى سانىغا ئاساسلىنىپ، ئۇرۇق بويىچە مو سانى ھېسابلاپ چىقىرىلدى)، 98 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 2250 تاغار، 92 پىرسەنت، ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 38 تاغار (ئەسلىدە كەم، ئاشلىق بېجى سانىغا ئاساسلىنىپ ئۇرۇق بويىچە مو سانى ھېسابلاپ چىقىرىلدى)، 2 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 192 تاغار، 8 پىرسەنت.

ئاقسۇنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 14 مىڭ 544 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 8470 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 14 مىڭ 200 تاغار، 98 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 6750 تاغار، 80 پىرسەنت، ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 344 تاغار (ئەسلى «مو» دېيىلگەن، يۇقىرى - تۆۋەندىكى سۆزلەرگە باغلاشتۇرغاندا «ئۇرۇق مو سانى» بولۇشى كېرەك) ، 2 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 1720 تاغار (ئەسلىدە كەم، ئۇرۇق بويىچە مو سانىغا ئاساسلىنىپ ھېسابلاپ چىقىرىلدى) 20 پىرسەنت.

سايرامنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 975 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 975 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 975 تاغار، 100 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 975 تاغار، 100 پىرسەنت.

باينىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي سانى 98 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق بېجى 98 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 98 تاغار، 100 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 98 تاغار، 100 پىرسەنت.

قەشقەرنىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 22 مىڭ 1 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق بېجى 25 مىڭ 193 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 21 مىڭ 200 تاغار، 99 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 21 مىڭ 200 تاغار، 84 پىرسەنت، ئىلگىرى بار بەگلىك يەرنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 801 تاغار، 4 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 3993 تاغار، 16 پىرسەنت.

يەكەننىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 16 مىڭ 261 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق بېجى 21 مىڭ 395 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۇرۇق بويىچە مو سانى 14 مىڭ 977 تاغار، 92 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 6418 تاغار، 30 پىرسەنت.

خوتەننىڭ ئۇرۇق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 67

مىڭ 201 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 12 مىڭ 784 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 54 مىڭ 139 تاغار، 81 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 10 مىڭ 600 تاغار، 83 پىرسەنت، ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 13 مىڭ 62 تاغار، 19 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 2184 دەن، 17 پىرسەنت.

خانلىق بويىچە جەمئىي: ئۆرۈق بويىچە ھېسابلانغان يەرنىڭ ئومۇمىي مو سانى 125 مىڭ 213 تاغار، ئومۇمىي نورمىلىق ئاشلىق بېجى 74 مىڭ 502 تاغار، ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرىنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 109 مىڭ 359 تاغار، 87 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 58 مىڭ 370 تاغار، 78 پىرسەنت، ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەرنىڭ ئۆرۈق بويىچە مو سانى 15 مىڭ 854 تاغار، 13 پىرسەنت، نورمىلىق ئاشلىق بېجى 16 مىڭ 132 تاغار، 22 پىرسەنت.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى: كۇچا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ ئۆرۈق بويىچە ھېسابلانغان ئومۇمىي يېرى 125 مىڭ 213 تاغار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئۆزلەشتۈرگەن خەلق يېرى 109 مىڭ 359 تاغار بولۇپ، 87 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەر 15 مىڭ 854 تاغار بولۇپ، 13 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. جايلار بويىچە ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يەر سانىنىڭ ئومۇمىي يەر سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى تولىمۇ ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭدەك بۇ سانلارمۇ گۇمانلىق مەسىلەن، يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا، قەشقەرنىڭ ئىلگىرىدىن بار بەگلىك يېرى ئۆرۈق بويىچە 801 تاغار بولسىمۇ، لېكىن خەي مىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپتا: «قەشقەرنىڭ جەمئىي بەگلىك يېرى 400 پاتمان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تېرىشىغا بېرىلىدۇ، چارۋا كەمچىل بولغاچقا، ئاران 200 پاتمىنى تېرىلىدۇ»[15] دېيىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، شۇ چاغدا بىر پاتمان 4 تاغار 5 كۈرىگە [16] باراۋەر ئىدى، شۇنداق بولغاندا 400 پاتمان يەر ئۆرۈق بويىچە ھېسابلىغاندا 1800 تاغار بولىدۇ؛ 200 پاتمان يەر تېرىلغاندىمۇ، ئۆرۈق بويىچە 900 تاغار

بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل، تۇرپان، قاراشەھەر ئۈچ رايونىنىڭ ساندىنمۇ ئاز، شۇڭا يەكەن خانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بەگلىك يېرىنىڭ ئومۇمىي سانى: ئۇرۇق بويىچە 15 ـ 20 مىڭ تاغار بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر سانىنىڭ 10 ـ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلىيەلەيدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىرالايمىز. بەگلىك يەرنىڭ يەكەن خانلىقىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى زور بولىسمۇ، لېكىن خانلىقنىڭ مالىيىسىدە مۇھىم ئورۇننى، ئاشلىق بېجىنىڭ 20 ـ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

(2) خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەر، يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى «ئەسلى ئۆزلەشتۇرگەن خەلق يېرى». بىزنىڭ يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتىمىزغا ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەرنىڭ سانى خېلىلا كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 85 ـ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. «خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەر» دېگەندە، بۇ قانۇنىي ئاتالغۇ بولۇپ، يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا قارىتا ئېيتىلغان. بۇ ھەرگىز خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەرنىڭ ئۆزى تېرىيدىغان ياكى ئىجارىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. يەكەن خانلىقىغا دائىر تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان، بىزنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەر ئىچىدە ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ يېرى قانچىلىكىنى، پومېشچىكلارنىڭ يېرى قانچىلىكىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلىشىمىز بەكمۇ قىيىن؛ لېكىن پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، بۇ ھەقتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆججەتلىرىدىن ۋاستىلىك ئىسپاتقا ئېرىشەلەيمىز: «گۇاڭشۈي ھۇزۇرىدا بەلگىلەنگەن بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى»نىڭ 163 ـ جىلدىدىكى چيەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلى (1764 ـ يىلى) دېگەن قىسمىدا «ئىشخانبەگ ئابدۇرېھىمنىڭ بەگلىك يېرى 20 پاتمان 4 غەلۋىر 3 چارەك» ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ بىر بيۇروكرات پومېشچىك بولۇپ، ئىگىلىگەن يېرى ئۇرۇق بويىچە 109 تاغارغا يېتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاۋام پومېشچىكمۇ

مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك. لېكىن، تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەرنىڭ ئىگىدارلىرى دۆلەتكە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى تاپشۇراتتى. بۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغان، قاراخانىيلار دەۋرىدە قۇس ئوردۇ (بالاساغۇن) دا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار «تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالغان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى بەگ (ھۆكۈمەت) كە بېرەتتى»[17]. قاراختاي ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىمۇ بۇ خىل باج تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان. زوكۇتۇ: «بۇ ئوندىن بىرلىك تۈزۈمى قانۇندىكى خىراجدىن ئىبارەت»[18]، دەپ قارىغان. «خىراج» (Kharaj)، يەنى يەر بېجى، مۇسۇلمان دۆلەتلەر خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يەردىن ئالغان باج. بۇ يەردە ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىلا ئېلىنىپ، بەگلىك يەرنىڭكىدىن خېلى يەڭگىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ پەقەت پومېشچىك ۋە ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانغا قارىتا ئېيتىلغان. پومېشچىكنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان ئىجارىكەش دېھقاننىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى ھەرگىز بەگلىك يەرنى تېرىيدىغان ئىجارىكەش دېھقانىنىڭكىدىن يەڭگىل بولمايتتى.

(3) ۋەخپە يەر، يەنى مەسچىت، مازار ۋە مەدرىس (مەكتەپ) لەرنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 34 ـ جىلدىغا ھەرقايسى جايلار بويىچە خەلق يېرى ۋە بەگلىك يەرنىڭ كۆلىمى خاتىرىلەنگەن، لېكىن ۋەخپە يەرلەر تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى مەزكۇر جىلدتا «باج تۆلەش» كۆزدە تۇتۇلغان، ۋەخپە يەرلەر «تائەت ـ ئىبادەت يېرى»[19] ياكى «مەدرىس يېرى» دەپ قارىلىپ، ئاشلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىگەن. ۋەخپە يەر ئاساسلىقى ھەرقايسى دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار ئىنئام قىلغان جامائەت يېرى، ئەمەلدار ياكى پومېشچىكلار تەقدىم قىلغان يەر ۋە قىسمەن ئۆزى تېرىيدىغان دېھقانلار دىنىي پاناھ تىلەپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەن يەرلەر ئىدى. شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئېيتىشىچە، سۇلتان مۇھەممەدخان بىر قېتىمدىلا پەيزىۋات ۋە ساڭقاش ئىككى كەنتنى قاراتاغلىق خوجىلاردىن شادى خوجىغا ئىنئام قىلىپ بېرىۋەتكەن[20].

ۋەخپىي مۈلۈك تېرىلغۇ يەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەنلا قالماي، تۈگمەن، ئۈستىخانا، دۇكان، ھەتتا كان ئېچىش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دۆلەت بويىچە ۋەخپىي يەرنىڭ سانى توغرىسىدا تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، مۆلچەرىمچە، بۇ يەر ئانچە كۆپ بولمايدۇ. لېكىن ۋەخپە يەر بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، يەنە ئومۇمەن ئالغاندا باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغاچقا، بۇ دىنىي كۈچلەرنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ئاساسى بولۇپ قالغان. دىندىن خالىي ھاكىمىيەت دىنىي كۈچلەرنىڭ بەك راۋاج تېپىپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، مۆتىۋەللى مەنسىپى تەسىس قىلىپ، ۋەخپە مۈلۈكلەرنى نازارەت، مۇھاپىزەت قىلغان. يەكەن خانلىقى كۆپىنچە ئارزۇلۇق ۋەزىر ياكى نەتىجە كۆرسەتكەن ۋەزىرلەرنى مۆتىۋەللى قىلىپ تەيىنلىگەن، بۇ ئەھۋال بۇنىڭ تاپاۋەتلىك مەنسەپ ئىكەنلىكىنى، ۋەخپە مۈلۈكتىن نۇرغۇن قوشۇمچە تاپاۋەت تېپىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ۋەخپە يەرلەرنى ئىجارىكەش دېھقاننىڭ تېرىشىغا ئىجارە بەرگەندە، ئۇنىڭ تەقسىمات پىرسەنتى بەگلىك يەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى خاتىرە ئۇچرىتىلمىدى.

## (3) دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقى

دېھقانچىلىق جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز؛ چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن تۈزۈلگەن، چيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»گە بۇ جەھەتتىكى بىر قەدەر سىستېمىلىق ماتېرىياللار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

(1) ئومۇمىي ئەھۋال: «تاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا

شەھەر - قەسىرلەر، قەدىمكى تۇرار جايلارنىڭ تاملىرى بار؛ ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، ئېتىزلارغا قىر سالىدۇ، پەسىلگە قاراپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەرلىرى يەر تېرىيدۇ، ئاياللىرى توقۇمىچىلىق قىلىدۇ؛ «خەننامە» دە «چەرچەندە تۇرلۇك زىرائەتلەر تېرىلاتتى» دېيىلگەن. ھازىر قارىغانىدىمۇ، قەدىمكي ئېيتىلغانلاردىن پەرقلەنمەيدۇ»㉑.

(2) زىرائەت تۇرلىرى: بۇغداي، شال، سۆك، تېرىق، قوناق، ئارپا، كۆك پۇرچاق، يېسسى پۇرچاق، قىزىل ماش، يېشىل ماش، كەندىر، كېۋەز؛ تاۋۇز؛ قوغۇن؛ پېدىگەن، كاۋا، سەۋزە، تۇرۇپ - چامغۇر، كۇدە، پىياز، لازا (مۇچ)، قارىمۇچ، كەرەپشە (چىڭسەي)، ئاپتاپپەرەس، بىدە قاتارلىقلار㉒ بولۇپ، تۇرى ناھايىتى كۆپ، بۇ يەرنىڭ «ئۇجمە، كەندىر، سۆك - تېرىقلىرى ئوتتۇرا تۇلەڭلىكتىكىگە بەئەينى ئوخشاپ كېتىدۇ»㉓.

(3) باغۇەنچىلىك: «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 329 جىلد «لۇكچۇن تەزكىرىسى» دە، بۇ شەھەرنىڭ «تۆت ئەتراپى باغ - ۋارانلىق، ئېقىن سۇلار شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ، دەل - دەرەخلەر بۇك - باراقسان، يەرلىرى تېرىق، بۇغداي، پۇرچاق، كەندىر تېرىشقا باب كېلىدۇ، شاپتۇل، ئالۇچا، جىگدە، قوغۇن، كاۋا قاتارلىقلار بار. ئۇزۇم ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇششاق ھەم تاتلىق، ئۇرۇقى يوق، بۇ كىشمىش ئۇزۇم دەپ ئاتىلىدۇ.» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەر ئاساسەن شۇنداق. بۇ ھەقتە يۈلىغ چۇسايىنىڭ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» ۋە لى جىچاڭنىڭ «ئەۋلىيا چيۇ چۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» دە بۇرۇنلا مەلۇمات بېرىلگەن㉔. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە، «مۇسۇلمانلار يۇرتى» دىكى باغلاردىن چىققىدىغان مېۋىلەر كونكرېت خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدا ئۇرۇقسىز كىشمىش ئۇزۇمدىن باشقا، يەنە ئانار، ئالما، بىيە، نەشپۇت، گىلاس، ئۆرۈك، ھالۋابىدىت، ياڭاق، ئالۇچا، شاپتۇل، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر ئاتاپ ئۆتۈلگەن؛ ئادەتتە يەنە بەزى دەل - دەرەخ، گۇل - گىياھلار، مەسىلەن: سۆگەت، سۇۋادان، ئاق تېرەك، قارىغاي، ئارچا، توغراق، قىزىلگۇل، تاجىگۇل، گۇليەسمەن،

خېنىمگۈل، رەيھانگۈل قاتارلىقلارنىڭمۇ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى ئېيتىلغان[25].

(4) ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى: بۇقۇسا، تۆمۈر چىشلىق ساپان، قوش ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەرنى ئاغدۇرۇپ، تۇپراق يۇمشىتىلىدۇ. تىرنا، «ئۇرۇق سېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆرەپ قىلىپ، توپا يوپۇرۇلىدۇ». كەتمەن «شەكلى جۆتۈغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، باش تەرىپى يۇمىلاق بولىدۇ، دەستىسى جىگدە ياغىچىدىن ئۇزۇن قىلىپ ياسىلىدۇ، ئۇ يەر چېپىش، ئېرىق چېپىشقا ئىشلىتىلىدۇ ۋە سۇ باشلاپ ئېتىز سۇغۇرۇلىدۇ»، بۇ سايمان ھازىرمۇ شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. ئورغاق، «شەكلى ئەگمەچ بولۇپ، ساپ پولاتتىن ياسىلىدۇ، بېشى ۋە دەستىسى تۆمۈر بولۇپ، شال ۋە بۇغداي ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ». ياغاچ ئارا، «ياغاچنى يونۇپ ياسىلىدۇ، بەش ياكى ئۈچ - تۆت چىشلىق بولۇپ، زىرائەتلەرنى يىغىش، يېيىپ تەكشىلەپ قۇرۇتۇش، شاخ - شۇمبا، ئوت - سامانلارنى قاچىلاش - چۇشۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ»[26]. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار ئاددىي بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆزگىرىش بولمىغان، مەسىلەن، ئىككى ئۆي كالا قوشۇلىدىغان بوقۇسا - ساپان ۋە كەتمەن قەدىمكى زامان قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىمۇ كۆرۈلگەن.

(5) ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى: يۈك گۈي يازغان «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ تەزكىرىسى» 2 - جىلدىنىڭ «تېرىقچىلىق» دېگەن قىسمىدا: «ئۇرۇق سېلىشتا مەنچاناق ئىشلەتمەي، قول بىلەن چاچىدۇ. ئوتتۇغۇچ يوق، ئوتاش تېخنىكىسىنى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن. جى يۈن يازغان «ئۇرۇمچى ھەققىدە خاتىرىلەر» دىمۇ: «ئۇرۇق سېلىشتا قول بىلەن چاچىدۇ، زىچ - شالاڭلىقى بەلگىسىز، چۆنەك تارتىپ مايسا تىكىشنى بىلمەيدۇ»، «ئېتىزدىكى ئوتلارنى قول بىلەن يۇلىدۇ، چاتاقلاپ ئوتاشنى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولۇپ، يەرنى كۆپىنچە «نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇپ تېرىيدۇ»[27]، «بىر يىل دەم ئالدۇرۇپ بىر يىل تېرىيدۇ» ياكى «ئىككى يىل دەم ئالدۇرۇپ بىر يىل

تېرىيدۇ»[28]، شۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، دېيىلگەن. لېكىن ئوغۇت ئىشلىتىلىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 42 ـ جىلدىتا: «ئوغۇتنى قىغ دەپ ئاتايدۇ، كالا-ئات قىغى ياخشى بولىدۇ، يەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئوغۇتلىسا ھوسۇل ھەسسىلەپ ئاشىدۇ» دېيىلگەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، يەرلىك دېھقانچىلىق يىرىك ھالەتتە بولۇپ، تېخنىكا جەھەتتە بىر قەدەر قالاق ئىدى.

(6) ئاشلىق مەھسۇلاتى: يەكەن خانلىقىنىڭ دېھقانچىلىقى ئاساسىي جەھەتتىن يىرىك ئىگىلىك بولۇپ، تېرىلىش كۆلىمى كەڭ، ئېلىنىدىغان ھوسۇل ئاز ئىدى، يەر دەم ئالدۇرۇپ تېرىلاتتى. شۇڭا، تېرىلغۇ يەرنى ھېسابلاشتا يەر كۆلىمىنى ئاساس قىلماي، چېچىلىدىغان ئۇرۇقنى ئاساس قىلىپ، «ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر» دەپ ئاتايتتى. لېكىن، تيانشاننىڭ جەنۇبىدا كۆپىنچە سۇغىرىپ تېرىلىدىغان ئۆلكە يېرى بولغاچقا، قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىك ناھايىتى ئاز يۈز بېرەتتى، تېرىلغان يەرنى چېچىلغان ئۇرۇق بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ھوسۇلى ئاز ئەمەس ئىدى. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياڭجۈنى جاۋخۈينىڭ پادىشاھ چيەنلۇڭغا يوللىغان دوكلاتىدا: «قەشقەر. . . ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ كەنتلىرىدە ھازىر تېرىلىۋاتقان يەرلەردىن چېچىلغان ئۇرۇق بويىچە ھېسابلىغاندا، مول ھوسۇل يىللىرى 7 — 8 ھەسسە، قەھەتچىلىك يىللىرىدىمۇ 2 — 3 ھەسسە ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ»[29] دېيىلگەن. لېكىن، يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى بويىچە ھېسابلىغاندا، مول ھوسۇل خېلىلا تۆۋەن. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇنداق بىر سانلىق مەلۇمات خاتىرىلەنگەن: «ئۇچتا. . . ئەسلى يۇقىرىلار ئۆزلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان يەر 84 مىڭ مو بولۇپ، يىللىق ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىر قىسمى يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنىدۇ، بەلگىلەنگەن نورمىسى 2250 تاغار» . شۇنداق بولغاندا، ئۇ يەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن «نورما» بويىچە ھېسابلىغاندا، جەمئىي 22 مىڭ

500 تاغار بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مو بېشىغا ئېلىنىدىغان مەھسۇلات 0.268 تاغاردىن توغرا كېلىدۇ، ئۇنى ئېغىرلىق ئۆلچىمىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا، ئاران 29 كىلوگرام بولىدۇ[30]. شۇڭا مۇھەممەد ھەيدەر: «تېرىلغۇ ئىشلىرىدا كۆچ كۆپ سەرپ قىلىنىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىنىدۇ. ئۆز يېرىدىن چىققان مەھسۇلات بىلەن بىر ھەربىي قوشۇننى تەمىنلەپ كەتكىلى بولمايدۇ»[31] دېگەن. دېھقانچىلىقتىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئۇزاق مۇددەتكىچە بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقى يەكەن خانلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپلا قالماي، بەلكى غەربىي يۇرتنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىنىڭمۇ تۈپ سەۋەبى ئىدى.

چارۋىچىلىق يەكەن خانلىقىدا مۇھىم ئىقتىسادىي ئورۇن تۇتاتتى؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلىغان جىلغا رايونلارنىڭ ھەممىسى ياخشى تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ، ئۇ رايونلاردا تارىختا تەرەققىي تاپقان چارۋىچىلىق بولغانىدى؛ پامىر ئېگىزلىكى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ ياشايتتى. يەكەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن موغۇل ئۇلۇسى قەشقەرگە كىردى، شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دېگەن: ئۇلاردا «ئادەم ۋە چارۋا ئاۋۇپ كەتكەن» لىكتىن، ئۇ يەردىكى «كەڭ ئوتلاق يېتىشمەي قالغان»[32]. كېيىنكى چاغلاردا موغۇللارنىڭ تۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق نىسپىي ھالدا ئاجىزلاشقان بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن قىرغىزلارمۇ يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئۇلار ئىزچىل تۈردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن باشقا، يەكەن خانلىقىدىكى كەڭ دېھقان ئاھالىلىرى مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارمۇ كەڭ تۈردە قوي - كالا بېقىپ، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش ۋە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

## (4) سودا - سانائەت ئەھۋالى

قاشتېشى يەكەن خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئېكسپورت تاۋىرى بولغاچقا، تارىخ كىتابلىرىدا كۆپرەك خاتىرىلەنگەن، بولۇپمۇ پورتۇگالىيىلىك بىنوئىت دېگويس بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرۇپ، قاشتاش كېنىنىڭ ئورنى، سۈپەت دەرىجىسى، كاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ئىجارىگە بېرىش شەكلى، قېزىش ئۇسۇلى، ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ تەركىبلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىلغان: «قاشتاش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكىسى ئەڭ ئېسىل بولۇپ، خوتەن دەرياسىدىن چىقىدۇ. پايتەختتىن يىراق ئەمەس. سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلار دەرياغا كىرىپ سۈزۈۋالىدۇ. ئۇنچە سۈزگەنگە ئوخشاش. تاراشلاپ سىلىقلىغاندىن كېيىن چوڭلىرى چاقماق تېشىدەك بولىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىسى ئانچە ياخشى ئەمەس. تاغدىن قېزىۋالىدۇ. چوڭلىرىنى يونۇپ پارچىلايدۇ. كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى ئېللىي (elli) كېلىدۇ. كېيىن ئۇنى يونۇپ كىچىكلىتىپ، هارۋىغا قاچىلاشقا لايىقلاشتۇرۇلىدۇ. قاشتاش چىقىدىغان تاغ تاشتاغ دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى كانسانخى كاسىيو (Cansanghi) دەپ ئاتايدۇ، يەكەندىن تەخمىنەن 20 كۈنلۈك مۇساپە يىراقلىقتا. بۇ ئەلگە دائىر جۇغراپىيە كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن قاشتاش تېغى ئېھتىمال شۇ تاغ بولسا كېرەك. تاشتاغ شەھەردىن يىراق، چەت جايغا جايلاشقان. قاشتاش غولى ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. شۇڭا، قاشتاش قېزىش ئىشلىرى ئاسان ئەمەس. يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، ئوت قالاپ كۆيدۈرگەندىن كېيىن قاشتاش غولى ئاندىن يۇمشايدىكەن. قاشتاش قېزىش ھوقۇقى خاننىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇ ھوقۇقنى خان سودىگەرلەرگىمۇ سېتىپ بېرىدۇ. باھاسى ناھايىتى ئۈستۈن. ئىجارىگە ئالغان مەزگىلدە، سودىگەرنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ قېزىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئىشچىلار ئىشلەشكە بارغاندا، بىر يىل ئاشلىقنى ئېلىپ، توپ بولۇپ سەپ تارتىپ ماڭىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەرگە بارالمايدۇ»[33].

قول سانائەت جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا كەلسەك، يەكەن خانلىقىغا دائىر تارىخ كىتابلىرىدا بۇ جەھەتتىكى خاتىرە كەم. لېكىن، موغۇللار غەربىي يۇرتقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى[34] چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئەھۋال[35] بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىساق، يەكەن خانلىقىنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەينى چاغدا ئۇ خانلىقتا پاختا توقۇمىچىلىقى (ئاساسلىقى كىيىم - كېچەك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)، يۇڭ توقۇمىچىلىقى (گىلەم، كىگىز توقۇلمىلار)، يىپەكچىلىك (كىيىم - كېچەك)، كۆنچىلىك (ئاياغ كىيىمى ۋە باشقا جابدۇقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ)، بازغانچىلىق (دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش)، ياغاچچىلىق (سايمان ۋە يېمەك - ئىچمەك قاچىلايدىغان نەرسىلەرنى ياساش)، قورال - ياراغ ياساش (قىلىچ، نەيزە، پالتا، خەنجەر، ئىشكەل - گۈندا، قالقان - ساۋۇت، ئوقيا قاتارلىقلار)، مەدەنچىلىك (ئاساسلىقى تۆمۈر، مىس)، ئەينەكچىلىك ۋە كۇلالچىلىق قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى چوقۇم.

خانلىقنىڭ ئىچكى سودا ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز. بىنوئىت دېگويس ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە يەكەن شەھىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئۈستىدىلا توختىلىپ: «سودىگەرلەر قىسىم - قىسىم، ھەرخىل ماللار توپلانغان. بۇ شەھەر شۇ ئەتراپتىكى مەشھۇر سودا بازىرى»[36] دېگەن.

خەلقئارا سودا ئەھۋالى توغرىسىدا تارىخ كىتابلاردىكى خاتىرىلەر بىر قەدەر كۆپ. يەكەن خانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان خەلقئارا سودا يولى ھېلىھەم مەۋجۇت. ھاجى مۇھەممەد مۇنداق دەپ يازغان: «سۇجۇدىن قۇمۇلغىچە 15 كۈنلۈك يول . . . قۇمۇلدىن تۇرپانغىچە 13 كۈنلۈك يول. تۇرپاندىن چالىش (قاراشەھەر) گىچە 10 كۈنلۈك يول. ئۇ يەردىن كۇچاغىچە يەنە 10 كۈنلۈك يول. بۇ ئارىلىقنىڭ ھەممىسىدە چۆللۈك ۋە قۇملۇقتىن ئۆتىدۇ. ئىلگىرى ماڭغاندا، يول بويلىرىنىڭ ھەممىسىدە

ئولتۇراق ئادەملەر بار ئىدى. قەشقەردىن سەمەرقەنتكىچە 25 كۈنلۈك يول. سەمەرقەنتتىن خوراسان تەۋەسىدىكى بۇخارا شەھىرىگە بەش كۈنلۈك يول ...»[37]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يول بولۇپ، بۇ ئاقسۇدىن چىقىپ يەكەن، بەدەخشان، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان سودا يولى. بىنوئىت دېگويىس كارۋانلارغا ئەگىشىپ لاھوردىن چىقىپ مۇشۇ يول ئارقىلىق يەكەن خانلىقىغا كەلگەن، ئۇ يەردىن يەنە مىڭ سۇلالىسىنىڭ سۈجۇ شەھىرىگە بارغان. بىنوئىت دېگويىس كارۋاننىڭ تەشكىللىي ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان: «كابۇلنىڭ تۆگە كارۋانلىرى مۇشۇ يەر (يەكەن شەھىرى) گە كېلىپ توختىدى. ئىلگىرىلەپ ماڭمىدى. خىتايغا بېرىش ئۈچۈن قوشۇننى قايتا تەشكىللەشكە توغرا كېلىدىكەن. كارۋان باشلىقىنى خان ئۆزى تەيىنلەيدىكەن. مەلۇم مىقداردا پۇل تاپشۇرسا ئاندىن بۇ ۋەزىپىگە ئېرىشەلەيدىكەن. خان ئۇنىڭغا تولۇق ھوقۇق بېرىدىكەن. كارۋان باشلىقى يول بويى سودىگەرلەرنى باشقۇرىدىكەن»[38]. بۇ سودىگەرلەر «ئۆزلىرىنى ئەلچى دەۋېلىپ»، «خاننىڭ ۋەكىلى بولۇۋېلىپ، ساختا دۆلەت مەكتۇپى ياساپ چىقىپ، پادىشاھقا خۇشامەتگۈيلۈق قىلىدىكەن»[39]. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخچىلىرى ئالاھىدە تەسۋىرلەپ «ئوردىغا سالامغا كەلدى»، «ئوردىغا تارتۇق ئەكەلدى» دېگىنى مانا مۇشۇ. «تارتۇق قىلىنغان نەرسىلەر قاشتاش، بىرلىيانت، تولۇق قوڭغۇرەڭ ۋە باشقا تۈرلۈك بۇيۇملاردۇر... بۇ نەرسىلەرنى پۇل تۆلەپ سېتىۋالىدۇ، تۆلەنگەن پۇلنىڭ كۆپلۈكىگە پادىشاھتىن باشقا ئادەم يېتىشەلمەيدۇ. پادىشاھ شۆھرەتپەرەس بولغاچقا، چەت ئەل سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، يۇقىرى باھادا پۇل تۆلىمىسە، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن زور نومۇس دەپ بىلىدۇ. پادىشاھ چەت ئەل مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالغاندا، ناھايىتى ھەشەمەتلىك سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىدۇ... شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر ئەلچى بولۇپ بېرىشنى تالىشىدۇ. تارتۇق دەپ ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى كارۋان باشلىقىدىن يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدۇ»[40]. بىنوئىت كەسكىن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «چىنلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ ساختىلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىنىشىغا سۈكۈت

قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆزلىرىچە مەمنۇن بولۇپ، پۈتۈن ئالەم چىن دۆلىتىگە
تارتۇق يوللايدۇ، دەپ كۆرەڭلەيدۇيۇ، ئەمما چىن دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى
ئەللەرگە تارتۇق بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. » زور مىقداردا قايتۇرما
سوۋغات بېرىلگەنلىكتىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ «خەزىنىسى قۇرۇپ
كېتىپ، كېيىن ئۇنداق قايتۇرما سوۋغات بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇش قىيىن
بولغان»[41] . پادىشاھ جىياجىڭ كېيىنكى چاغدا سالامغا كېلىش قېتىم سانى
ۋە پايتەختكە كىرىدىغان ئادەم سانىغا مەلۇم دەرىجىدە چەك قويغان
بولسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى جاينىڭ ھۆكۈمرانلىرى مىڭ
سۇلالىسىگە تارتۇق ئاپىرىشنى «ئالتۇن يول»[42] دەپ قارىغانلىقتىن،
بۇرۇنقىدەكلا ئايىغى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇرغان. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا
خاتىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: 1594 - يىلى «تۇرپان سۇلتانى ئەھمەد
ۋاڭ قاتارلىق 59 ۋاڭنىڭ ھەرقايسىسى ئەلچى ئەۋەتىپ ئات تارتۇق قىلىپ
ئىنئام ئالدى. تۇرپان سۇلتانى خۇدابەندى قاتارلىق 52 ۋاڭنىڭ
ھەرقايسىسى ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك بۇيۇملارنى تارتۇق قىلىپ ئىنئام
ئالدى. بۇرۇنقىدەكلا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋېلىندى ۋە ئۇلارغا ۋاڭلىق
مەرتىۋە ئىنئام قىلىندى»[43] . يەنە بەزى سودىگەرلەر چېگرىدا قېلىپ سودا
بىلەن شۇغۇللانغان. بىنوئىت دېگويس: «سۇجۇ شەھىرى غەرب
سودىگەرلىرى توپلىشىدىغان جاي. غەربتە 7 ـ 8 دۆلەت بولۇپ، ئۇلار
بىلەن چىن ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىنلا كېلىشىم بولغان.
ئۇنىڭدا، ھەر ئالتە يىلدا غەرب دۆلەتلىرى 72 نەپەر ئەلچىنى ئوردىغا
سالامغا ئەۋەتسە بولىدۇ[44] . بۇ ساندىن ئېشىپ كەتسە، چېگرىدىن كىرىشكە
رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دېيىلگەن»[45] . «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىگە دائىر
مۇھىم خاتىرىلەر» دە يېزىلىشىچە، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن
تارتۇق قىلىنغان بۇيۇملار: ئات، تۆگە، قاشتاش، زۇمرەتتاش، ئالماس،
پولات خەنجەر، ئىكەك، ھەرخىل قەلەمتىراچ، توغراق شۆلتىسى، بۆكەن
مۈڭگۈزى، يوللۇق قىزىل شايى، يېشىل تون، ئىگەر، خۇرجۇن،
گۈللۈك ياغلىق، ھەر خىل موي - تېرىلەر[46] ، بولۇپمۇ
مۇسۇلمانلارنىڭ يېشىل رەختىنى مىڭ سۇلالىسى بەكمۇ

ياقتۇراتتى [47]، مىڭ سۇلالىسىنىڭ قايتۇرما سوۋغات بۇيۇملىرى ئاساسەن رەڭدار دۇردۇن، شايى، مەشۇت ئىدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، «پايتەختكە تارتۇق ئېلىپ بارغان ئەلچىلەرنىڭ ھەربىرىگە 50 جىڭ چاي، 50 دانە كۆكگۈللۈك قاچا - قۇچا، 5 دانە مىس قەلەي قۇمرا، ھەرخىل رەڭلىك تاۋار - دۇردۇندىن 15 توپ، شايىدىن 30 توپ، ئۈچ ئۆرۈشلۈك پاختا رەخت ۋە يازلىق رەختىنىڭ ھەرقايسىسىدىن 30 توپ، 30 جىڭ پاختا، 2 دانە گۈللۈك ئەدىيال، 300 تاختا قەغەز، 5 جىڭ رەڭ، مېۋە، قۇم شېكەر، قۇرۇق زەنجىۋىلنىڭ ھەرقايسىسىدىن 30 جىڭ، دورا- دەرمەكتىن 30 جىڭ، زەمچىدىن 10 جىڭدىن ئارتۇق سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان»[48]. «ھاجى مۇھەممەد بىلەن قىلىنغان سۆھبەت خاتىرىسى» دە يېزىلىشىچە، مۇھەممەد«ئۆزى سۇجۇغا بارغان. نەچچە يىل بۇرۇن، ناھايىتى كۆپ رەۋەن ئېلىپ ۋىنتسىيە شەھىرىگە ئاپىرىپ ساتقان.» «سۇجۇدىن رەۋەن چىقىدۇ، ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ۋە باشقا شەھەرگە ئاپىرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بۈگۈنكى كۈندە ئاغرىق - سىلاق بولغانلاردىن بۇنى ئىشلەتمەيدىغىنى يوق»[49]. بۇنىڭدىن باشقا، يەكەن خانلىقىنىڭ شىمالدىكى بەزى كۆچمەن چارۋىچى خانلىقلار بىلەنمۇ مەلۇم سودا ئالاقىسى بولغان، كۆپىنچە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول - سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرغان. يەكەن خانلىقى چېگرا باجخانىسى(چازا) قۇرۇپ [50]، ترانزىت سودىسىدىن باج ئېلىپ، ئۇنى مەركەز ياكى يەرلىكنىڭ مالىيە كىرىملىرىدىن بىرى قىلغان.

## (5) نوپۇس ئەھۋالى

بىر يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەلۇم مىقداردىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ مەلۇم نوپۇس سانى دۆلەت كۈچىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ نوپۇس ئەھۋالى توغرىسىدا تارىخ كىتابلىرىدا كونكرېت سان قالدۇرۇلمىغان،

لېكىن بەزى ماتېرىياللار بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى يان تەرەپتىن (سىرتتىن) ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

(1) تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرگەن موغۇللارنىڭ سانى، «تارىخى رەشىدى» بىزنى بۇ جەھەتتە ئىككى تۈرلۈك سان بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بىرى، سەئىدخان بىلەن بىللە كىرىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلغان قوشۇندىكىلەر 4700 كىشىدىن ئارتۇق بولۇپ [51]، بۇنىڭغا ئائىلە - تەۋەلىرىنى قوشساق، ئەگەر ئۈچ ئادەم بىر ئەسكەر چىقىرىدۇ، [52] دەپ ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 15 مىڭ ئادەم بولىدۇ، بۇ 1514 - يىلدىكى سان [53]؛ يەنە بىرى، مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» دىكى خاتىمە سۆزىدە، موغۇللاردىن «ھازىر» مۇ تەخمىنەن 30 مىڭ ئادەم تۇرپان ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق، موغۇلىستان باشقا قەبىلە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان [54] دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ھازىر» مەزكۇر كىتاب تاماملانغان ۋاقىت، يەنى 1544 - يىلى، موغۇللار ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلار بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتتا كۆپ قىسمى ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئاھالىسىگە سىڭىپ كەتكەن.

(2) دېھقانچىلىق ئاھالىسى، مىللەت تەركىبى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، چۈنكى «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى ئۇلار تەمىن ئەتكەن مەھسۇلات بىلەن «بىر ھەربىي قوشۇننى تەمىنلەپ كەتكىلى بولمايدۇ» [55] دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ كىتابلىرىدا يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنىدىكى ئەسكەر ئادەتتە بىر نەچچە مىڭ ئىكەنلىكىنى، ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىمدىكىسىمۇ ئاران «40 مىڭ» [56] ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. يولداش چېن گاۋخۇا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپاننىڭ نوپۇسى جەھەتتە ئىزدىنىپ كۆرگەن. ھېسابلىغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، 1474 - يىلى «تۇرپاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10 مىڭغا يەتمەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. قۇمۇل رايونىنىڭ ئاھالىسى تېخىمۇ ئاز بولۇپ، 3000- 4000 غا يەتمەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن» ؛ XVI ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا

كەلگەندە، «تۇرپاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭغا يەتمىگەن»㊾. 1759-يىلى چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شۇ جايلارنىڭ نوپۇسىنى ستاتىستىكا قىلغان، بۇ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ساقلانغان. XVIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى بۇ سان يەكەن خانلىقىنىڭ نوپۇس ئەھۋالىنى ھېسابلاپ چىقىشىمىز ۋە تەھلىل قىلىشىمىزنى ۋاستىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ سان تۆۋەندىكىچە:

ئەنشىنىڭ تۈتۈن سانى 2041، نوپۇسى 26821؛

دۇنخۇاڭنىڭ تۈتۈن سانى 2405، نوپۇسى 29520؛

يۈيمىننىڭ تۈتۈن سانى 1498، نوپۇسى 14144؛

قۇمۇلنىڭ تۈتۈن سانى 1950، نوپۇسى 12163؛

پىچاننىڭ تۈتۈن سانى 2937، نوپۇسى 10373؛

قاراشەھەرنىڭ تۈتۈن سانى 1130، نوپۇسى 5390؛

يۇقىرىدىكى ئالتە جاي ئەينى يىللاردا يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي رايونى بولۇپ، ئومۇمىي تۈتۈن سانى 11 مىڭ 961، نوپۇسى 98 مىڭ 411.

كۇچانىڭ تۈتۈن سانى 1112، نوپۇسى 4260؛

شايارنىڭ تۈتۈن سانى 673، نوپۇسى 1898؛

سايرامنىڭ تۈتۈن سانى 500، نوپۇسى 1627؛

باينىڭ تۈتۈن سانى 563، نوپۇسى 1735؛

ئاقسۇنىڭ تۈتۈن سانى 7506، نوپۇسى 24607؛

ئۇچنىڭ تۈتۈن سانى 822، نوپۇسى 3158؛

يۇقىرىدىكى ئالتە جاي ئەينى يىللاردا ئاقسۇ رايونى بولۇپ، ئومۇمىي تۈتۈن سانى 11مىڭ 176، نوپۇسى 37 مىڭ 285.

قەشقەرنىڭ تۈتۈن سانى 14056، نوپۇسى 66413؛

يەكەننىڭ تۈتۈن سانى 15574، نوپۇسى 65495؛

خوتەننىڭ تۈتۈن سانى 13642، نوپۇسى 44603؛

جەمئىي 66 مىڭ 409 تۈتۈن، 312 مىڭ 207 نوپۇس.

يۇقىرىدىكى سان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى XVIII ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئالغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئولتۇراقلاشقان نوپۇسىنىڭ سانى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلار نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا بولىدۇكى، جەمئىيەت تەرتىپى نىسپىي هالدا بىر قەدەر تىنچلانغان خانلىقتا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئولتۇراقلاشقان نوپۇس يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ساندىكىدىن كۆپ بولۇشى كېرەك، مۆلچەر بويىچە ئەينى ۋاقىتتا 400 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ جايلىشىشىمۇ ئاساسەن قەشقەر، يەكەن، خوتەن ئۈچ رايونغا مەركەزلەشكەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاقسۇ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق نوپۇسىمۇ ئاز بولماسلىقى كېرەك؛ كۆچمەن چارۋىچىلار ئاساسلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان ئوتلاقلار ۋە پامىر، كوئېنلۇن قاتارلىق تاغلىق جايلاردىكى ئوتلاقلارغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي - جۇغراپىيە شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، 30 مىڭ ئەتراپىدا نوپۇس ساقلاپ قېلىشقا، يەنى يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش گورىزونتال سىزىقتا بولۇشقا تېگىشلىك. يەكەن خانلىقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئومۇمەن ئالغاندا تەخمىنەن 500 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دۆلەت زېمىنىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى قىيىن ئىدى. يەكەن خانلىقىدىكى موغۇللارنىڭ ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئۆتۈشى، قوراللىق كۈچىنىڭ زەئىپلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ دۆلەت كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئارىلىشىشى ۋە بېسىپ كىرىشى بىلەن ئاخىر جۇڭغارىيە خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان.

## 2. قىسقىچە مەدەنىيەت ئەھۋالى

ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىمۇ ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. بۇ تارىخشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىككى جەھەتتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە، تارىخشۇناسلىق مىسلىسىز گۈللەندى، بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ «كىرىش سۆز. ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇش» دېگەن قىسمىدا توختالدۇق، بۇنىڭغا ئاساسلىقى مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات يازغان «تارىخى رەشىدى» بىلەن شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» نى مىسال قىلىش كۇپايە، بۇ يەردە قالغانلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرمايمىز، تۆۋەندە يەكەن خانلىقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مۇنداق دەيدۇ: سەئىدخان «شېئىرىيەتتە ئاز تېپىلىدىغان كامالەت ئىگىسى ئىدى، ئۇ مەجلىس ۋە مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا پىكىر قىلىپ ئولتۇرمايلا دەرھال نەزمە ئوقۇيتتى؛ ناۋادا ئۇنىڭ يېنىغا بىر نەزمىنامىنى ئېچىپ قويۇپ قويسا ھەمدە ئۇنىڭغا قاپىيە بەلگىلەپ بېرىلسە، ئۇ دەرھال شۇ سورۇندا ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ نەزمە ئوقۇيالايتتى.» مۇھەممەد ھەيدەر يەنە مۇنداق دەيدۇ: سەئىدخان نەزمىلىرىنى كۆپىنچە تۈركىي تىلىدا يازاتتى، «مەن ئۇنىڭ بىر قېتىملا پارسچە نەزمە يازغانلىقىنى بىلىمەن»[58]. شاھ مەھمۇد جوراسمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان «شېئىر - نەزمىگە ئۇستا ئىدى» دەيدۇ ھەمدە ئۇ «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»غا ئۇنىڭ مۇنۇ ئىككى كۇپلېت شېئىرىنى كىرگۈزگەن، ئۇنىڭ بىرى پارسچە يېزىلغان:

زۇلفۇم بىداد بەمەن لۇتفى ئىنايەت بەرەقبەست،
زىن سەبەب ئىن دىلى غەم دەر ئەلەمەست.
ئى رەشىدى چە كۇنەم جىلۋەچە سازەم ئەكنۇن،
بائەسى ئىن غەمۇ ئەندۇ ۋە ئەلەم ئىن سەنەمەست.

(زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك ماڭا، مۇلايىم ۋە ياخشىلىق رەقىبىگە،
ىلك ئۈچۈن بۇ غەمكىن دىلىم قاتتىق ئازابلانماقتا. ئەي رەشىدى،
اقمۇ ئۆزۈمنى كۆرسىتىمەن، نېمە قىلىــــمەن، ھازىر بۇ غەم -
ىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ سەنەم - مەھبۇبدۇر.)
يەنە بىرى تۈركچە يېزىلغان:

شەھسۇۋارىم ئەزمى مىدان قىلدى جەۋلانىن كۆرۈك،
گويى ئەيلەپ باشىڭىزنى زۇلپى چەۋگانىن كۆرۈك.
نى باقارسىز ئاشكارا جەبرىگە ئول شۇ خىنىڭ،
گۇشەئى چەشمىگە باقىڭ لۇتفى مېھمانىن كۆرۈك[59].

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يەنە بىر پارسچە شېئىرى، ئۈچ كۇپلېت
ۈركچە شېئىرى نامەلۇم ئاپتور يازغان «قەشقەر تارىخى»دا ساقلىنىپ
لغان [60].

ئەينى چاغدا ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بەزى ۋەكىللىرى شېئىــر
ىزىشقا خۇشتار ئىدى ھەمدە ئۇلار ئالاقە سورۇنلىرىدا ئۆز ھېسسىياتى ۋە
ۇددىئاسىنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادە قىلاتتى، شاھ مەھمۇد جوراس يازغان
«سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»دا بۇ خىلدىكى نۇرغۇن
شېئىرلار ساقلىنىپ قالغان، تۆۋەندە شاھ خوجىنىڭ شېئىرىدىن ئارىيە
ئالىمىز. ئاپتور ماۋرائۇننەھردىكى مەشھۇر زات - خوجا ئەھرارنىــڭ
ئەۋلادى بولۇپ، يەكەن خانلىقىدىكى ئابدۇلبېتىپ سۇلتاننىــڭ قەدىناس
دوستى ئىدى. ئابدۇلېتىپ سۇلتان قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ قوللىشىدا
تەختكە چىققاندىن كېيىن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىچكــى كۈرىشــى
تۇپەيلىدىن، شاھ خوجىنى بەدەخشانغا سۈرگۈن قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرى
مۇنداق:

بۇلبۇل قەپەستە ئەسىر، قاغىلار باغدا،
كېيىك ياقا - پۇچقاقتا، ئىتلار ھويلىدا.
سۇمۇرغ دېگەن قۇش غېرىب، سا ۋەتەندە،
مەن سەرگەردان، ياتلار يار ئالدىدا[61].

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىن شېئىر توپلىمى قالمىغان، پارچە - پۇرات

اقلىنىپ قالغانلىرىنىمۇ كېيىنكىلەر توپلام قىلمىغان، بۇ جەھەتتە ئانچە ۆپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى.

«12 مۇقام» نى رەتلەش ۋە بېكىتىش يەكەن خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت ەھەتتىكى ئەڭ زور نەتىجىسىدۇر. «مۇقام بىر خىل مەدەنىيەت ادىسىسىدۇر، ئۇ نوقۇل مۇزىكا سەنئىتى ئەمەس، بەلكى مۇزىكا، ۇسسۇل، ئەدەبىيات مۇجەسسەملەنگەن كلاسسىك مەدەنىيەتتۇر»[62]. ولداش جۇ چېڭباۋنىڭ بۇ قارىشى توغرا. مۇقام ھەقىقەتەن مۇزىكا، ۇسسۇل، شېئىر - قوشاق بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل مەدەنىيەت شەكلى، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان، ئىسلام ەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. XIX ئەسىردە يېزىلغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دا خاتىرىلىنىشىچە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خانىكىسى ئامانىساخان مۇزىكا ئۇستازى ئىكەن. ئۇ مۇزىكىغا ئۇستا بولۇپلا قالماي، نەپىس شېئىر - قوشاق يازغانىكەن. بۇ شائىرەنىڭ «دىۋان نەفىسى» ، «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق دىۋانلىرى، شېئىرىيەت، مۇزىكا ۋە ھۆسنخەت نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى «قەلب بايانى» ناملىق ئەسىرى بولغان[63]. بەزى ئالىملار ئامانىساخان «12 مۇقام » نىڭ رەتلىنىشىگە تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشقان، دەپ قارايدۇ.

12 مۇقام 12 چوڭ كۈيدىن تەركىب تاپقان. ھەربىر چوڭ كۈي يەنە ئۇششاق كۈيلەرگە بۆلۈنگەن. بۇ كۈيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇقام تېكىستى بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى، بەزىلىرىنى مۇقامچىلار ئىجاد قىلغان. مۇقام تېكىستلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىشق - مۇھەببەتنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلق ئاممىسىنىڭ زۇلمەتلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە بەخت - سائادەتكە بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مۇقام مۇقامچىلارنىڭ شاگىرتلىرىغا ئۆگىتىشى ئارقىلىق ساقلىنىپ كەلگەن. توي ئاخشىمى ئىككى - ئۈچ مۇقامچى بىرلىكتە مۇقام ئېيتىدۇ، دەسلەپتە مۇقامچىلاردىن بىرى ساتار چېلىپ مۇقام تۈۋلاپ باشلايدۇ، ئارقىدىن باشقىلارمۇ داپ چېلىپ ئۇنىڭغا جور بولۇپ توي قىلغان قىز - يىگىتكە بەخت تىلەيدۇ.

بىيت ـ ئايەملەردە مۇقامچىلار جەم بولۇپ بەزمە تۈزۈپ، دۇمباق، ناغرا ـ موناي، تۈرلۈك چالغۇلارنى چالىدۇ، ھەممەيلەن ناخشا ـ قوشاق توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپ، سورۇننى خۇشال ـ خۇراملىققا چۆمدۈرىدۇ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەكچان، ئەقىللىق، ئۈمىدۋار، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر ئالاھىدىلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ⑭.

## ئىزاھلار:

① تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 125 ـ بەت، RT، 301 ـ بەت.

② «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» 5 ـ توم، 171 ـ بەت، يەنە «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە» گە قاراڭ، لوجىپىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 222 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

③ چېن چېڭ، لى شيەن: «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»، «دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ يازما يادىكارلىقلار توپلىمى» نىڭ 1 ـ سانىغا كىرگۈزۈلگەن.

④ «كىراۋىخاۋنىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، رۇسچە تەرجىمە، 220 ـ بەت، پېتېربۇرگ، 1881 ـ يىل نەشرى، «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى»، 5 ـ توم، 171 ـ، 172 ـ بەتلەر.

⑤چېن يۈئېلىگىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «مىللەت لۇغىتى» نىڭ «ئايماق» ماددىسى، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، «جۇڭگو تارىخ لۇغىتى. لياۋ، شيا، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى تومى» ۋە «بېقىنىش » ماددىسى.

⑥«جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى، جۇڭگو تارىخى» : «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «چۆيشۆ» ماددىسى.

⑦«چىڭ گاۋزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 582 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ۋۇزى كۈنى.

⑧«غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 34 ـ جىلد (باج ـ سېلىق).

⑨چيەنلۇڭ «نوپۇس مەھكىمىسىنىڭ نىزاملىرى» 18 ـ جىلد، «يەر ئىجارىسى ۋە مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ يەر ئىجارىسى».

⑩ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى»، تۈزىتىلگەن نۇسخا، 83 ـ جىلد، «چىڭ گاۋزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 620 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ شىنيى كۈنى.

⑪ بۇرھان شەھىدى: «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە رۇسچە لۇغەت».

⑫ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل يېزىقى پاكۇلتېتى تۈزگەن: «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ـ لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

⑬ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 34 ـ جىلدتىكى «ئاشلىق بىرلىكى» نى ھېسابلاشقا دائىر بايانلارغا قاراڭ.

⑭ «چىڭ گاۋزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 593 جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ گېڭۋۇ كۈنى .

⑮ «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرلىرى» نىڭ داۋامى، 6 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ شىنشىن كۈنى

⑯ پاتمان — غەربىي يۇرتنىڭ ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پاتمان 573.44 كىلوگىرامغا توغرا كېلەتتى، يەنە بەزىلەر 1280 پوند دەيدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىر پاتماننى 4 تاغار 5 كۈرىگە باراۋەر دەپ بەلگىلىگەن، «چىڭ گاۋزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 593 ـ جىلدقا قاراڭ؛ كېيىن بىر پاتمان 5 تاغار 3 كۈرىگە باراۋەر دەپ بەلگىلىگەن، «چىڭ گاۋزۇڭ دەۋرانىغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 629 ـ جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ جىيى كۈنى.

⑰ «جىن سۇلالىسى تارىخى» 121 ـ جىلد، «نىكايخاننۇ تەرجىمىھالى».

⑱ ساكۇچى تورۇ: «شىنجاڭنىڭ XVIII ـ XIX ئەسىرلەردىكى جەمئىيەت تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 320 ـ بەت.

⑲ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 39 ـ جىلد، «ئۆرپ-ئادىتى».

⑳ «ئەنس ئەل تالىبىن» («ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ دوستى») كۆچۈرمە نۇسخا، 96 ـ بەت؛ خرونىكىدىن نەقىل ئېلىنغان، تەرجىمانىنىڭ 189 ـ بەتتىكى 157-ئىزاھى.

㉑ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 39-جىلدى «ئۆرپ-ئادىتى، مۇسۇلمانلار يۇرتى، ئۇلاغلىرى».

㉒ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 43 ـ جىلد، «يەرلىك مەھسۇلات، مۇسۇلمانلار يۇرتى، زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرى».

㉓ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332 ـ جىلد، «ئۇدۇن تەزكىرىسى».

㉔ «غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» دە: سەمەرقەنت «شەھەت ئەتراپىنى نەچچە ئون چاقىرىمغىچە باغ ـ ۋارانلار ئوراپ تۇرىدۇ، ھەممە ئائىلىلەردە باغ بار. باغلار كۆكۈلگە ئارامبەخش ئېتىدۇ، ئۆستەڭلەردە سۇ شارقىراپ، بۇلاق سۇلىرى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ، چاسا ۋە يۇملاق كۆللەر بار، ئارچا ـ سۆگەتلەر بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان، شاپتۇل ـ ئالۇچىلار رەت ـ رەت ئۆسكەن، ھەقىقەتەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ» دېيىلگەن. «راھىب چيۇچۇجىنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دىمۇ: «شەھەرنىڭ غەربى ئورمانلىق بولۇپ، يۈز نەچچە چاقىرىم يىراقلىققىچە تۇتاشقان، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ» دېيىلگەن.

㉕ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 43 ـ جىلد، «يەرلىك مەھسۇلات، مۇسۇلمانلار يۇرتى، زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار».

㉖ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 42 ـ جىلد، «كىيىم ـ كېچەك» 2 ـ، «مۇسۇلمانلار يۇرتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى».

㉗ يۈڭ گۈي: «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى» 4 ـ جىلد.

㉘ «مەرىپەتپەرۋەر قەيسەر ناھەزرەتنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى» 777 ـ جىلد، داۋگۇاڭنىڭ 8 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.

㉙ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 593 ـ جىلدى، چيەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ كېچۈۋ كۈنى.

㉚ شۇ جايدا ئاشلىقنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى بويىچە، بىر پاتمان 573.44 كىلوگرامغا باراۋەر كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىر پاتماننى 4 تاغار 5 كۈرىگە تەڭ دەپ بەلگىلىگەن. شۇڭا، بىر تاغارنىڭ ئېغىرلىقى 108.196 كىلوگرامغا باراۋەر كېلىدۇ.

㉛ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 218 ـ بەت.

㉜ «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 301 ـ بەت.

㉝ «بىنوئىت دېگويسىنىڭ قىتاندىكى زىيارەت خاتىرىسى»، جاڭ شىڭلياڭ:

«جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىنىدى، 2 ـ قىسىم، 496 ـ بەت، فۇرېن ئۇنىۋېرسىتېتى، 1930 ـ يىل نەشرى.

㉞ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن ئوچېرك»، 179ـ، 190 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

㉟ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 42 ـ جىلد، «كىيىم ـ كېچەك» 2ـ.

㊱ «بىنوئىت دېگوييسنىڭ خىتايكى زىيارەت خاتىرىسى»، جاڭ شىڭلياڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىنىدى، 2 ـ قىسىم، 404 ـ بەت.

㊲ «ھاجى مۇھەممەد بىلەن سۆھبەت»، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللا توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىنىدى، 2 ـ قىسىم، 404 ـ بەت.

㊳ «بىنوئىت دېگوييسنىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى»، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىنىدى، 2 ـ قىسىم، 501 ـ بەت.

㊴ «بىنوئىت دېگوييسنىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى»، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىنىدى، 2 ـ قىسىم، 508 ـ بەت.

㊵ «بىنوئىت دېگوييسنىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى»، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىنىدى، 2 ـ قىسىم، 504 ـ بەت.

㊶ شيانەن: «گۇيجۇ ئەپەندىنىڭ مەكتۇپلىرى» 12 ـ جىلد، «ئەل بولغان يات تائىپىلەرنى كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدە تەكلىپ».

㊷ ۋاڭ چيۇڭ: «يات قوۋملارغا ئىنئام ـ سوۋغات بېرىش ئىشلىرى».

㊸ «مىڭ شىنزوڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 273 ـ جىلد، ۋەنلىنىڭ 22 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ يىچيۇ كۈنى.

㊹ «مىڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى» ۋە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «بەش يىلدا بىر قېتىم ئولپان تاپشۇرۇش» دېيىلگەن، ئەمما پايتەختكە كېلىدىغانلارنىڭ ئادەم سانى

قۇمۇلدىن، مەسىلەن، ئۆزگەرتىلگەن، قىتىم كۆپ بەلگىلىمە توغرىسىدىكى
كېلىدىغانلارنىڭ سانى 300 كىشىدىن پەيدىنپەي 30 كىشىگە ئازايغان.

⑮ «بىنوئىت دېگوپىسنىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى» ، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىندى، 2 ـ قىسىم، 514 ـ بەت.

⑯ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرى» 170 ـ جىلد، «ئەمەلدارلار مەھكىمىسى» 65ـ جىلد، «ئولپان تاپشۇرۇش» 3 ـ.

⑰ «مىڭ شىنزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى» 310 ـ جىلد، ۋەنلىنىڭ 24 ـ يىل كەبىسە 8 ـ ئاينىڭ كۈيۈپي كۈنى ھەمدە شى ماۋخۇا: «شەنشى ۋالىيسىنىڭ خانغا يوللىغان نامىلىرى» 6 ـ جىلد، «يىراقتىكى تائىپىلەرنىڭ شاپائەتكە تەشەككۇر ئېيتىپ ئولپان تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى».

⑱ «مىڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى» 112 ـ جىلد، «ئەمەلدارلار مەھكىمىسى» 70ـجىلد، «ئىنئام بېرىش» 3 ـ.

⑲ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىن نەقىل ئېلىندى، 2 ـ قىسىم، 503 ـ بەت.

⑳ «بىنوئىت دېگوپىسنىڭ خىتايدىكى زىيارەت خاتىرىسى» ، «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ، 2 ـ قىسىم، 503 ـ بەتكە قاراڭ.

㉛ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم ، 356 ـ بەت؛ خرونىكا، 160 ـ، 177 ـ، 199 ـ بەتلەر.

㉜ خرونىكا، 161 ـ، 177 ـ بەتلەر.

㉝ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 220 ـ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە بەتلەر.

㉞ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 376 ـ بەت.

㉟ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 2 ـ قىسىم، 218 ـ بەت.

㊱ ھىجرىيە 1053 ـ يىلى (مىلادى 1643 — 1644 ـ يىلى) ئابدۇللاخان ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا خانلىقنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى، يەنى 40 مىڭ ئادەمنى توپلىغان،

خرونىكا، 219 ـ بەت.

⑰ چېن گاۋخۇا: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپانغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» ، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»غا بېسىلغان، 1983 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑱ «تارىخى رەشىدى» ، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخا، 1 ـ قىسىم، 362 ـ، 363 ـ بەتلەر.

⑲ خرونىكا، 156 ـ، 157 ـ بەتلەر.

⑳ خرونىكا، تەرجىمانىنىڭ 270 ـ بەتتىكى 63 ـ ئىزاھى.

㉑ خرونىكا، 199 ـ بەت.

㉒ جۇ چېڭباۋ: «مۇقام ۋە مىللىي مۇزىكا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ، 1989 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉓ موللا ئەسمەتۇللا مۆجىزى: «تارىخى مۇسىقيۇن» ، ياڭ جىنشياڭ تەرجىمىسى، «يىپەك يولىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى»گە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

㉔ «12 مۇقام» خېلى تولۇق تەتقىق قىلىندى، تەپسىلاتىنى «يىپەك يولىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى»دىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردىن كۆرۈڭ.

## شۇمچە ( I )

# شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى




(ئىزاھ) شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە تەختتە ئولتۇرغان بەگلىرى توغرىسىدىكى تەپسىلاتنى ئاكمۇشكىن يازغان «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ نەسەبنامىسى» (تۇغلۇق تۆمۈر شەجەرىسى)گە؛ ۋېي لياڭتاۋ يازغان «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى بىلەن يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە تەختتە ئولتۇرغان بەگلىرى» گە قاراڭ.

قوشۇمچە ( II )

# شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى

| № | ھۆكۈمران | تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى ھىجرىيە/مىلادى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| 1 | تۇغلۇق تۆمۈر | 63 — 1362/764 ~48 — 1347/748 | |
| 2 | ئىلياس خوجا | 65 — 1364/766 ~ 63 — 1362/764 | |
| | قەمرىدىن | 1389/791 ~ 65 — 1364/766 دىن بۇرۇن | دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى |
| 3 | خىزىرخوجا | 1403/~1389/791 . يىلدىن كېيىن ئەمەس | |
| 4 | شەمئى جاھان | 80 — 1407/810 ~ 1403/ | |
| 5 | مەھمۇد | 16 — 1415/818 ~ 08 — 1407/810 | |
| 6 | شىرمۇھەممەد | 16 — 1415/818 | |
| 7 | نەخشى جاھان | 1417/820 ~ 16 — 1415/818 | |
| 8 | ئۇۋەيس | 1432 ~1417/820 | |
| 9 | ئېسەن بۇقا | 62 — 1461/866 ~ 1432/ | |
| 10 | دوست مۇھەممەد | 69 — 1468/873 ~ 62 — 1461/866 | |
| | كۆپەك | 1479 ~ 69 — 1468/873 | تۇرپاندىلا ھۆكۈمرانلىق قىلغان |
| 11 | يۇنۇس | 1487/892 ~ 69 — 1468/873 | |
| 12 | مەھمۇد | 09 — 1508/914 ~ 1487/892 | |
| | ئەھمەد | 1504/909~ 1487/892دىن بۇرۇن 4151 . يىلدىن كېيىن | خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان خانلىقنىڭ |
| 13 | مەنسۇر | 907/1501 ~ 02 — 950/1543 | شەرقىي قىسمىدىلا ھۆكۈمرانلىق قىلغان |
| 14 | شاھ | 1565/ ~ 1543/950 | |
| 15 | مەسئۇد | 1570 ~ 1565/ | |

# قوشۇمچە ( Ⅲ )

## يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى



# قوشۇمچە ( IV )

## يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى

| № | ھۆكۈمران | تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى ھىجرىيە/مىلادى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| 1 | سۇلتان سەئىدخان | 1514/920 ~ 1533/940 | |
| 2 | سۇلتان ئابدۇرەشىدخان | 1533/940 ~ 1559/967 - 60 | |
| 3 | ئابدۇكېرىم | 1559/967 - 60 ~ 1591/1000 - 92 | |
| 4 | مۇھەممەد | 1591/1000 - 92 ~ 1609/1018 - 10 | |
| 5 | ئەھمەد | 1609/1018 - 10 تەخمىنەن ~ 1618/1028 - 19 | |
| 6 | ئابدۇلېتىپ | تەخمىنەن 1618/1028 —19 ~ تەخمىنەن 1630/1040 — 13 | |
| 7 | سۇلتان ئەھمەد | تەخمىنەن 1630 ~/1040 — 31 ~ 1635/1042 — 33 | |
| 8 | سۇلتان مەھمۇد | 1632/1042 — 33 ~ 1635/1045 — 36 | |
| | سۇلتان ئەھمەد | 1635/1045 — 36 ~ 1638/1048 — 39 | قايتا تەختكە چىققان |
| 9 | ئابدۇللا | 1638/1048 — 39 ~ 1667/1078 | |
| 10 | يولۋاس | 1667/1078 ~ 1670/1080 | |
| 11 | ئابدۇلېتىپ | 1670/1080 | |
| 12 | ئىسمائىل | 1670/1080 ~ 1680/1091 | |

# قوشۇمچە (V)

## چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

### (1)

1347 — 1348 ـ يىلى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بولاجى تۇغلۇق تۆمۈرنى تەختكە چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى قۇرۇلدى.

1353 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنىنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن 160 مىڭ كىشى ئىسلام دىنىغا كىردى.

1362 — 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. ئوغلى ئىلياس خوجا تەخت ۋارىسى بولدى.

1365 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئىلياس خوجا «ساسلىق ئۇرۇشى»دا غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن سەمەرقەنتنى قورشىۋالدى ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى.

1365 ـ يىل دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى قەمەرىدىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، خانلىق ئىچىدە ئۇزلۇكسىز ئۇرۇش يۈز بېرىپ، ماۋرائۇننەھردىكى بارلاس قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى تۆمۈر شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كۆپ قېتىم بېسىپ كىردى.

1389 ـ يىلى قەمەرىدىن «ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى» ، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى خۇدايدات ئەمىر تۆمۈرنى خان قىلىپ تىكلەپ، ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتتى.

1403 ـ يىلى خىزىر خوجا ۋاپات بولۇپ، چوڭ ئوغلى شەمئىي جاھان تەخت ۋارىسى بولدى، شەمئىي جاھان تەختتىكى ۋاقتىدا مىڭ سۇلالىسىگە كۆپ قېتىم «ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى» .

1407 ـ يىلى شەمئىي جاھان ئۆلۈپ ، ئىنىسى مۇھەممەد ۋەلىئەھد بولدى.

مۇھەممەدخان تەختتىكى ۋاقتىدا مەجبۇرىي ۋاستىلەر بىلەن ئىسلام دىنىنى يولغا قويدى.

1414 — 1415 - يىلى مىڭ سۇلالىسى ‍‍چېن چىڭ قاتارلىقلارنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئۇنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر خاتىرىسى» ۋە «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرلىرى بار.

1415 - يىلى مۇھەممەدخان ۋاپات بولدى، ئوغلى شىرمۇھەممەد تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئۇمۇ تېزلا غۇلاپ چۈشتى. خۇدايدات شەمئىي جاھاننىڭ ئوغلى نەخشى جاھاننى قايتىدىن خان قىلىپ تىكلىدى.

1417 - يىلى خىزىر خوجىنىڭ نەۋرىسى، شىرئەلىنىڭ ئوغلى ئۇۋەيس نەخشى جاھاننى قەتل قىلدى. خۇدايدات ئۇۋەيسنى خان قىلىپ تىكلىدى.

ئۇۋەيسخان تەختتىكى ۋاقتىدا ئويراتلار موغۇلستاننىڭ شەرقىي قىسمىنى بېسىۋالدى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى پايتەختىنى بېشبالىقتىن ئىلبالىققا كۆچۈردى.

خۇدايداتنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشتى، ئۇ ئامالسىزلىقتىن ھەج - تاۋاپ قىلغىلى بېرىپ، مەككىدە قازا قىلدى.

1432 - يىلى ئۇۋەيسخان ۋاپات بولدى، كىچىك ئوغلى ئېسەن بۇقا تەخت ۋارىسى بولدى.

1462 - يىلى ئېسەن بۇقاخان ئۆلدى، ئوغلى دوست مۇھەممەد تەخت ۋارىسى بولدى.

دوست مۇھەممەدخان تەختتىكى ۋاقتىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى:

غەربىي، ئوتتۇرا قىسىملىرىغا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى ئابابەكرى ھۆكۈمران بولدى، ئۇ پەقەت ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالىدى.

1468 — 1469 - دوست مۇھەممەدخان ئۆلدى، كىچىك ئوغلى كۆبەك سۇلتان تەخت ۋارىسى بولدى؛ يۇنۇس پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاقسۇنى بېسىۋالدى، كۆبەك سۇلتان تۇرپان رايونىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالىدى.

1487 - يىلى يۇنۇسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى مەھمۇد نامدا پۈتكۈل خانلىققا خان بولدى، لېكىن ئۇ خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىغىلا ھۆكۈمرانلىق

تىلالىدى؛ ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەدخان ئاقسۇنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تۇرپاننى مەركەز قىلدى. ئەھمەدخان تەختتىكى ۋاقتىدا ئويراتلارنى ئىككى نۆۋەت مەغلۇپ قىلدى، مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش - كېلىشىم قىلىپ، قۇمۇل رايونىنى مۇستەھكەم كونترول قىلىپ تۇردى.

1501 ـ 1502 - يىلى ئەھمەدخان ئىككى ئوغلى ـ سەئىد سۇلتان بىلەن باباچاق سۇلتاننى باشلاپ ئاكىسى مەھمۇدخاننىڭ ئۆزبېك خانى شەيبانىخانغا زەربە بېرىشىگە ياردەم بەردى، ئوغلى مەنسۇر سۇلتاننى خانلىقنى نازارەت قىلىشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى، ئەھمەدخان ئاقسۇغا چېكىنىپ، 1504 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلدى.

1508 - يىلى مەھمۇدخان سەئىد سۇلتان بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان كۈرەشتە مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەھمۇدخان شەيبانىخانغا يېقىنغاندا قەتل قىلىندى.

مەنسۇرخان پۈتۈن خانلىققا خان بولدى.

**(2)**

1508 - يىلى سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخاندىن مەغلۇپ بولۇپ، پەرغانە رايونىغا كىرگەندە ئەسىرگە چۈشۈپ قويۇپ بېرىلدى؛ ئۇ يەنە كابۇلغا بېرىپ، ئىمپېراتور بابۇر شاھنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتى.

1510 - يىلى شەيبانىخان مەرۋىدە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆلۈپ كەتتى، دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى سەئىد مۇھەممەد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پەرغانە رايونىنى بېسىۋالدى ھەمدە ئىمپېراتور بابۇردىن ياردەم تىلىدى.

ئىمپېراتور بابۇر سۇلتان سەئىدخاننى ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان موغۇل ئەمىرلىرىنى باشلاپ ئەنجانغا بېرىشقا ئەۋەتتى، سۇلتان سەئىدخان پەرغانە رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، سەئىد مۇھەممەد ئۇلۇس بېگى بولدى.

1511 - يىلى ئۆزبېكلەر پەرغانە رايونىغا ھۇجۇم قىلدى؛ قەشقەر ھۆكۈمرانى ئابابەكرى دوغلات ئەنجانغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى؛ ئۆزبېكلەر

قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى.

1513 - يىلى سۇلتان سەئىدخان قازاقلارنىڭ خانى قاسىمخان بىلەن كۆرۈشتى.

1514 - يىلى ئەتىيازدا ئۆزبېكلەر پەرغانە رايونىغا زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلدى، سۇلتان سەئىدخان قىسمىنى باشلاپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن چېكىنىپ، قەشقەر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى.

1514 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سۇلتان سەئىدخان يەكەندە خانلىق تەختكە چىقىپ، يەكەن خانلىقىنى قۇردى.

1516 - يىلى ئەتىياز سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشتى ھەمدە مەنسۇرخاننى چوڭ خان دەپ ئېتىراپ قىلدى.

1516 - يىلى ياز سۇلتان سەئىدخان قوشۇن باشلاپ پەرغانە رايونىغا يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى.

1517 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى سېرىق ئۇيغۇرلارغا قارشى «غازات» قىلدى.

1517 - يىلى كۈز سۇلتان سەئىدخان قوشۇن باشلاپ، قىرغىزلارغا قارىتا جازا يۈرۈشى قىلدى.

1518 - يىلى ياز سۇلتان سەئىدخان قوشۇن باشلاپ بەدەخشانغا كىرىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى چېگرىسىنى بېكىتتى.

1520 - يىلى ياز سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتى.

يەكەن خانلىقىدا ھاللىق ۋەزىيەت شەكىللەندى.

1522 - يىلى سۇلتان سەئىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىد سۇلتاننى قوشۇن باشلاپ موغۇلىستانغا كىرىشكە ئەۋەتتى.

1526 - يىلى قازاقلار موغۇلىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىرىپ، قىرغىزلار بىلەن بىرلەشتى. سۇلتان سەئىدخان قوشۇنلىرىنى قەشقەرگە چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى، ئۇ موغۇلىستاننى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولدى. سۇلتان سەئىدخان جىيەنى باباچاق سۇلتاننى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى.

1527 - يىلى سۇلتان سەئىدخان مەھمۇدخاننىڭ نەۋرىسى شاھ مۇھەممەد سۇلتاننى

قارا تېكىنغا سۈرگۈن قىلدى، شاھ مۇھەممەد سۇلتان يول ئۈستىدە قەتل قىلىندى.
سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرەشىد سۇلتاننى قوشۇن باشلاپ بولورغا «غازات» قىلىشقا ئەۋەتتى.
1529 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ئىككىنچى قېتىم قوشۇن باشلاپ، بەدەخشانغا كىردى، ئىمپېراتور بابۇر ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.
1530 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ئىنىسى ئامان خوجا سۇلتاننى ۋە باشقا خان جەمەتى ئەزالىرىنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى.
1532 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان قوشۇن باشلاپ، ئۇرساڭغا «غازات» قىلدى.
1533 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتنى قوشۇن باشلاپ لىخاساغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات ئوتتۇرا يولدا قوشۇننى چېكىندۈردى.
سۇلتان سەئىدخان لاداقتىن يەكەنگە قايتىش سەپىرىدە ئېگىز تاغ كېسىلى بىلەن ئۆلدى.
1533 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئابدۇرەشىد سۇلتان خانلىق تەختكە چىقىپ، دەرھال دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىنىڭ كۈچىنى يوقاتتى، سەئىد مۇھەممەدنى قەتل قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى.
مۇھەممەد ھەيدەر ھىندىستانغا كەتتى، كېيىن كەشمىرنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى، 1541 ـ 1547 ـ يىللىرى «تارىخى رەشىدى»نى يېزىپ چىقتى.
1533 ـ 1536 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەنسۇرخاننىڭ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى، يەكەن خانلىقى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن تامامەن بۆلۈندى.
1537 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشىپ قازاقلارنى مەغلۇپ قىلدى، يەكەن خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى موغۇلىستانغا كېڭەيدى.
1543 ـ يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى مەنسۇرخان كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى، ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن خانلىق ئورنىدىن چېكىنگەن بولۇپ، ئوغلى شاھ سۇلتان ۋەلىئەھد بولغانىدى.
1559 ـ 1560 ـ يىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالەمدىن ئۆتتى، 2 ـ ئوغلى ئابدۇكېرىم سۇلتان ۋەلىئەھد بولدى.

1565 ـ يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى شاھخان ئويراتلارغا قىلغان «غازات ئۇرۇشى»دا ئۆلدى، تاغىسىنىڭ ئىنىسى مەسئۇد سۇلتان تەخت ۋارىسى بولدى.

1570 ـ يىلى يەكەن خانلىقى قوشۇن چىقىرىپ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالدى، مۇھەممەد سۇلتان تۇرپاننىڭ نائىبلىقىغا تەيىنلەندى.

1570 ـ 1580 ـ يىللار ئارىلىقىدا ماۋرائۇننەھر رايونىدىن نەقشىبەندىيە مەزھىپىدىكى قارا تاغلىق خوجىلاردىن ئىسھاق يەكەن خانلىقىغا دىن تارقىتىشقا كەلدى، كېيىن ماۋرائۇننەھرگە قايتىپ كەتتى.

1580 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەن نائىبى قۇرەيش ئىسيان كۆتۈردى.

1583 ـ يىلى قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتان تۇرپاننى ئىگىلىدى ھەمدە مىڭ سۇلالىسىگە تارتۇق يوللىدى.

1580 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئابدۇكېرىمخان قۇرەيشنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىپ، ئۇنى ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلدى.

1591 ـ 1592 ـ يىلدا ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان تەخت ۋارىسى بولدى.

1594 ـ 1595 ـ يىلى ئۆزبېكلەر 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ يەكەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، يەكەن شەھىرىگە بېسىپ كىردى، ئۇلار دەككىسىنى يەپ قوشۇن چېكىندۇردى.

1595 ـ 1596 ـ يىلى مۇھەممەدخان ئىنىسى ئابدۇرېھىمنى خۇدابەندىنىڭ ئورنىغا تۇرپان نائىبلىقىغا تەيىنلىدى.

1596 ـ يىلى قاراتاغلىق خوجىلاردىن ئىسھاق گۆدەك ئوغلى مەھمۇد يەھيا (شادى خوجا)نى يەكەن خانلىقىغا ئەۋەتتى، مۇھەممەدخان ئۇنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى، قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ ئورنى تىكلەندى.

1609 ـ 1610 ـ يىلى مۇھەممەدخان ۋاپات بولدى، ئوغلى ئەھمەد سۇلتان تەخت ۋارىسى بولدى. مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەكەن خانلىقى راسا قۇدرەت تاپتى.

قىرغىزلار ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، مەغلۇپ قىلىندى.

تۇرپان نائىبى ئابدۇرېھىم سۇلتان قوشۇن چىقىرىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىن ئابدۇرېھىم سۇلتانمۇ ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، مەركەز قوشۇنى بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلدى.

1614 ـ 1615 ـ يىلى شەرەفىدىن سۇلتان قەشقەردە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان

دى، ئۇزاق قالماي ئۇنىڭ ئىسيانى تىنچىتىلدى. ئەھمەدخان قوشۇن باشلاپ بېرىپ دۇرھىم سۇلتاننى مەغلۇپ قىلدى.

1616 - يىلى (؟) ئاقسۇ نائىبى ئىسكەندەر سۇلتان توپىلاڭ كۆتۈردى، ئەھمەدخان شۇن باشلاپ بېرىپ توپىلاڭنى تىنچىتتى.

1618 - 1619 - يىلى ئەھمەدخان شىكارغا چىققاندا توپىلاڭچى ئەمىرلەر تەرىپىدىن لتۈرۈلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە موغۇللارنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى - چوڭى خان بولۇش» ئەنئەنىسىگە خىلاپلىق قىلىنغاچقا، خان جەمەتىنىڭ ئىچكى سىمىدىكى كۈرەش بېسىقمىدى، خانلىق زەئىپلەشتى. توپىلاڭچى قوشۇنلار قۇرەيش سۇلتاننى تەختكە چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەردىكى قوشۇن ئابدۇلېتىپ سۇلتاننى ان قىلدى. كۈرەش ئارقىلىق ئابدۇلېتىپ غەلىبە قازاندى.

1620 - يىللاردا ئابدۇلېتىپخان بىلەن تۇرپان نائىبى ئابدۇرھىم سۇلتان ۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇردى ھەمدە ئۇلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى.

ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلاردىن مەھمۇد يۇسۇپ قەشقەرگە كېلىپ دىن تارقاتتى. ئۇ 30 - يىللاردا قەشقەردە ماكانلاشتى.

1630 - 1631 - يىلى ئابدۇلېتىپخان ئالەمدىن ئۆتتى، جىيەنى سۇلتان ئەھمەد تەخت ۋارىسى بولدى.

1631 - 1632 - يىلى قەشقەر نائىبى سۇلتان مەھمۇد قىرغىزلارنىڭ ياردىمىدە يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالماي قوشۇننى چېكىندۈردى.

1632 - 1633 - يىلى سۇلتان مەھمۇد يەنە ئەسكەر چىقىرىپ يەكەننى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى؛ ئۇنىڭ ئاكىسى سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇغا قاچتى.

1634 - 1635 - يىلى يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۆكۈمران ئابدۇرھىم سۇلتان ئالەمدىن ئۆتتى؛ چوڭ ئوغلى ئابدۇللا تەخت ۋارىسى بولدى ۋە قوشۇن چىقىرىپ ئاقسۇنى ئىگىلىدى. سۇلتان ئەھمەد يەكەنگە قاچتى.

1635 - 1636 - يىلى سۇلتان مەھمۇدخان قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى شادى خوجا تەرىپىدىن قىستىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، سۇلتان ئەھمەد قايتا تەختكە چىقتى.

1638 - 1639 - يىلى قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى شادى خوجا تىغ ئۇچىنى ئابدۇللاخانغا قاراتتى؛ سۇلتان مەھمۇدخان قازاقلاردىن ئىمامقۇلىخانغا بېقىندى، ئۇزاق ئۆتمەي ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا ئۆلدى. ئابدۇللاخان يەكەنگە كىرىپ، پۈتكۈل خانلىقنىڭ خاقانى (چوڭ خانى) بولدى.

ئويراتلار يەكەن خانلىقى زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ خوتەنگىچە بېسىپ كىرگەندە، زەربە يەپ چېكىندى.

1639 - 1640 - يىلى ئويراتلار ئاقسۇغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، دەككىسىنى يېدى.

1640 ـ 1641 ـ يىلى ئابدۇللاخان قوشۇن باشلاپ بولور بىلەن بەدەخشانغا جازا يۈرۈشى قىلدى.

ئابدۇللاخان قوشۇن باشلاپ پەرغانىگە يۈرۈش قىلغاندا، قىرغىزلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ ئەسكەر چېكىندۈردى.

1641 ـ 1642 ـ يىلى ئابدۇللاخان قوشۇن باشلاپ قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، «ئاقساي يۈرۈشى» نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

1643 ـ 1644 ـ يىلى قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى شادى خوجا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئابدۇللاخان پەرغانىگە يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى، ئەنجاننى ئىشغال قىلالماي قوشۇن چېكىندۈردى.

1644 ـ يىلى چىڭ (مانجۇ) قوشۇنى شەنخەيگۇەندىن ئۆتۈپ ئىچكىرىگە بېسىپ كىردى، چىڭ سۇلالىسى پايتەختىنى بېيجىڭغا يۆتكىدى.

1646ـيىلى يەكەن خانلىقىنىڭ تۇرپاندىكى نائىبى ئەبۇل مۇھەممەدخان چىڭ سۇلالىسىگە «ئولپان يوللىدى ھەمدە ئولپاننىڭ نىسبىتىنى بەلگىلەپ بېرىشنى ئۆتۈندى.»

1650 ـ يىلى بەزى ئەمىرلەر قەشقەر نائىبى يولۋاس سۇلتاننى خان دەپ ئېلان قىلدى، ئابدۇللاخان ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ توپىلىڭىنى جىمىقتۇردى، توپىلاڭچى ئەمىرلەر ھىندىستانغا سۈرگۈن قىلىندى، موغۇللارنىڭ قەبىلە ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلىدى، قىرغىزلار خانلىقتىكى ھەربىي كۈچلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

1655 ـ يىلى ئابدۇللاخان چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا بىۋاسىتە ئەلچى، ئەمەلدار ئەۋەتتى، ئۇلار 2 ـ يىلى بېيجىڭغا باردى.

1655 ـ 1656 ـ يىلى ئويرات قوشۇنى يەكەن خانلىقى زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ كېرىيىگىچە بېسىپ كىردى. ئويراتلار يەكەن خانلىقىدىكى خاقان (چوڭ خان) غا قارشى كۈچلەرگە پائال يار ـ يۆلەكتە بولدى.

1667 ـ 1668 ـ يىلى يولۋاسخان ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلارنىڭ قوللىشىدا ئويرات زېمىنىدىن قەشقەرگە قايتتى؛ ئابدۇللاخان تەختىدىن ۋاز كېچىپ ھەج قىلىشقا مەككىگە كەتتى، كېيىن چەتئەلدە ئۆلدى؛ يولۋاسخان يەكەنگە كېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى؛ قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ تالىپلىرى ئاقسۇدىكى ئىسمائىلخانغا بېقىندى.

يولۋاسخاننىڭ ئاقسۇغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنى مەغلۇپ بولغان.

1668 ـ 1669 ـ يىلى يولۋاسخان ئويراتلاردىن زەڭگىنىڭ قوللىشىدا ئاقسۇغا يەنە بىر قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى؛ زەڭگىنىڭ سىياسىي رەقىبى ئېلدان تەيشى قوشۇن چىقىرىپ ئىسمائىلخاننى قوللىدى. زەڭگى غەلىبە قىلىپ قەشقەرنى كونترول قىلدى ھەمدە يەكەندە تۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتتى.

1670 ـ يىلى ئويراتلارنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ سەردارى ئەركابەگ

اسخاننى ئۆلتۈردى؛ ئىسمائىلخان قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلار بىلەن ئويرات
شۇنىڭ قوللىشىدا يەكەنگە كىرىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى.

1670 - يىللاردا شاھ مەھمۇد جوراس يەكەن خانلىقى تارىخىغا دائىر «سەئىدىيە
ندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىنى يازدى. ئاقتاغلىقلار
ھىپىدىكى ئاپاق خوجا يەكەن خانلىقىدىن قاچتى، ئۇ دالاي لامادىن جۇڭغارلارنىڭ
تەيجىسى غالداننىڭ قوللىشىنى ئۆتۈندى.

1679 - يىلى جۇڭغارىيە خانلىقى يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى
يونلىرىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالدى.

1780 - يىلى جۇڭغارىيە خانلىقى يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى
ىمىنلىرىنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالدى، يەكەننى ئىشغال قىلىپ، ئىسمائىلخان ۋە خان
ەمەت ئەزالىرىنى تۇتۇپ ئىلىغا ئاپىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقى مۇتەررز
ولدى.

## (3)

1680 - يىلى جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ خانى غالدان باباچاقنىڭ چوڭ ئوغلى
ئابدۇرەشىد سۇلتاننى خان قىلدى.

1681 - يىلى (؟) سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئاپاق
خوجا زىتلىشىپ قالدى، يەكەن خانلىقىدا غەلىيان تۇغۇلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان
باشقا جايغا كەتتى، كېيىن غالدان ئۇنى تەقىب ئاستىغا ئالدى. باباچاقنىڭ 2 - ئوغلى
مۇھەممەد ئىمىن سۇلتاننى خان دەپ ئېلان قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەلچى ئەۋەتىپ
چىڭ سۇلالىسىگە ئولپان يوللىدى.

1686 - يىلى مۇھەممەد ئىمىنخان ئەلچى ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسىگە يەنە بىر قېتىم
ئولپان يوللىدى.

1692 - يىلى (؟) مۇھەممەد ئىمىنخان جۇڭغارلارنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشنى
پىلانلىدى، ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئاپاق خوجا توپىلاڭ قوزغىدى، مۇھەممەد
ئىمىنخان ئۆلتۈرۈلدى. ئاپاق خوجا ئوغلى يەھيا خوجىنى خان دەپ ئېلان قىلدى.

1694 - يىلى (؟) جۇڭغارلار يەھيانى ئۆلتۈردى. يەكەن ۋە تۇرپاندىكى بەگلەر
باباچاقنىڭ 3 - ئوغلى مەھمۇد مۆمىننى خان دەپ ئېلان قىلدى؛ قەشقەر بەگلىرى بولسا
سۇلتان مەھمۇدنى خان دەپ ئېلان قىلدى.

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردىكى مەھمۇدخان قىرغىزلارنىڭ ياردىمىدە يەكەننى
ئىگىلەپ، مەھمۇد مۆمىننى ئەسىر ئالدى. جۇڭغار خانلىقى ئەسكەر چىقىرىپ
مەھمۇدخاننى يوقاتتى، مىرزا ئالىم شاھبەگنى يەكەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىدى،
شۇنىڭ بىلەن خان دېگەن نام يوقالدى.

بۇ كىتاب خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1994 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1994 - يىل 5 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据黑龙江教育出版社1994年5月第1版1994年5月第1次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى، ئىلياس رەھمى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ھەببۇللا

**يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان**

ئاپتورى: ۋېي لياڭتاۋ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 1/32
باسما تاۋىقى: 10 قىستۇرما تاۋىقى: 3
1999 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN7 — 228 — 04853 — 9/K · 634
باھاسى: 12.50 يۈەن

责任编辑：魏　力　伊力亚斯
封面设计：艾比布拉

叶尔羌汗国史纲(维吾尔文)
魏良弢　著
阿布来提·努尔丁译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码：830001)
新疆新华书店发行　新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　10印张　3插页
1999年1月第1版　1999年1月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN7—228—04853—9/K·634　定价：12.50元